
ئەركىن روزى

# ئۆيدە كىشىلەرنىڭمۇ ھەققى بار


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



سۇسىز ۋەيران بولغان توغراقلار ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر



يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ ئېچىلىۋاتقان «بوز يەر»



ئەمدى بۇزۇش نۆۋىتى ئاۋۇ توغراقلارغا كەلدى



بۇ يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋەيران قىلىنىپ بوز يەر ئورنىدا
ئېچىلغاندى، كېيىن سۇ بولمىغاچقا تاشلىنىپ كەتتى



تېتىما كۆلى قۇرۇپ شورلۇققا ئايلاندى




دەريانى توسۇپ بەرپا قىلىنغان «داشخەيزى» سۇ ئامبىرى
قۇم ئامبىرىغا ئايلىناي دەپ قالدى




تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى مۇشۇنچىلىكلا قالدى




تارىم دەرياسىدىن «بوز يەر» لەرگە سۇ تارتىۋاتقان خوجايىنلار



بۇمۇ تەبىئەتنىڭ جازاسى بولسا كېرەك




سۇسىز قاغجىرىغان تۇپراق



قۇمغا كۆمۈلگەن يوللار



بۇ خارابىلاردىكى كىشىلەر تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ
كۆچۈپ كەتتى




بىر چاغلاردا بۇ يەر ئەسلى دەريا ئېقىنى ئىدى




بۇ سېسىق سۇلار باغراش كۆلىگە قويۇپ بېرىلىدۇ




قەغەز زاۋۇتىنىڭ سېسىق سۇلىرىمۇ باغراشنى بۇلغىماقتا



قاناس كۆلىگە قانۇنسىز سېلىنغۇانقان ئۆيلەر



قارا قوللار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئورمانلارغا سوزۇلماقتا



ئۆرۈمچىلىكلەر مۇشۇ ئىس - تۈتەكلەرنى شۈمۈرۈپ ياشايدۇ

# مۇندەرىجە

## بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار

مۇقەددىمە ........................................ (1)
زاماندىشلار سەمىگە ................................ (14)
قەدىمكى خارابىلەرنى كۆرۈپ ياش تۆكمەڭ ......... (18)
بىزگە مىراس قالغان بۇ زېمىن ...................... (23)
كىروەن خىيالىرى ...................................... (29)
كېسىلىۋاتقان تومۇرلار ................................ (36)
توغراقلار نېمە دەيدۇ؟ ................................ (43)
«يېشىللىق بىزگە قالسۇن» ........................... (53)
بىز سۇنى تاشلىۋەتتۇق ................................. (63)
باھاردىكى غېرىپلىق ................................... (75)
كۆللەر بىزنىڭ تومۇرلىرىمىزغا ئۇلاقلىق ....... (85)
قۇم باسقان زېمىن، ئېقىپ كېتىۋاتقان تۇپراق ...... (91)
سىرلىق ئارال ھېكايىسى ............................. (96)
دۇنيادا پەقەت بىرلا تارىم بار ..................... (100)
خاتىمە ..................................................... (108)

## كۆز تەگكەن ماكان

مۇقەددىمە ........................................ (113)
ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە ... (116)

يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان زەھەر دۆلەتلىرى ...... (118)
جەننەت بىلەن دوزاق ئارىلىقىدا ياشاۋاتقانلار ...... (122)
ھاقارەتلىك تارىخنىڭ داۋامى بارمۇ؟ ........... (133)
قورقۇنچلۇق زەھەر مەنبەلىرى ............... (141)
ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى «قارا ئۈچ بۇرجەك» ... (142)
«ئاق ئۈچ بۇرجەك» نىڭ سىرى ............... (143)
ئاي شارىنى كۆزلىگەن «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ... (145)
«ئالتۇن ھىلال ئاي» نېمە دەيدۇ؟ ........... (148)
كۆز تەگكەن ماكان ........................... (151)
شور بۇلاقتا تۆكۈلگەن ياشلار................... (153)
ھېسسىيات قۇربانلىرى ........................ (167)
«بالامنى ئېلىپ كېتىمەن» .................... (174)
شور بۇلاقتا يەكشەنبە ........................... (178)
بەش ئوغۇلنىڭ ئانىسى ........................ (183)
كۆز تەگكەن ئۈچ «مەلىكە» ................... (188)
«بەڭگى» بوۋاق ................................ (193)
ئەرلىرىمىزنىڭ غورۇرى نەگە كەتتى؟ ......... (196)
ئاياللىرىمىز لاتاپەتلىك ئىدىغۇ؟ .............. (209)
«بۇ ساڭا ئەڭ ياخشى پۇرسەت» ............... (215)
مۇساپىر قاتىللار ............................. (220)
زەھەرنىڭ گۇمران قىلىش كۈچى .............. (224)
ئالىم «خىڭتېر» ............................. (241)
خاتىمە ....................................... (256)

# بۇيەردەكېيىنكىلەرنىڭمۇ
# ھەققى بار

# مۇقەددىمە

*يەر شارى — ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى، بىراق ئۇ ئىنسانلارغىلا تەۋە ئەمەس.*

*يەر شارىدا يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز «بۆشۈك» لىرىدە ھەم ئادەملەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇۋاتقىنىغا ھەيرانمەن.*

*خاتىرە دەپتىرىمدىن*

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى... قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار بىزنىڭ كىتابدانلىرىمىزغا تېخى تىزىلغىنى يوق. ھەتتا، دۇنيا نوپۇسىنىڭ %22 نى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگودىمۇ بۇنداق كىتابلارنىڭ چەت ئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغانلىرى 20 خىلدىن ئاشمايدۇ. بۇ بىر ئېچىنىشلىق ئەۋال.

ئىنسانلار يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تېزلەشتى؛ ۋەيران قىلىنغان ئورمانلار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆلىمى كېمەيدى؛ ھايۋاناتلارنىڭ تۈرلىرى كۈنسايىن ئازايدى؛ چۆللۈكلەر كۆپەيدى؛ بۇنىڭ بىلەن سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى

ئېغىرلاشتى. بۇ ھال ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ خارابىلىشىشىغا سەۋەبچى بولدى. قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى، بابىلون مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى غەرب مەدەنىيىتى قاتارلىقلار پەيدا بولغان جايىدىلا يەنى ئاشۇ قەدىمكى دەريا ۋادىلىرىنىڭ خارابىلىشىشى بىلەن تەڭلا خارابىلاشتى. گەرچە مىلادىدىن بۇرۇنقى 18 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «مامموراپى قانۇن دەستۇرى» دا شەھەردىكى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن موزدۇزلارنىڭ شەھەر رايونىغا كىرىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ ھەمدە باشقا تۈرلۈك ئەمىر ـ پەرمانلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىنسانلار مۇھىت مەسىلىسىدە يەنىلا كېچىكىپ ئويغاندى.

دۇنيا جامائەتچىلىكى سانائەت ئىنقىلابىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ، بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىغاندا، جۇڭگولۇقلار «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەندەك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەلەكچىلىكىدە «سىنىپي كۈرەش تۇتقا، تۇتقا تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ» ، «كونىنى بۇزمىغىچە، يېڭىنى تىكلىگىلى بولمايدۇ» دېگەننى ئۇنلۇك يادلاپ يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق بۆشۈكى بولغان يەر شارىنى قوغداش ھەققىدىكى چۇقانلىرى، يىراق سادالىرى يىراق تاغ، دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېپىق دەرۋازىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىپ كەلدى. 1970 ـ يىل 4-ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكىلىقلار مەملىكەت بويىچە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 1500 گە يېقىن ئالىي مەكتەپ ۋە 1000 دىن ئارتۇق

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ھەر ساھەدىن بولۇپ 30 مىليوندىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان «مۇھىت ھەرىكىتى» نى ئېلىپ باردى. بۇ دۇنيا مۇھىت قوغداش دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. 1972 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا مۇھىت يىغىنىغا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تۇنجى قېتىم تاپشۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا بەزىلەر ھېچ ئىككىلەنمەي: «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس» دېيىشتى، ھەتتا بۇ يىغىن بىلەن كارى بولمىدى. شۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ يىغىنغا قاتناشتۇرۇش كېرەك، دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ كېلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ پىلان، دىپلوماتىيە، يېنىك سانائەت، سەھىيە، يادرو سانائىتى، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تارماقلاردىكى ھەمدە پەن- تېخنىكا ساھەسىدىكى 40 ئادەمدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ستوكھولمغا بېرىپ دۇنيا مۇھىت يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلار بۇنداق يىغىنغا تۇنجى قېتىم قاتناشقاچقا، يىغىن رەئىسىنىڭ: «پەقەت بىرلا يەر شارى بار» دەپ مۇراجىئەت قىلىشلىرى، ھىندىستاننىڭ سابىق زۇڭلىسى ئىندىرا گەندى خانىمنىڭ ياڭراق ئاۋاز بىلەن: «نامراتلىق ئەڭ چوڭ بۇلغىنىش» دېيىشلىرى ··· ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى. يىغىن مەزگىلىدە ئۇلار ئادەتتىكى سۆزلەرنى قىلغاندىن باشقا، تۈزۈك كۆرەرلىك كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يىغىننىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ،

يىغىندا ماقۇللانغان «ئىنسانىيەت مۇھىت خىتاپنامىسى» غا رە-
ئىس ماۋزېدۇڭنىڭ: «ئىنسانلار ئومۇمەن تەجرىبىلەرنى ئۇزلۇك-
سىز يەكۈنلىشى، مەسىلىلەرنى بايقاشقا، ئىختىرا قىلىشقا، ئى-
جاد قىلىشقا ماھىر بولۇشى ۋە ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى
لازىم» ، «دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئادەم ھەممىدىن
قىممەتلىك» ، «بىزگە ئېھتىياجلىق بولغىنى كەيپىياتتا قىزغىن
ئەمما مۇقىم بولۇش، خىزمەتلەرنى جىددىي ئەمما تەرتىپلىك
ئىشلەش ...» دېگەن ئۈچ جۇملە مەشھۇر ئۇزۇندىسىنى كىرگۈز-
دى. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ شۇ قېتىمقى يىغىنغا قىلغان بىردىنبىر
تۆھپىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇ قېتىمقى يىغىنغا باشتىن - ئاياق
قاتناشقان، ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھىت ۋە
بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلە-
ۋاتقان چۇ گېپىڭ ئەپەندى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ
مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي مۇھىتتا، بىزنىڭ
يىغىنغا قاتنىششتىكى مەقسىتىمىز پەقەت سىنىپىي كۈرەش ئى-
دى، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن يۇقىرىغا يوللىغان يىغىن خۇلا-
سىسىغىمۇ پۈتۈنلەي سىنىپىي كۈرەشكە دائىر ئىشلار يېزىلغان
بولۇپ، يىغىننىڭ مۇھىت ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت باش تېمى-
سى ھەققىدە بىرەر جۇملە گەپمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە دەل
شۇ يىللاردىلا جۇڭگودىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇ-
لۇشى ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى غەرب دۆلەتلىرىنىڭكىدىن كۆپ
ئېغىر ئىدى، شۇ چاغلاردىلا جۇڭگونىڭ ئانا دەريالىرى ھالسىزلى-
نىشقا باشلىغان» . كېيىن جۇئېنلەي زۇڭلى ھېلىقىدەك «سوت-
سىيالىزم جەمئىيىتىدە مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت
ئەمەس» دەيدىغان خاتا قاراشنى تەنقىد قىلىپ: «مۇھىت مەسىلى-

سى ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بىزمۇ سانائەتنى راۋاجلاندۇرغان ۋاقتىمىزدا ئېكولوگىيە بايلىقىنى قوغداشقا دىققەت قىلمىساق، ئوخشاشلا مۇھىتنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويىمىز» دېگەن.

ئارىدىن 27 يىل ئۆتتى. دۇنيادا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. سانائەت ئىنقىلابى غەرب ئەللىرىنى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى كەلتۈردى. سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھىمايىسىدە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقىنىڭ ئەركىن، ئازادە، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا سانائەتلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئېغىر بىر مەسىلە — ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى قويۇلدى. ئۇلار بۇ مەسىلىگە قارىتا جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ھەمدە مۇناسىپ قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ئارقىلىق مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. 1972 - يىلى شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ستوكھولمدا ئېچىلغان «دۇنيا مۇھىت يىغىنى» دا، كىشىلەرنىڭ «پەقەت بىرلا يەر شارى بار» دېگەن شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇھىت مەسىلىسىنى خەلقئارا-

لىق يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىشى — بىرىنچى قېتىملىق مۇھىت ئىنقىلابىدىن دېرەك بەردى. پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان يىغىن خىتاپنامىلىرى كىشىلەرنى ئويغا سالدى، كىشىلەر دۇنيانىڭ، مۇھىت بايلىقىنىڭ چەكسىز ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى. لېكىن، بۇ يىغىندىن كېيىن دۇنيادا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى داۋاملىق يامانلاشتى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندە، يەنى 1992 ـ يىلى برازىلىيىنىڭ رىئوژانىيرو شەھىرىدە «دۇنيا مۇھىت ۋە تەرەققىيات يىغىنى» ئېچىلدى، يىغىنغا دۇنيادىكى 183 دۆلەت ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ 15 مىڭ ۋەكىلى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 117 دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭ ۋە زۇڭلىلىرى بار. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىنسانلارنىڭ مۇھىت كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇش مەسىلىسى ئۈستىدە قىزغىن كېڭەشتى، «سىجىل تەرەققىي قىلىش» ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، يىغىندا يەنە «رىئوژانىيرو مۇھىت ۋە تەرەققىيات خىتاپنامىسى» ھەمدە «21 ـ ئەسىر كۈنتەرتىپى» قاتارلىق بىر يۈرۈش پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا مۇھىت ئاسراش، يەر شارىنى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، سىجىل تەرەققىي قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ھەققىدە ئويلىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، قانچىلىغان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور زىيىنىنى تونۇپ يەتتى. بۇ يەر شارىدا ئىككىنچى قېتىملىق مۇھىت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

جۇڭگودا يېقىنقى 5 ـ 6 يىلدىن بۇيان، ئاشۇ مۇھىت ئىنقى-

لابىنىڭ بىخلىرى ۋە يېشىللىق ئېڭى ئانچە - مۇنچە شەكىللە-
نىپ، مۇھىت بايلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، سىجىل تەرەققىي قى-
لىشتىن ئەنسىرەش، يېڭى تەرەققىيات شەكلىنى مۇراجىئەت قى-
لىش باش كۆتۈردى ھەمدە كىتاب - ژۇرنال يۈزىدىن بەلگىلىك
قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلىنىشقا يۈزلەن-
دى. گەرچە بەزىلەر بۇنى: «دۆلەت ئىچىدىكى ئاز ساندىكى كى-
شىلەرنىڭ خەلقئارادىكى يېڭى ئېقىمغا ئەگىشىشى، مۇھىت مە-
سىلىسىنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن ماھىيەتلىك
باغلىنىشى يوق» دەپ قارىسىمۇ، بۈگۈنكى رېئاللىق كىشىلەرگە
كۆپ تەرەپلىمىلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ
جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىغا: «دۇنيا چەكسىز، ئادەم
ھەممىگە تاقابىل تۇرالايدۇ» دېگەنلەر سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا،
ھېلىھەم بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرمەيۋاتىدۇ. سىز
ئۇلارغا مۇھىت بۇلغىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننى سۆزلە-
سىڭىز، ئۇلار سىزگە: «بەدەلسىز بولىدىغان تەرەققىياتنى تە-
سەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟» دەيدۇ.

سىز ئۇلارغا سىجىل تەرەققىي قىلىش ھەققىدە سۆزلىسە-
ڭىز، ئۇلار سىزگە: «ئەمەلىيەتتە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا،
پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيە يۇقىرى كۆتۈرۈلسە قالغان
بارلىق ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

سىز ئۇلارغا: «ئىنسانلار ئەمدى ھەرىكەتكە كېلىپ مۇھىت-
نىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلىمىسە، بالايىئاپەت ئالدىدا ئامالسىز
قالىدۇ» دېسىڭىز، ئۇلار سىزگە: «بۇنداق بولۇشنى كىم ئىس-
پاتلىيالايدۇ؟ نۇرغۇنلىغان بىمەنە پەرەزلەر يالغان بولۇپ چىق-
قان، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارىدىن، بارلىق مۇشكۇلاتلارنى يېڭىش

روھىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. تېخى بەزى سۆلەتۋازلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يادلاپ ئۆگىنىۋالغان جۈملىلىرىنى تەكرارلاپ: «تەرەققىيات جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى تەرەققىيات داۋامىدا ھەل قىلىمىز» دەپ قويىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بۈگۈنى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتى ئۈچۈن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىشقا تەييارلا تۇرىدۇ.

جۇڭگولۇقلار شۇنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى كېرەككى، بىز دۇچ كېلىۋاتقان سىجىل تەرەققىي قىلىش مەسىلىسىدىكى مۇھىت مەسىلىسى، نوپۇس مەسىلىسى، بايلىق مەسىلىسى ۋە ئاشلىق مەسىلىلىرىگە چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىت مەسىلىسىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتىكى تارىخىي ساۋاقلار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويغا سالىدۇ: قەدىمكى زاماندا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى دەجلە ۋە ئىفرات دەريا ۋادىسىدا شانلىق بابىلون مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، پادىشاھ ھاممۇرابى ئۇزاق يىل قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئىككى دەريا ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سەلتەنەتلىك بابىلون پادىشاھلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر چېكىدىن ئېشىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىغا قوشۇن يۆتكەپ، پۇقرالار ۋە زور قوشۇننىڭ دەريا ۋادىسىدا يايلاق ۋە ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. نەتىجىدە يۇقىرى ئېقىننىڭ ئېكولوگىيىسى بۇزۇلۇپ، زور مىقداردىكى سۇ، تۇپراق ئېقىپ كەتكەن، لاي- لاتقىلار ئېقىننى تارايتىۋەتكەن، تۆۋەن ئېقىندا سۇ ئۈزۈلگەن، دەريا ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ شور تەركىبى تۇپراق يۈزىگە كۆچۈپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەبىئىي توساق رولىنى ئوينايدىغان

ئورمانلار ۋەيران قىلىنغاچقا، قۇم - بوران تىزگىنسىز قېلىپ، جاھانغا مەشھۇر بابىلۇن پادىشاھلىقى خارابلاشقان. قىزىق يېرى، بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدا، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، ئىقلىمنى ئىقلىمغا تۇتاشتۇرغان يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى بولغانلىقى ئىسپاتلانغان كىروران دۆلىتى يوقىلىدىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋە ئاساسەن ئوخشاش ۋاقىتتا (بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرى) يەر يۈزىدىن غايىپ بولغان ...

جۇڭگولۇقلار نوپۇس مەسىلىسىدە كېچىكىپرەك ئويغانغىنىدەك، مۇھىت مەسىلىسىدىمۇ باشقىلاردىن 20، 30 يىل كېيىن ئويغاندى. دەل مۇشۇ 20، 30 يىل ئىچىدە، خۇاڭخې، تارىم دەريالىرىنىڭ ئېقىنى ئۈزۈلدى؛ دەل مۇشۇ 20، 30 يىلدا لوپنۇر كۆلى، ئايدىڭ كۆل، ئېتىما كۆلى، ماناس كۆلى ... يوقاپ كەتتى، باغراش كۆلى، ئېبىنۇر كۆللىرى بۆلگىنىپ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز قەدىمكى تارىخىي تراگېدىيىلەرنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالامدۇق؟

دېمەك، تەبىئەت سىزگە بەرگەندەك، سىزمۇ تەبىئەتكە مېھرىڭىزنى بەرسىڭىز، ئالدىڭىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرۇپ ئالسىڭىز تەبىئەت سىزگە شاپائەت ياغدۇرىدۇ. ئەگەر سىز ھەممىنى بۇزۇپ، تەبىئەتتىن تەلۋىلەرچە ئالسىڭىز، ئۇنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىسىڭىز، «ئەجدادىنىڭ بەرگىنىنى يەپ، ئەۋلادىنىڭ پېيىنى قىرقىيمەن» دېسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئىقتىسادىڭىز يۈكسىلىپ، پەن - تېخنىكىڭىز تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىك قۇدرەتلىك بولۇپ كەتسىڭىزمۇ تەبىئەتنىڭ جازاسى، قىساسى ئالدىدا ئامالسىز قالى-

سىز. ئەڭ مۇھىمى ئىلگىرىكىلەرنىڭ «دۆت» لىكىنى تەكرارلىماسلىق.

تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى ئادەم ئۈچۈن. ئادەملەرنىڭ تەقدىرى توغرىلىق سىياسەت بەلگىلىگۈچى ئەزىمەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. مۇھىت ئامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان، ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدىغان ئەمما يوشۇرۇن ئوڭاي بولغان ئىقتىسادىي زىياننى پەقەت خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەندە بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بىز بۇگۈنگىچە شۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەلدۇق.

بىراق، ئۆزىمىزنى ئالداشنى قويۇپ، ئەمەلىيەتنى كۆرىدىغان بولساق ئەھۋال باشقىچە. نۆۋەتتە بۇ مەسىلە پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇھىت ھېساباتىنى قىلمىغۇچە، ئالدىنىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. مۇھىت مەسىلىسى زادى قانچىلىك ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرىدۇ؟ ئۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ 80 - يىللاردىن بۇيان مۇھىت ئىختىساتشۇناسلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەردە مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى ھېسابلاپ چىقتى. بۇ زىيان ئاساسلىقى بۇلغىنىشنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە كەلتۈرگەن زىيىنى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېمىيىشى، سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىشى، تەبىئىي بايلىق (سۇ، تۇپراق، ئورمان، يايلاق) لارنىڭ بۇزۇلۇشى ھەمدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى كەلتۈرگەن بۇلغىنىشلارنىڭ زىيىنى قاتارلىقلار. 1983 - يىلدىن ھازىرغىچىلىك دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ سىياسەت تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

مۇھىت ۋە تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى،
غەرب تەتقىقات مەركىزى، ئامېرىكا شەرق -
دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى قاتارلىقلار ھەر قايسى
شۇ دۆلەتتە مۇھىت مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي
زىياننى سېلىشتۇرغان. جۇڭگودا مۇھىت مەسىلىسىدىن كېلىپ
چىققان ئىقتىسادىي زىيان خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتىنىڭ 10% ىنى ئىگىلىگەن!

گەرچە خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر
دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۇ-
سۇل بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ ھەر قانداق بىر جايدا
ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، شۇ جايدى-
كى خەلقنىڭ ساپاسىنى، سالامەتلىك ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ
يامانلاشقانلىقىنى، ئورمانلارنىڭ، تۇپراقنىڭ، كان بايلىقلىرى-
نىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئىنكاس قىلالمايدۇ. شۇڭا ھازىر بىزدە
بەزىلەر بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئىسراپچىلىققا يول ئېچىۋاتى-
دۇ، بۇلغىنىشنى يوشۇرۇۋاتىدۇ، ساختىپەزلىك قىلىپ تۆۋەننى
ئالداپ، يۇقىرىغا خوشامەت قىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، بىزدە بۇ ئۇ-
سۇل داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما دۇنيادا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان
دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر كۈنسايىن ئازايدى. 1995 - يىلى دۇنيا
بانكىسى بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ۋە بايلىقىنى
ئۆلچەشنىڭ يېڭى ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا: «بىر
دۆلەتنىڭ بايلىقىغا باھا بېرىشتە، چوقۇم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر-
نىڭ ئۆپرىشى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ سەرپ قىلىنىشىنى چىقىرى-
ۋېتىش كېرەك، بايلىق ھەرگىزمۇ پەقەت ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر-
نى، زاۋۇتلارنى، سۇنئىي مۇلۇكلەرنى (ئادەملەر ياسىغان) لا ئۆز

ئىچىگە ئالمايدۇ، ئۇ يەنە ئەڭ مۇھىمى ئادەم بايلىقى ( ئادەمنىڭ
ساپاسى ۋە سالامەتلىكى) ۋە تەبىئىي بايلىقلار (سۇ، تۇپراق،
ئورمان، يەر ئاستى بايلىقلىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىل-
دى. بۇ ئۆلچەم بويىچە دۇنيادىكى 192 دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى
رەتكە تۇرغۇزغاندا جۇڭگو 162 - ئورۇنغا تىزىلغان. دېمەك،
ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا باراۋەر ئەمەس.

مېنىڭچە، ھەر قانداق ھۆكۈمەت مۇھىت مەسىلىسىدىن كې-
لىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ
ھېسابات دەپتىرىگە كىرگۈزۈشى، ئادەم ئۈچۈن، ئادەمنىڭ سالا-
مەتلىكى ۋە پاراۋانلىقى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشى، «ماددىي مەنپە-
ئەت» چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى، نوقۇل ئىقتىسادىي كۆر-
سەتكۈچنى كۆز- كۆز قىلىشتىن ساقلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى-
نى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ دەل سىجىل تەرەق-
قىي قىلىش پرىنسىپى بىلەن بىردەك. 1998 - يىلى رەتكە
تۇرغۇزۇلغان ئون چوڭ بۇلغانغان شەھەرنىڭ يەتتىسى جۇڭگودا.
ئەگەر بۇ شەھەرلەردىكى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كەلتۈرۈپ چىقار-
غان زىياننى، جۈملىدىن بۇ شەھەرلەردە ياشىغۇچى خەلقنىڭ
سالامەتلىك زىيىنىنى ۋە باشقا زىيانلارنى ھېسابلاپ كۆرسەك،
زىيان كۆرسەتكۈچى بۇ شەھەرلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، مۇ-
ھىت تەننەرخىگە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى-
نى «يېشىللاشتۇرۇش» مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھې-
لىمۇ جۇڭگولۇقلار: «تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىش»، «تەبىئەت-
نى بويسۇندۇرۇش»، «ئېگىز تاغلارنى باش ئەگدۈرۈپ، دەريا-
لارنى يول بەرگۈزۈش» جەسۇرانە روھىنى خېلى ئۇزاققىچە نامايان

قىلدى ھەمدە بۇنداق مەزمۇندىكى مەردانە ناخشىلارنى باشلانغۇچ
مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈپ، بىر نەچچە ئەۋ-
لادنى ئاشۇ روھتا «تەربىيىلىدى» . بۇنىڭ تەسىرىدە تەبىئەت بىر
مەھەل كىشىلەرنىڭ قوغداش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى بويسۇندۇ-
رۇش ۋە كونترول قىلىش، بۇزۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.
بۇلار بۈگۈنكىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.
قىسقا مۇددەتلىك، ۋاقىتلىق، ئالدىراڭغۇ مەقسەتلەر بىلەن
تۈزۈلگەن پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كۈننى غەربكە، پۇلنى
چۆنتەككە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەلۋىلىكلەر كاساپە-
تىدىن قۇرت - قوڭغۇزلار، ياۋايى ھايۋانلار، چوڭ - كىچىك
قۇشلارنىڭ نەسلى قۇرىدى. ئورمانلار كېسىلىپ، يېپىنچا ئۆ-
سۈملۈكلەر قىرقىلىپ، سۇ، تۇپراق، ھاۋا بۇلغاندى. بوستانلىق-
لارنى قۇم باستى، تۇپراق بارا - بارا كېرەكتىن چىقتى. كۈندىن
- كۈنگە كۆپىيىۋاتقان يېغىندىن - يېغى ئاپەتلەرنى كۆرگەن كىشى-
لەر: «زامان ئاخىرى بولدىمۇ قانداق؟» دېيىشمەكتە. مۇشۇنداق
كېتىۋەرسە ئادەملەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۆزلى-
رىنى ئۆزلىرى ئالداپ، ئۆز قولى بىلەن بۇ گۈزەل دۇنيانى
دوزاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.
بۇ كىتابتا ئاساسلىقى تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىت رېئاللىقى
ھەققىدىكى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلار بايان قىلىنىدىغان بولغاچقا،
پۈتكۈل دۇنيانىڭ، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ مۇھىت كىرىزىسى
ھەققىدىكى قۇرلارغا چېكىت قويۇلدى. كېيىنكى بۆلەكلەردە،
ئېكولوگىيىسى تېخىمۇ ئاجىز، خېلى كۆپ سانلىق خەلقى نام-
رات، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى تېخىمۇ ئېغىر بولغان، «تەڭرىنىڭ
كۆزى چۈشكەن» ئەمما بۇلغىنىش ئازابىدا ئېڭراۋاتقان شىنجاڭغا

جۇملىدىن تارىم ۋادىسىغا كۆپرەك نەزەر سىلىنىدۇ.

## زاماندashlar سەمىگە

ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كېلىشىنىڭ ئۆزى بىر پۇرسەت، بىر ئامەت، بىر مۆجىزە، بىر ئۇلۇغ ئىش.

بىز قانداق قىلىپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدۇق؟ بىزنى پاك، ئازادە، بىخەتەر، قىممەتلىك بولغان مۇھىت ئادەم قىلدى. ئۇ بىزنى ياراتتى. مۇھىت بىزنىڭ داۋاملىق ھايات كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئاتا قىلدى ھەمدە بىزنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىمىزغا پۇرسەت بەردى. ئاشۇ مۇھىت بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزنىڭ كېلەچىكىمىز.

ياشاش، مۇھىت، يەنە ياشاش، يەنە شۇ مۇھىت. دېمەك، بىز مۇھىت بىلەن باراۋەر ئىكەنمىز، ياشاش مۇھىتىمىز تۈگىسە بىزمۇ تۈگەيمىز، مۇھىت بىزنى بېقىپ ھەممىگە قول سوزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىز ئۇنىڭ سېخىيلىقى بىلەن داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇق، جەمئىيەتنى يۇكسەك دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىپ، ساناقسىز كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردۇق؛ يەنە تېخى ئۆزىمىز ئۈچۈن نەچچە ئەسىرلىك ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ قويدۇق.

بىز ئادەم بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەممىدىن قىممەتلىك، ھەممىدىن قۇدرەتلىك ساناپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز خاتالاشتۇق، يەنە بىز بىلەن بىللە مۇھىتمۇ بار.

دۇنيادا بېسىم بولمىسا قارشىلىق بولمايدۇ دەيدىغان بىر ھەقىقەت بار. بىز مۇھىت بىلەن قوشكېزەك، باراۋەر ئىدۇق. بىز ئۇنى — بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىش، ئۇنى ۋەھشىيلەرچە بۇلغاش، بۇزۇش، نابۇت قىلىش بەدىلىگە كەلگەن كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن پەخىرلەندۇق. ناخشا - مۇزىكىلىرىمىز ۋە كۈلكىلىرىمىز ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ماختاندۇق. ئەپسۇس، ئاشۇ بېسىمغا چىدىمىغان، ھالسىرىغان، ھەسرەتلەنگەن مۇھىت ئەمدى ئاستا - ئاستا سىلكىنىپ بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئاپەت بىزگە ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ ھاياتىمىزغا خەۋپ يەتكۈزمەكتە.

مۇھىت بىزگە ئەلەم بىلەن: «مەن مەڭگۈلۈك بايلىق ئىدىم. بۇگۈنكىلەرنىڭلا قولىدا تۈگەپ ۋەيران بولۇشنى خالىمايمەن. ئىنسانىيەت يارالغاندىن تارتىپ تاكى مەڭگۈگىچە باراۋەر، سىلەر نېمە ئۈچۈن باراۋەرلىكنى كۆزۈڭلارغا ئىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭلا مەنپەئىتىنى ئويلايسىلەر؟ ئەۋلادلىرىڭلارچۇ؟ ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىچۇ؟ مېنى ئۇلارغا قالدۇرمامسىلەر؟ ئەسلى مەندە ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى، ئۇلارمۇ مەندىن پايدىلىنىپ ياشاشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئەجەبا، سىلەر ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭلار ئۈچۈن گۈزەل بىر دۇنيانى يارىتىپ قالدۇرۇشۇڭلار كېرەك. بىلىپ - بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن تۆۋە قىلىڭلار، ماڭا زىيان سېلىش ئۈچۈن سوزغان قوللىرىڭلارنى دەرھال تارتىۋېلىڭلار، مېنى بۇزۇۋەتسەڭلار ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى تۈگەيدۇ، دۇنيا مەينەتچىلىك ئىچىدە قالىدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى تېخىمۇ قارا

باسىدۇ، 〈زامان ئاخىرى〉 دېگەن دەل ئۆزى شۇ» دەپ خىتاپ قىلماقتا ...

توغرا، بىز ئادەم، بىزدە بىر جان، بىر تەن بار. ئۆلۈۋاتقان جانلىقلارغا ئوخشاشلا بىزمۇ ئۆلۈمىز. ئۆلۈشىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا كۆڭلىمىز بۇزۇلىدۇ. يەيدىغاننى تويغۇچە يەپ، قىلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆلگىمىز يوق. ئۆلگىمىز يوق تۇرۇپ ئۆلۈشنى تېزلىتىشنىڭ گۇناھلىرىنى قىلىۋاتىمىز. ئەمەدى ئەۋلادلارنى ئويلىمىساق بولماس، كىشىنىڭ رىسقىنى دەپسەندە قىلىش نومۇس.

جاھان تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بىز ئۆزىمىز دەسسەپ تۇرغان زېمىننىڭ ئاستىدىكى، ئۈستىدىكى ھەممە بايلىقنى ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ قېزىپ چىقىرىپ ھازىرقىدىنمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك. بىراق، بۇ بىر ئارزۇ، بۇنداق شېرىن خىيالنىڭ ۋەسۋەسىسىدە تاش يۈرەك ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالساق بولماس. بۇ زېمىندا يەنە بىزدىن كېيىنمۇ ھاياتلىق داۋاملىشىشى كېرەك. بۇنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى مۇھىت.

ئىنسانلار بىلەن مۇھىت، تەرەققىيات بىلەن مۇھىت پۈتكۈل يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىگە ئايلاندى. ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى، ياشاش، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ، غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ھەر خىل ئۇنۇملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرىماقتا، ياخشىلىماقتا. ھەممەيلەن: «دۇنيادا پەقەت بىرلا يەر شارىمىز بار، ئۇنى قوغداش بىزنىڭ ۋىجدانىي

بۇرچىمىز» دەپ قارىماقتا. بىز ئاشۇ چوڭ يەر شارىنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە نان، سۇ، ئوزۇق بېرىۋاتقان، بىزنى بېقىۋاتقان، ئاشۇ چوڭ يەر شارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئانىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا نەزەر سې- لىپ قويايلى.

دۇنيادا، ئۆز ئانىسىنى زار - زار قاقشىتىشنىڭ، ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق، زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەممىمىز بى- لىمىز. خېلى بىر مەزگىل ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، باي بولۇش، بايلىق ئىزدەش، قورساق تويدۇرۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، ئاشۇ ئانىمىزنىڭ دەردىگە قۇلاق سالالمى- دۇق، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئېڭراپ يېتىپمۇ يەنە بىزگە ئۆز مېھرى- نى بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق. ئەمدى قولىمىزنى يۈرىكى- مىزگە قويۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسى، ئۇ كېلەچەكنىڭ ئانىسى. ئۇ دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن تالاي - تالاي قىزىق ئىشلارنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ كۈلكىسى ۋە يىغىسى- نىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى؛ ئۇنىڭ باغرىغا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن سىرلىق ئىشكىلىرىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن: بىزنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارىمىز بار، يەر شارىمىزدا پەقەت بىرلا تارىم بار. ئەنە شۇ تارىم بىزنىڭ ئانىمىز...

مەنمۇ تارىم ئانىنىڭ بىر پەرزەنتى بولغىنىم ئۈچۈن، زامان- داشلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمىلىك بىلەن دېگۈم كەلدى.

# قەدىمكى خارابىلەرنى كۆرۈپ ياش تۆكمەڭ

بىز بۇ زېمىنىنىڭ ھەر قانداق يېرىدىن ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى ئىزلىرىنى تاپالايمىز. ئاشۇ ئىزلارغا ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇلارنىڭ تىنىقى، كۆز يېشى، قان - تەرى، غەم - قايغۇسى ۋە جاراڭلىق كۈلكىلىرى كۆمۈلگەن.

كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئىزلارنى ۋە شۇ ئىزلارنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى. تا بۈگۈنگىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ، تارىخچىلارنىڭ، ئىنساشۇناس ۋە مىللەتشۇناسلارنىڭ بۇ جايدىن ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق؛ ئۇلار تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى ھەمدە نۇرغۇن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلدى. نەتىجىدە، ئۇلار تارىم مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ئالەمشۇمۇل تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئەپسۇس، بۈگۈنگىچە تارىم ئويمانلىقىدا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت، مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ باغرىدىكى كەڭ بوستانلىقلاردا ياشىغانلىقىنى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 -

ئەسىردىلا گۈللەنگەن، چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر ۋە پادىشاھلىقلار-نى قۇرغانلىقىنى جەزىملەشتۇرگىنىدە، شۇنداقلا ئۇزلىرىنىڭ ئا-شۇ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيەتلىرىنىڭ خارابىلىرىنى دەسسەپ تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈل-دى.

كىشىلەر ئارخېئولوگلارنىڭ ھەدېسىلا كۆمۈلۈپ ياتقان قە-دىمكى شەھەر خارابىلىرىنى، قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنى قېزىپ چىقىرىپ ئۇياق - بۇياققا يۆتكەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى رەھىمسىز، باغرى تاش دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلى-يەتتە، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ مې-ھىر- مۇھەببەت بىلەن تولغان. مېنىڭ خېلىلا تونۇلغان بىر ئارخېئولوگ دوستۇم بار. ئۇنىڭ نۇرغۇن كۈنلىرى قەدىمكى خارابىلەردە ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا ئۆتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ھەمىشە ئۆزىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە توختالغىنىدا ھاياجانلانغىنى-دىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغىنىنى كۆرىمەن. بىز ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى: «مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئارخې-ئولوگىيىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ئىنسانلارنىڭ تولىمۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ يۈرگىنىم ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بۈگۈنكى تىرىك ئادەملەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىگىنىم ئۈچۈن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. بىراق، ھەر قېتىم تارىم ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىپايان چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگىنىمدە ھەمدە قەبرىلەردىن

ئاشۇ شەھەر ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى قېزىپ چىقارغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز چەكسىز - چەكسىز بوستانلىقلار، كۆچلۈك خاندانلىقلار پەيدا بولىدۇ، كىملەرنىڭدۇ ماڭا چۈشىنىكسىز تىللار بىلەن نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۇچۇپ كەتكەن خىياللىرىمنى تەستە يىغىپ بېشىمنى سىلكىگىنىمدە ماڭا قالغىنى يەنىلا ئاشۇ خارابىلەر ۋە قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلەر بولىدۇ. مەن ھەمىشە ئاشۇ جەسەتلەر بىلەن، شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قاقشاللار ۋە كېسىلگەن ئورمانلار بىلەن ئۈن - تىنسىز سىردىشىمەن. مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن ھەر بىر تال چاچ، قەدىمكىلەر ياساپ ئىشلەتكەن ھەر بىر تال تاش قورال، تۆمۈر قورال ۋە مىس قورال» ھەر بىر تال تۇرمۇش بۇيۇمى، ھەتتا ھەر بىر تال ساپال قاچا پارچىسى مەن ئۈچۈن قەدىمكى ھەر بىر دەۋرنىڭ تارىخى مۇجەسسەملەنگەن مۇقەددەس كىتاب بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولىدۇ، كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. سىلەر بىزدەك ئارخېئولوگلارنىڭ ھەسرەت - نادامىتىنى، كۆز ياشلىرىنى قەتئىي ھېس قىلالمايسىلەر. بىزنىڭ كۆز يېشىمىز ئاشۇ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىگە، چەكسىز قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. مېنىڭ ياش تۆكۈشۈم ئازابتىنمۇ ئەمەس، شادلىقتىنمۇ ئەمەس. بۇ خۇددى مەن قېزىپ چىقىرىپ تەتقىق قىلغان سانسىزلىغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ماڭا ھېچنېمىنى سۆزلەپ بېرەلمىگىنىگە ئوخشاشلا بىر ئىش. پەقەت بىرلا نەرسە مېنى قىينايدۇ.

ئۇ بولسىمۇ، مۇشۇ زېمىندا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى گۈللەنگەن سانسىز بوستانلىقلار ۋە بۇ بوستانلىقتا ياشىغان ئىنسانلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتلەر، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، يۇڭ توقۇمىچىلىق، فارفور بۇيۇم، كۆن ـ خۇرۇم ياساش قاتارلىق سانائەتلەر، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تۇتىشىدىغان سودا، مەدەنىيەت يوللىرى، دوستلۇق ئەلچىلىرى ... نىڭ نەگە يوقالغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن يوقالغانلىقىدىن ئىبارەت. خېلى يىللارغىچە بۇ بىر سىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ بىز ئۈچۈن سىر ئەمەس. سىر بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنى قىيناشقا باشلىدى. مەن ھەممە كىشىلەر بىلەن قايغۇ ۋە شادلىقتا بىللە بولسام دەيمەن. لېكىن، باشقىلار بىزدىن كۆپ يىراقتا، ئۇلار ھامان شەھەرلەردە بەخىرامان خىزمەت قىلىدۇ، كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، بىز ھامان چەكسىز چۆللۈكتە قەدىمكى خارابىلەر بىلەن پېچىرلىشىمىز. بىز چۈشەنگەن مۇھىم نۇقتىلارنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى تەس. سىز شارائىت يار بەرسە ئاشۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىگە بېرىڭ، مىرەن دەريا ۋادىسى، چەرچەن دەريا ۋادىسى، ئەندىر دەريا ۋادىسى، نىيە دەريا ۋادىسى، كېرىيە، خوتەن دەريا ۋادىسى، زەرەپشان، ئۆگەن دەريا ۋادىسى، ئاقسۇ دەريا ۋادىسى ۋە كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ مىسكىن خارابىلىرىنى كۆرۈپ ھەرگىز ياش تۆكمەڭ. دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. شۇ زامانلاردا، شۇ بوستانلىقلاردا بىزگە ئوخشاشلا يېمىسە، ئىچمىسە ئۆلىدىغان،

ئۆزىنىڭكىنى تۇگىتىپ، باشقىلارنىڭ رىسقىغا قول سوزىدىغان قانائەتسىز ئىنسانلار ياشىغان. ئىچىنىشلىق ئاقىۋەت شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ھەر بىر كونا خارابە، ھەر بىر كونا قەبرە بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى بولۇپ قالغۇسى···»

ئارخېئولوگ دوستىمىزنىڭ يۈقىرىقىدەك يۈرەك سۆزلىرى بىزنى ئويغا سالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتى ئارقىلىق قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ياراتقان بوستانلىق مەدەنىيەتلىرىگە دائىر يېڭى بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە بىزگە نېمىلەرنىدۇ ئىلتىجا قىلغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇ بىزگە نېمە دېمەكچى؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان ئىش قايسىدۇ؟ توغرا، مەن تاپتىم. قەدىمكى زاماندا تارىملىقلار بەرپا قىلغان بوستانلىقلار، ئۇلار قۇرغان خاندانلىقلار، ئۇلار ئاچقان مەشھۇر يوللار، ئۇلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتلەر ··· نىڭ خارابىلىشىش سەۋەبلىرى ئۇنى قىينايدىكەن.

بىزمۇ بۈگۈنكى كۈندە شەھەردىن شەھەرگە، بوستانلىقلاردىن بوستانلىقلارغا كۆچۈپ يۈرۈپ تەرەققىي قىلىۋاتىمىز، ۋاقىتىنچە ئۆزىمىزگە پايدىلىق ئىش بولسىلا قىلىۋاتىمىز، ئۆزىمىزگە پايدىلىق نەرسە بولسىلا، ئۇنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن كارىمىز يوق، ئىككىلەنمەي، ئۇنىڭ نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قېزىپ چىقىرىۋاتىمىز، بۇ ئەھۋاللار مېنى ئويغا سېلىپ قويىدى.

بىز بۇگۈنكى شانلىق مەدەنىيەتنىڭ يارىتقۇچىسى ھەمدە كەلگۈسى دۇنيانىڭ جاۋابكارى؛ بىز بۇگۈنگىلا، ئۆزىمىزگىلا ئەمەس، ئەتىگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولىمىز، شۇڭا ئالغا قاراپ ھەر بىر قەدەم تاشلىغاندا، كەينىمىزگە بىر قارىۋېتىشىمىز كېرەك.

## بىزگە مىراس قالغان بۇ زېمىن

يارىلىش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن بولدى. ئىنسانلار تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان تەبىئەت دۇنياسىدا ھەمدە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ماددىي مەدەنىيلىككە تولغان مەدەنىي دۇنيادا ياشاپ كەلدى. تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن نەچچە مىليارد يىللار ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى، ئاخىرى ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. كېيىنكى مەدەنىي دۇنيانى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى، بەخت - سائادىتى ۋە راھەت - پاراغىتىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرىغا تايىنىپ بەرپا قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئۆزلىرى ياشاشقا باب كېلىدىغان مۇھىتنى يارىتىشقا تىرىشتى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى ھەمدە ھەممە نەرسىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىپ كەلدى.

ئەپسۇس، ئىنسانلار مۇتلەق كۆپ رېئاللىقتا ئانچە بەختلىك بولالمىدى. تارىختىن بۇيان، ئۇلار ئېغىر ئەمگەكنىڭ بېسىمى،

ئۆلۈم ۋە كېسەللىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلدى؛ ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقنىڭ قۇربانى بولدى، پەرزەنتلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابلىرىنى تارتىپ كەلدى، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. قىسقىسى، شادلىققا، مېھىر - مۇھەببەتكە ۋە راھەت - پاراغەتكە ئىنتىلىش، شۇنداقلا غەم - قايغۇ ۋە ھەسرەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇش - ئىنسانلارنىڭ رېئال ھالىتىدۇر. بۇ ھالەتكە يەنە بىر يېڭى مەزمۇن — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆچ ئېلىشى قوشۇلسا، ئىنسانلار يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟

ئىنسانلار يارالغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئۇزاق داۋام قىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى بېسىپ ئۆتتى. تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ئۆزگەردى، نۇرغۇن ھېس - تۇيغۇلارنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى ۋە بوزغۇنچىلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى.

تىل ئىنسانلارنىڭ تۈنجى ھەم ئۇلۇغ كەشپىياتى. ئۇلار تىلغا تايىنىپ ئۆزئارا سۆزلىشىپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ ئەمگەك قىلىش ۋە ياشاشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزەلەيدىغان بولدى؛ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەمگەكى تاش قورال ياساشتىن باشلانغان، ئۇلار چوقۇشيۇناش، سۈركەش ئۇسۇللىرى بىلەن قوپال، يىرىك، كېيىنچە سىپتا - سىلىق، ئەپچىل تاش قوراللىرىنى ياساپ ئىشلىتىدىغان بولغان كۈندىن باشلاپ، ئەسلىدىكى تەبىئەتتە بار نەرسىلەرنى يىغىپ ياشاشتىن، يوق نەرسىلەرنى تېپىپ، ئۆزگەرتىپ ياشاشقا

ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىمۇ كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى.

ئىنسانلار ئوتتىن قورقماسلىقى بىلەن باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلەندى.

ئۇلار ئوتنى بىلىپ، ئوتتىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگەن كۈندىن باشلاپ، قوللىرىدىكى تاش، ياغاچ قوراللىرىنى تاشلاپ، مىس، تۆمۈر قوراللارنى تاۋلاپ ياساپ تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، تەبىئەتنى، ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىش قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. يەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورمانلار، ئۆسۈملۈكلەر كۆيدۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئوت ئىنسانلارغا تېخىمۇ قاراملىقنى ئۆگەتتى. ئۇلار تۇپراقنىڭ ياپيېشىل ئورمان، ئۆسۈملۈك ۋە گۈل - چېچەكلىك يېپىنچىلىرىنى پاك - پاكىز كۆيدۈرۈپ، مۇنبەت ئېتىزلارنى بەرپا قىلدى.

ئوت ۋە ئوتتىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىنسانلار مۇھىتنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئادەم ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، يارىتقۇچى، ئۆزگەرتكۈچى قىلىپ كۆرسىتىلدى.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ نىل دەرياسى، ئېفرات دەرياسى، ھىندى دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىنى بازا قىلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى.

ئىنسانلار ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە، كۆچمەنلىكتىن مۇ-

قىم ئولتۇراقلىشىشقا، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقتىن شەهەرلىشىشكە، سانائەتلىشىشكە، زامانىۋىلىشىشقا، ئازلىقتىن كۆپلۈككە تەرەققىي قىلغىنى ئۈچۈن، ئاجايىپ ئىلغار تېخنىكا ۋە كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرگىنى ئۈچۈن بىر هازا پەخىرلەنگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ داۋاملىق، ساغلام ياشىشىغا باب كېلىدىغان مۇهىتنىڭ يەنە ئۆزلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بۇنداق ۋەيران قىلىش ۋە بۇزۇش ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ باشلانغان بولسىمۇ، ئويغىنىش ناهايىتى تەسكە توختىدى هەم كېچىكتى.

بۈگۈن ئىنسانلار قايسى نۇقتىغا كەلدى؟ نوپۇس، ئېنېرگىيە ۋە بايلىقنىڭ سەرپ قىلىنىشى، شەهەرلىشىش ۋە ئىستېمال قاتارلىقلارنىڭ تەلىپى بىلەن كېلىپ چىققان بۇلغىنىش بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقاچقا، ئىنسانلار يەر شارىنىڭ تەبىئىي سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش هالىتىدە تۇرماقتا، ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۆزگەرتىش تولىمۇ خەتەرلىك، ئۇ ئىنسانلارنى هالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

هازىرچە پايدىلىق بولغىنى، يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك تېخى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئۆلچىمىدىن يۇقىرى ئۆلچەمدە ياشاش تەلىپىنى قويۇپ باقمىدى. ناۋادا يېقىن كەلگۈسىدە (نوپۇس تېخىمۇ كۆپىيىدۇ) هەممەيلەن هازىرقى ئامېرىكىلىقلارغا، ياۋروپالىقلارغا ۋە ياپونىيىلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كۆچۈرمەن دېسە قانداق ئەهۋال كېلىپ چى-

قار؟ ناۋادا ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش ئۆلچەمدىكى ئاپتوموبىللار-
نى ئىشلىتىشنى قوغلاشسا، ئاشۇ ئاپتوموبىللاردىن چىققان گاز
ھاۋاغا ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆپكىسىگە سىڭىپ كىرسە قانداق ئەھۋال
كېلىپ چىقار؟ ناۋادا ھازىرقى سۈرئەت بىلەن يەنە كىشىلەرنىڭ
تۆتتىن ئۈچ قىسمى شەھەرلەرگە كۆچۈپ ماكانلاشسا ھەم ئۇلارمۇ
شەھەر ئۆلچىمىدە ئېنېرگىيە ۋەماددىي نەرسىلەرنى سەرپ قىلسا
يەنە قانداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقار؟ بۇلارغا جاۋاب بېرىش ناھايى-
تى مۇشكۇل.

تۇغرا، نوپۇسنى ئازايتىش كېرەك دەيدىغانسىز؟ زادى قە-
يەردىكىلەرنىڭ، كىملەرنىڭ نوپۇسنى ئازايتىسىز؟ ئىستېمالنى
تۆۋەنلىتىش كېرەك، دەيدىغانسىز؟ زادى كىمنىڭكىنى تۆۋەنلى-
تىسىز؟ بايلىقنى تېجەش كېرەك، دەيدىغانسىز؟ زادى كىمنىڭ-
كىنى تېجىگىلى بولار؟ ئۇنداقتا ئەڭ قىممەتلىك، ھېچ نەرسە
ئورنىنى باسالمايدىغان ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت چەكلىك
بايلىققا ئىگە يەر شارى ھەممە بېسىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇنمۇ؟

بىزگە مىراس قالغان بۇ زېمىندا ئەجدادلار يۇقىرىقىغا ئوخ-
شاشلا ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ
ئۆتكەن. ھاياتلىقنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى بىلەن ئۇلارمۇ نۇر-
غۇن ئىسسىق - سوغۇق ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن
ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئەمگىكىگە تايى-
نىپ توختاۋسىز ھالدا تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۇنى
ئۆزگەرتىپ، تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلى-
رى ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە، تارىم ۋادىسى، تۇرپان

ۋادىسى، جۇڭغارىيە ۋادىسى ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يېزىپ چىققان.

بىزگە مىراس قالغان بۇ زېمىن سان ـ ساناقسىز ھېكمەت ۋە سىرلار بىلەن تولغان. ئۇنىڭدا ئېقىنلار ئۇزۇلگەن، ئۇزۇلۇۋاتىدۇ؛ تەبىئىي ئورمانلار كېسىلگەن، كېسىلىۋاتىدۇ؛ تۇپراق سۇسىز قۇرۇپ قاغجىرىغان، يەنە بولۇۋاتىدۇ؛ يەرلەر شورلاشقان، بوستانلىقلارنى قۇم باسقان، يەنە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ؛ سۇ مەنبەسى ئاز ئىدى، داۋاملىق ئازىيىۋاتىدۇ؛ بۇ زېمىن قۇرغاق كېلىماتى، ئىنتايىن ئاجىز ئېكولوگىيىسى بىلەن ئېگىزلىنىۋاتىدۇ.

مانا، بىزگە مىراس قالغان بۇ زېمىن — چۆللۈك، بىپايان قۇم بارخانلىرى، قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار، تەبىئەتنىڭ جازاسى بىلەن قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن خاندانلىق — شەھەر خارابىلىرى، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن ئەجدادلار قەبرىستانلىقى، رەھىمسىز بوراندا ئۇچۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ئىزنالىرى، سۇسىز كۆللەر، گىياھسىز چۆللەر …

توۋا، توۋا دەيمەن، بۇ زېمىندا يەنە تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قىزىقتۇرغان تۈمەنمىڭ خىل تۈگىمەس باي-لىقلار، ئىنسانلار ئېچىشقا ئالدىراۋاتقان كانلار …

بىزگە مۇشۇ زېمىنلا ئەمەس، يەنە مۇشۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ھەممىنى تەبىئەت دۇنيا-سىدىن ئېلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى ئاچكۆزلۈك، رەھىمسىزلىك بىلەن دەپسەندە قىلىش ئادىتىمۇ مىراس قالغان ئوخشايدۇ. ئەترا-

يىمىزغا سىنچىلاپ قارىساق، كىشىلەر ئۆزلىرى نەپەس ئېلىپ، ئوزۇقلىنىۋاتقان بۇ زېمىننى قوغداش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خالىمايدىكەن. قانچىلىغان قانۇن - نىزاملار، ھەددى - ھېسابسىز مەمۇرىي بۇيرۇق، يوليورۇقلار ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنى بۇزۇشنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالالمىدى. «تەرەققىيات ئۈچۈن» دېگەن بىر ئېغىز سۆز، قارىغاندا، ھەممەيلەننىڭ ئەڭ ياخشى نىقابى ئوخشايدۇ.

مەن بۇ زېمىننىڭ بۇرۇنقى، ھازىرقى ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈۋېتىپ ھەمدە بۇ زېمىننىڭ ئېغىر تىنىقلىرىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ ئازابلاندىم، قورقۇنچلۇق خىياللار ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى، توساتتىن كۆز ئالدىمدا ئاللىقاچان خارابىلاشقان كىروورەن دۆلىتى، ئۈنتۈلغان يىپەك يولى، قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇر كۆلى، نەپىسى قىسىلغان تارىم دەرياسى نامايان بولدى.

## كىروورەن خىياللىرى

كىروورەن قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بىلەن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى.

تەتقىقاتلاردا ۋە خەنزۇچە ئەسەرلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى كىروورەن بوستانلىقىدا

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغان. بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرى بۇ بوستانلىق خارابىلىشىپ قۇم ئاستىدا قالغان. ئۇنىڭ خارابىلىشىشى كېيىنكىلەر ئۈچۈن تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلغان. 1900 -يىلى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىنگە يول باشلاپ ماڭغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى كىرورەن خارابىسىنى بايقاپ، ئۇنى خۇش خەۋەر سۈپىتىدە سۋېن ھېدىنگە يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ خارابىلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار باشلىنىپ كەتكەن.

بىزنى ئويغا سالىدىغىنى ۋە ئېچىندۇرىدىغىنى ئۇنىڭ يوقىلىش سەۋەبىدىنلا ئىبارەت. كىرورەن دۆلىتى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن لوپنۇر كۆلىدىن ھاسىل بولغان ئۈچ بۇرجەك رايونغا جايلاشقان. كىشىلەر دەل مۇشۇ جايدىن ئۇنىڭ خارابىسىنى تاپتى. ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كىرورەن خارابىلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھاۋا كېلىماتى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنىڭ ھاۋا كېلىماتىغا ئوخشاشلا قۇرغاق بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپى بۈك - باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، «ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇر كۆلى رايونى يېشىل پادىشاھلىق دېيىشكە مۇناسىپ ئىدى»، «خارابىلىقتىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، كىرورەن رايونىدىكى دەل - دەرەخلەر ھەم ئېگىز، ھەم يوغان ئۆسكەن، پەقەت قويۇق ئورمانلىق بولغاندىلا، ئاندىن يوغان ياغاچلارنى تاللاپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ»، «ياغاچ كىرورەننىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى بولغان. خارابىلىقنىڭ ھەممە يېرىدە چىرايلىق نەقىش ئويۇپ تۈۋرۈك ۋە باشقىلارغا

ئىشلىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچلار دۆۋىلىنىپ ياتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك توغراقلاردۇر» ، «گۈللەنگەن مەزگىلدە، كىرورەن رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 40% ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ» .
تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، كىرورەن دۆلىتى قاتمۇقات دەريا ۋە كۆللەر ئارىسىغا جايلاشقان، ئۇ يەردىكى سۇ بايلىقى ئىنتايىن مول بولغان. تەتقىقاتچىلار يەنە «لوپنۇر كۆلى ئەسلىدە كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دېڭىزى» ئىكەنلىكىنى، «ئۇ يەر سۇيى مول، يېرى مۇنبەت، ئورمانلىرى قويۇق ... جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، تەبىئىي شارائىتى ياخشى بولغاچقىلا غەربى رايوندىكى مەشھۇر بوز يەر ئېچىش مەركىزىگە ئايلانغان» لىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەتتا ئەنگلىيىلىك سىتەيىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن «دەريادىن كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۆتۈۋېتىپ، ئوتتۇرا ئېقىنىدا كېمە بۇزۇلۇپ قالدى» دېگەن ماتېرىياللارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالىملار چوڭقۇر ئىزدىنىپ، كىرورەن دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. دېمەك، بوستانلىقلار، مەدەنىيەت بۇلاقلىرى مۇشۇ زېمىندا بولغانىكەن، ھازىر زادى نەگە كەتكەندۇ؟

مەن كۆپ ئويلىنىپ يەنىلا ئىنسانلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئىنسان دېگەن قانائەتسىز مەخلۇق. كىرورەندە ياشىغان.

ـلار ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان ھەممە نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇپ تەرەققىي قىلىپ، كۆچىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەتلىـ ـرىنى، مۇبارەك قەدەملىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يەتكۈزۈپ شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرى دەسسەپ تۇرغان زېمىنـ ـنى، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشقا ئۇلگۈرەلمىگەن. ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە تەبىئەتتىكى تەييار نەرسىلەرنى، تەبىئەت مېۋىلىرىنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشقا ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشـ ـلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن، ئۇلار تەبىئەتكە كۈچ كۆرسىتىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ پائالىيەت قىلغان. دېـ ـمەك، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تەبىئىي مۇھىت بىلەن چەمبەرـ چەس باغلانغان. كىرورەندىنمۇ ئىنسانلارنى ئوتنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردىن ھوركۈـ تۈپ يىراق چۆل - جەزىرىلەرگە قوغلىۋەتكەندىن باشلاپ تەبىئىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ، يەنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سىستېمىسى تەشكىل قىلىدىغان ئامىلـ ـلارغا تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىغان. ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەدەنىي دەۋرگە قەدەم قويغۇچىلىك تەبىئىي مۇھىتقا پايدىسىز تالاي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسا، مەدەنىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن بۇنداق پائالىيەتلەر تېخىمۇ كۆچەيگەن ھەم دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۇلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى پۈتۈنلەي ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولغان. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ئورمانلار كەڭ

كۆلەمدە كېسىلىپ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنغان؛ نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا نۇرغۇن توسمىلار ياسىلىپ، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلغان، سۇ مەنبەلىرىنىڭ تارقىلىش ھالىتى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىندىكى سۇغا ئېھتىياجلىق بوستانلىقلار زىيانغا ئۇچرىغان؛ كىرورەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بوستانلىقلاردا ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى توختىمىغان، ئۇرۇش ئوتى تەبىئەتنىمۇ نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىتقان.

ھازىر ئارخېئولوگلار ۋە تارىخچىلار كىرورەننىڭ خارابىلىشىش سەۋەبى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر كىروەننىڭ يوقىلىشى تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن بولغان دېسە، كۆپ ساندىكىلەر ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كىروەننىڭ خارابىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. ئۇلار «ئىنسانلار تارىخىدا ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تەشكىللىك، كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەر تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل»، «تۆمۈر قورالنىڭ ئىشلىتىلىشى قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىسىنى تەبىئەتنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى. دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىش، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋ-

لاش قاتارلىقلاردا تۆمۈر قورال مۇھىم رول ئوينىغان. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان بۇزغۇنچىلىق كېڭەيگەن ۋە تېزلەشكەن». «··· كىرورەن بوستانلىقىنىڭ خارابىلىشىشى ۋە قۇملىشىشى پۈتۈنلەي شۇ جاينىڭ مۇھىتى قۇرغاق، سۈيى ئاز، دەريا ئېقىنى يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ رول ئوينىشىدىن بولغان»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى، بۇگۈرنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بازىلىرىنىڭ شورلىشىشى ئۇزاق مۇددەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇنىمۇ ئىجتىمائىي ئامىل تىپىغا كىرگۈزۈش كېرەك» دەپ قارىدى. بولۇپمۇ، بورىنلىڭ ئەپەندى بىلەن سۇ بىخەي ئەپەندى: «لوپنۇر كۆلىنىڭ ئىلگىرىكى، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندىكى ئۆزگىرىشى ھەرگىز تەبىئەتنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكتە تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولغانمۇ ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاساسلىقى ئادەمنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. ئىنسانلار قالايمىقان، نامۇۋاپىق سۇ باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەپ كۆرسەتتى.

كىرورەنىنىڭ ئۆمرى خېلىلا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئاساسىي جەھەتتىن شۇ مەزگىلدە كىرورەندە سۇ ئىچكەن، كىروەندە ئوزۇقلانغان، كىرورەندە كۆزى ئېچىل-

غان، كىروورەندە كۆلۈپ يايرىغان ئىنسانلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان. دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن، يىراق، يات ئەللەردىن بۇ زېمىنغا ئاچكۆزلۈك بىلەن سوزۇلغان قوللار بۇ زېمىننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاتىللىرىدۇر. كىروورەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بار- لىققا كەلتۈرگەن، ئىقتىساد ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قوشنا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن، شۇن- داقتىمۇ ئۇ ئاخىر تىنىقتىن قالغان؛ كىروورەنلىكلەرنىڭ تۇرلۇك مەنپەئەت، مۇددىئالىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىلمىي بولمىغان نامۇۋاپىق ئېچىش، توسۇش، ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاپەتنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئاخىر تەبىئەت- نىڭ جازاسى ئۇلارنى ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلغان؛ كى- روەنلىكلەر تەبىئىي مۇھىتنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇنى قاتتىق تېجەپ سۇ ئىشلەتكۈچىلەردىن سۇ بېجى ئېلىشنى بەلگىلە- گەن بولسىمۇ ھەممە بىر تۇرلۇك «ئورمان قانۇنى» نى تۈزۈپ «دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن كەسكەنلەرگە، كىم بولۇشىدىن قەتئىي- نەزەر، بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەرەخلەرنىڭ شېخىنى كې- سىۋەتكەنلەرگە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن (بۇ جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى ئورمان قانۇنى بولۇشى مۇمكىن) بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، بۇ خۇددى «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغان» دەك بىر ئىش بولغان.

سەلتەنەتلىك بوستانلىقلارنىڭ خارابىلىشىشى ۋە بۇنىڭدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ رولى بىر ئاچچىق رېئاللىق، بىز بۇ رېئاللىق ئالدىدا كىروورەن ھەققىدىكى خىياللىرىمىزنى بۈگۈنكى بوستانلىقلىرىمىزغا يۆتكىمەي تۇرالمايمىز.

## كېسىلىۋاتقان «تومۇرلار»

مېنىڭ كۆلكەم، مېنىڭ شادلىقىم، مېنىڭ ناخشىلىرىم، مېنىڭ شېئىرلىرىم ئورمانلىقلاردا تاتلىق ئىدى؛ مېنىڭ ئەقلىم، مېنىڭ تەنلىرىم، مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئاشۇ ئورمانلىقلاردا يېتىلگەن؛ مېنىڭ قانلىرىم، مېنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىم ئورمانلىقلاردا ئۆركەشلىگەن؛ مېنىڭ كىتابلىرىم ئورمانلىقلاردا ۋاراقلانغان، مېنىڭ قەلەملىرىم ئورمانلىقلاردا ئۇچلانغان، مېنىڭ تەپەككۇرۇم ئاشۇ ئورمانلىقلاردا قاناتلانغانىدى.

ئۇ مېنىڭ بالىلىقىم ئىدى، ئۇ كۈنلەر يىراقتا قالدى.

12 ـ 13 ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىز دوستلار بىرلىشىپ ھەر يەكشەنبە كۈنى پالتا - كەكىلىرىمىزنى ئېلىپ، ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، سازلىق، قومۇشلۇق، كۆللۈكلەردىن ھالقىپ، چەرچەن دەرياسىدىن سۇ كېچىپ ئۆتۈپ، خېلى ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ، دەريا بىلەن بىپايان قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي يېشىل توساق بولۇپ شەكىللەنگەن يۇلغۇنلۇققا بېرىپ بىر ھازا دەم ئالاتتۇق، كەسلەنچۈك قاتارلىق قۇملۇقتىكى ئۆششاق جانلىقلارنى تۇتۇپ ئويناتتۇق، دەريا سۈيىگە قانغۇچە چۆمۈ-

لەتتۇق. ئاندىن دادىلىرىمىز ئېكەك سىلىپ ئىتتىكلىتىپ بەر-
گەن ئەپچىل پالتىلىرىمىزنى ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ يۇمران بار-
ماقلىرىمىزچىلىك بولغان يۇلغۇن نوتىلىرىنى قىيىپ، چىرايلىق
رەتلەپ تېڭىپ يۇدۇپ قايتىپ كېلەتتۇق. ئۆگزىلىرىمىزگە تىز-
ۋەتكەن يۇلغۇنلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىناتتۇق، ئاتا - ئانىلى-
رىمىز بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزدىن زوقلىنىپ پېشانىلىرىمىزگە
سۆيۈپ كېتەتتى، بىزنىڭ تېخىمۇ چىرايلىق يۇلغۇنلارنى قىيىپ
كېلىشىمىزگە ئىلھام بېرەتتى. «ئىشچان» لىقىمىزدىن خەۋەر
تاپقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ بىزنى ماختاپ تەقدىرلەيتتى. باشقا
باللارمۇ بىزدىن ئىلھاملاندى بولغاي، بىزنىڭ يۇلغۇن قىيغۇچى
قوشۇنىمىز بارغانسېرى زورايدى. بىز يۇلغۇنلارنى قىيىپ ئەكى-
لىۋەردۇق …

شۇ كۈنلەرنى ئويلىسام خىجىل بولىمەن. ئەڭ كۈلكىلىك،
ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بىزنىڭ شۇ ئىشلىرىمىزغا ئىلھام
بېرىپ بىزنى «ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» قىلىدىغانلار كۆپ ئى-
دى، تەبىئەتنى بۇزماڭلار، زىيان بولىدۇ دېگۈچىلەر يوق ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ھېلىقى دەريا بويىغا بارسام ئاشۇ كۆز يەتكۈ-
سىز يېشىل توساقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى
قۇم بارخانلىرى ئىگىلەپتۇ، دەريادا سۇ ئەمەس قۇم ئاققاندەك
كۆرۈندى.

ھازىر بىزنىڭ باللىرىمىز ئورمانلار ھەققىدىكى قوشاقلارنى
يادلاپ، ئورمانلار ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، يول
بويلىرىدىكى ئىس باسقان دەل - دەرەخلەرنى كۆرۈپ يۈرۈيدۇ.

كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ئورمان دېگەننى كۆرەلمەسلىكى، بىلمەسلىكى، ئورمان گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالماسلىقى مۇمكىن. نى - نى ئورمانلىقلار تۈپتۈز تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلۇۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ تەكشۈكلۈقى بۇزۇلۇپ، ئىنسانلار خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئورمان سورىقى كەسكىنلەشمەكتە.

ئىنسانلارنىڭ تويماسلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ۋەيران قىلىش كۆلىمىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشىغا سەۋەبچى بولدى، پۈتكۈل ۋەيران قىلىش جەريانلىرىدا ئاقىۋىتى ئەڭ ئېغىر، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغىنى ئورمانلارنى خالىغانچە كېسىش، تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنى بۇزۇش بولدى. ئورمان قۇرۇقلۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى، ئۇنىڭ يېشىللىقى ۋە ياشىرىشى يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ گۈللىنىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددا ئالمىشىش ۋە ئېنېرگىيە ئالمىشىشتا، تۆت پەسىلنىڭ دەۋرىيلىك ئالمىشىشىدا ئورمان بولمىسا بولمايتتى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىمۇ يامان كۈنگە قالدى؛ ئورمان ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش، كېلىماتنى تەڭشەش، بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىپ قۇمنى تىزگىنلەش، سۇ مەنبەسىنى ئاسراش، سۇ، تۇپراقنى ساقلاش، تۇپراقنى ياخشىلاش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. بۈگۈن ئۇ كۆپلەپ دەپسەندە قىلىندى، ياش تۆكتى.

ئادەملىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا، گەپ - سۆزلىرىگە

قارىساق، ئورماننىڭ، يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئەتتە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز، تىنىقلىرىمىز
بىلەن ئالاقىسى يوقتەك قىلىدۇ. كىشىلەر ئورماننى كېسىش
كېرەك دېگەننىلا ئويلايدۇ. ئورمان دېگەن كېسىش ئوبيېكتى
ئەمەس، ئۇ ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر كاپالىتى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ
مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بۆشۈكى، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە قۇم بارخا-
نلىرى ئارىسىدىن ئەمەس ئورمانلار ئارىسىدىن چىقىپ بۈگۈنگە
كەلگەن، ئەپسۇس، بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزدا ئۆزىنى باققان بوس-
تانلىقلارنى قەدىرلىگۈچىلەر زادى قانچىلىك؟ قەدىرلىك قېرىن-
داشلىرىم، بىز ھەممىمىز تارىم بويىدىن كەلگەن، نېمە ئۈچۈن
يەنە بىزنىڭ ئورمانلارنى ۋەيران قىلىشىمىز تارىم بويىدىن باشلى-
نىدۇ؟ ئەجدادلىرىمىز بۇزۇلغان، تۈگىگەن بوستانلىقلارنى تاش-
لاپ يەنە بىر بوستانلىقلاردا ماكان تۇتۇپ ياشاپ، ئاپەتنىڭ پۇراق-
لىرىنى بىزگە قالدۇرۇپتۇ، ئېكولوگىيىسى ئىنتايىن ئاجىز،
خارابىلىرى، چۆل - جەزىرىلىرى كۆپ، يېشىللىقلىرى ئاز بۇ
زېمىننى بىزگە قالدۇرۇپتۇ، بىز ئەمدى كېيىنكى ئەۋلادلارغا
ھېچنېمىسى يوق ھالاكەت باسقان زېمىننى قالدۇرامدۇق؟ ئور-
ماننى قۇتقۇزۇش، ئەۋلادنى قۇتقۇزغان بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن رەھىمسىز ئۇ-
رۇشلاردا سانسىزلىغان ئورمانلار، جەننەتتەك بوستانلىقلار ۋەي-
ران بولغان. مەسىلەن، ئامېرىكا - ۋېيتنام ئۇرۇشىدا ۋېيتنام-
نىڭ 18 مىليون مو ئورمانلىقى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان،
بىزنىڭ بۇ زېمىندىكى تىنچ شارائىتىمىزدا، ھازىرمۇ ئۇرۇش

جىنايەتچىلىرىدىنمۇ ۋەھشىي ھالدا ئورمانلارنى ۋەيران قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار بار دېيىلسە مۇبالىغە بولماس. ۋەيران قىلىنغان، ۋەيران قىلىنىۋاتقان ئورمانلار ئاشۇ ئۆرۈش ئوتى ئېچىدىكى جايلارنىڭكىدىن ئاز ئەمەس. مۇشۇ مىنۇتتا، مۇشۇ زېمىننىڭ قايسىدۇر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، كىشىلەر ۋەزىپە ئورۇنداش، ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، تېخى تونۇلغۇن ئۆزلىرى بەرپا قىلغان ئورمانلىرىنى ئاللىقانداق ئېھتىياج، ۋەزىپىلەر ئۈچۈن ئاشكارا ياكى ئوغرىلىقچە كېسىۋاتقاندۇ.

ئايدىڭ كېچىلەردە، ئورمانلىقلارغا، تارىم ۋادىسىدىكى توغراقلىقلارغا بېرىپ قالسىڭىز، پالتىلارنىڭ ئورمانلارغا ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالمايسىز، توپا ئېتىتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ تەبىئىي ئورمانلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— يەر ئاچىمەن.

— ئورمانلارنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە يەر ئېچىشنى كىم ئۆگەتتى؟

— پۇل ئۆگەتتى، مەن بۇ يەرنى سېتىۋالدىم.

— سۇ مەسىلىسىنى ئويلاشتىڭمۇ؟ توغراقلار كەڭ كۆلەمدە ۋەيران بولسا، بۇ يەردىكى سۇ، تۇپراق ئېقىپ كېتىدۇ.

— تارىم دەرياسىدىن ئېچىق ئاچىمەن، تارىم دەرياسىدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالسا، يەر ئاستىدىن سۇ تارتىپ سۇغىرىمەن.

— يەر ئاستىدىكى سۇمۇ تۈگەپ كەتسىچۇ؟

— بۇ يەرنى تاشلاپ سۇ بار يەرگە يۆتكىلىمەن.

— ھەممە يەردە سۇ تۈگىسىچۇ؟

— تاپقان پۇلۇمنى چۆنتەككە سېلىپ يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىمەن.

بۇنداق سوئال، بۇنداق جاۋابلارنى بىز كۆپ ئاڭلاپ كەتتۇق.

ئورماننى ۋەيران قىلغۇچىنىڭ بىر كۈنلەردە نەلەرگىدۇ يوقالغىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنى تاپالمايدىغانلىقىنى بىز تېخىمۇ كۆپ كۆردۇق.

سىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى بازىرىغا بېرىپ قارىسىڭىز، تېنىدىن تاغ، تۇپراق پۇراپ تۇرغان، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىمالىي شىنجاڭ تاغلىرىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلاردىن توشۇلغان. كىشىلەر ئۇنى باي بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ بازاردا ساتىدۇ.

— سىلەر بۇنى قانداق توشۇپ كەلدىڭلار؟

— ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىن توپ باھادا ئەرزان سېتىۋېلىپ، بازاردا پارچە ساتىمىز.

— ئورمانچىلىق مەيدانىنى ئۆزىمىز كۆتۈرە ئالغان، بازارغا يارىغۇدەكلىرىنى كېسىپ ساتماي نېمە قىلىمىز؟ ...

— ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ تەستىقىنى ئېلىۋالدۇق، يۆتكەپ كېلىشتە كۆپ قىينالمايمىز.

ئىگىلىشىمچە، ياغاچ سودىگەرلىرى پايدىنى كۆزلەپ رەھبەرلەرنىڭ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىۋالدى-

كەن، ئالاقىدار كىشىلەرگە كۆپ مىقداردا پارا بېرىپ (دۆلەتنىڭ بايلىقىنى سېتىپ قىلغان كىرىمدىن يەنە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە پارا بېرىدىكەن)، يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ سودىسىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ھەتتا بەزىلەر دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ «ئورمان پادىشاھى» بولۇۋالىدىكەن. بۇنداق ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋىرى بارلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشقا يول ئېچىپ بەرگەنلىك ئىكەن. ئىسىت، گۆھەردەك تاغلار، سەن بۈگۈن شۇ قەدەر باي، يەنە كۈندىن - كۈنگە باي بولارسەن لېكىن سەن سانسىزلىغان ئاچكۆزلەرنى باي قىلىپ ئەڭ ئاخىر ئۆزۈڭ نامراتلىقتا ئېچىنىشلىق ھالغا قالىسەن، چۈنكى سەندە ئورمان تۈگەيدۇ! ئادەمسىز جايلىرىڭ تۈگەيدۇ! چۈنكى ئاشۇ قېرىنداشلار سېنىڭ باغرىڭدا كېسىۋاتقىنى ياغاچ ئەمەس، سېنىڭ تومۇرلىرىڭ. باي بولغۇچىلارنىڭ ئاشۇ تومۇرلارنى قۇرۇتالماي ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئاندىن كېسىشلىرىچۇ تېخى ...

سىز تارىم بويلىرىغا، لوپنۇر كۆلى (ئۇنىڭ كۆللىكى تارىختا ئايلاندى) ئەتراپلىرىغا بېرىڭ. قەدىمدىن تارتىپ ئاشۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا، بىپايان چۆلدە، كىشىلەر «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتايدىغان جايدا، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى قوغداپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلارنىڭ ھالىنى كۆرىسىز. سۇسىز، پەرۋىشسىز قالغان توغراقلار يىغلاپ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزدى، ئاخىرى تېنىدىكى نەملىك تۈگەپ قاقشالغا ئايلاندى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشتىن قالدى.

. بىزنىڭ بۇ چۆللۈكلىرى چەكسىز، بوستانلىرى چەكلىك زېمىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر تۈپ دەرەخنىڭ كېسىلىشى ھالاكەت دېگىزىغا بىر قەدەم يېقىنلاشقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

## توغراقلار نېمە دەيدۇ؟

بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزدا توغراقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇگۈن رىۋايەت ئاڭلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى قالمىدى، ئاشۇ رىۋايەتلەر گەرچە گۈزەل بولسىمۇ، بىزنى ھاياجانلاندۇرسىمۇ ...

توغراقلىرىمىزنىڭ تارىخى بىزنىڭ تارىخىمىزدىن ئۇزۇن. ئىنسان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا توغراقلىرىمىز بىزنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىشىمىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان، بىزنى قوغداشقا، بىزنى كۆكلىتىشكە، بىزنى غېرىپلىقتىن ساقلاشقا يارالغان. مۇشۇ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن، ئۇ ياشىرىپ 1000 يىل، قۇرۇسا تىز پۈكمەي يەر يۈزىدە تىك تۇرۇپ 1000 يىل، يىقىلغاندا يەنە يەرنى باغاشلاپ 1000 يىل ياشاشقا ۋەدە قىلغانمىش.

قانچىلىغان سەركەردىلەر ئۇنىڭ ھىمايىسىدە لەشكەر تارتىپ مۇشكۇل سەپەرلەردە نىشانغا يەتكەن؛ قانچىلىغان پادىشاھلار ئۇنىڭ ھىمايىسىدە سەلتەنەت سۈرۈپ جاھانغا نامىنى تارالتقان؛ قانچىلىغان سەيياھلار، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاچقۇچىلىرى، قىتئەنى قىتئەگە، ماكاننى ماكانغا، كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە ئۇلىغۇ-

چى ئەلچىلەر ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تاماملىغان، قانچىلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ، ئۇنىڭ شىرنىسىنى شوراپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان؛ قانچىلىغان مۇساپىر بەندىلەر، يېتىم - ئاجىزلار ئۇنىڭ خىسلەتلىرى بىلەن ساقلانغان نەملىكتە جېنىنى ياشارتقان، ئۇنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارنى سانىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان، ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ساتارلار تارىنى چەككەن، ھاياتلىق تېگىنى كۈتكەن. قىسقىسى، توغراقلار مۇشۇ زېمىننى قوغداپ، مۇشۇ زېمىننى بېقىپ، ياشارتىپ كەلگەن، بۇ زېمىندىكى خەلقنى تېز پۈكمەس، قەيسەر، ئىرادىلىك قىلىپ يېتىلدۈرگەن. چەكسىز قۇم بارخانلىرى بىلەن چۆللۈكلەر ئۇچراشقان جايلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلار ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇت تېنىنى، قېلىن، قاتمۇقات قوۋزاقلىرىنى، چىرايلىق ياپراقلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغىنىڭىزدا ياكى قۇملۇقتا يېپىنچا بولۇپ يېيىلغان غازاڭلارنى ئاۋايلاپ دەسسەپ توغراقلار ئارىسىدا سەيلە قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تەبىئەتنىڭ قوينىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە سىزگە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كېلىپ چىقىشىنى ئەسلىتىدۇ.

بۈگۈن، ئىنسان يۈكسەك مەدەنىيلىككە يۈزلەنگەن، يېڭى بىر ئەسىرگە ئۆتۈش ھارپىسىدا توغراقلار چىدىغۇسىز ئازابلارنىڭ، بۇزغۇنچىلىنىڭ، ۋاپاسىزلىقنىڭ ئۆزلىرى باققان ئاشۇ ئىنسانلاردىن كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى. ناۋادا ئۇلارمۇ «ئىنسان بالىسىنى باقساڭ ئېغىز - بۇرنۇڭنى قان قىلار،

ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئېغىز - بۇرنۇڭنى ياغ قىلار» دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىغان بولسا، پۈتكۈل ھايۋانلار توپىدىن بىر ئامال- لارنى قىلىپ ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، تىنچ، ئازادە، ئادەم- سىز گۈزەل ھايۋانات باغچىسىغا ئايلاندۇرمىدىكىن ...

بىز بەختلىكمۇ؟ تەڭرى ھەممە توغراقلارنى بىزگە بەرگەن؛ بىز بەختسىزمۇ؟ بىز توغراقلارنى قارا يۈزلۈك بىلەن تاشلاپ قويدۇق. تارىم ئويمانلىقى نەدە؟ ئۇ بىزدە، بىزنىڭ مۇشۇ گۆھەر زېمىنىمىزدا.

مانا قاراڭ، تارىم ئويمانلىقىدىكى توغراقلار جۇڭگودىكى توغراقلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 91% نى، دۇنيا توغراقلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 60% دىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. تارىم ئويمانلىقى — دۇنيادىكى توغراقلارنىڭ تارقىلىش مەركىزى. بۇ يەردىكى توغراقلىق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھەمدە بىردىنبىر قوم- لۇق ئىپتىدائىي توغراق ئورمىنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تارقى- لىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ- بى ۋە شىمالىدىكى چوڭ - كىچىك ئېقىنلارغا، تاغ ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان. تارىم ۋادىسىدىكى يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، كۈيتۈن دەرياسى، چىشگۈر دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار- غىمۇ تارقالغان. ئاشۇ قەيسەر توغراقلار گەرچە سۇسىز قىينىلىپ ياپرىقى تۆكۈلگەن، شاخلىرى سۇندۇرۇلغان، قوۋزاقلىرى يېرىل- غان بولسىمۇ يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى چۆللۈك ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئاساسى، بىر تېپىلغۇ-

سىز تەبىئىي يېشىل توساق. ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۇنۇمى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، ئىقتىسادىي ئۇنۇمى ئىنتايىن يۇقىرى. تا- رىم ۋادىسىدىكى توغراقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېشىل يېپىنچى- لار شىنجاڭ خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغان، قەدىمدىمۇ شۇنداق بولغان، بۇنىڭدىن كې- يىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ كېلىماتنى تەڭشەش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، دەريا قىرغاقلىرىنى مۇ- ھاپىزەت قىلىش، قۇمنىڭ كېڭىيىشىنى تىزگىنلەش، دەريا يو- لىنى مۇقىملاشتۇرۇش، بوستانلىقنى قوغداش، چۆلنىڭ ئېكولو- گىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارى- نىڭ ئورنىنى بۇ زېمىندا ھېچ نەرسە ئالالمايدۇ.

نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، ئورمانلارنى بۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يەر ئېچىش، دەريا سۈيى كېمىيىش، توغراقلارنى خالىغانچە كېسىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توغراق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە ئازايدى. ئىپتىدائىي ئورمانلار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. ھازىر ئېشىپ قالغى- نى ئاساسەن، ئادەملەر ۋەيران قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا يېتىشتۈرگەن نوتىلار ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭمۇ ھالى خاراب. ئور- مانچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1958- يىلى دۆلەت ئۇنۇۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى تارىم ئويمانلىقىدى- كى توغراقلارنى ستاتىستىكا قىلغاندا، توغراق ئورمىنى 7 مىل- يون 800 مىڭ مو، زاپىسى 5 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر

ئىدى. 1979 ـ يىلغا كەلگەندە ئاران 4 مىليون 200 مىڭ مو قالغان. قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە 46% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە سۇسىز قۇرۇپ كەتكىنى 13% نى ئىگىلىگەن.

تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى توغراق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 50ـ يىللاردا 5 مىليون 100 مىڭ مو ئىدى. 1979 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشتە ئاران 2 مىليون 100 مىڭ مو قالغان. 20 يىل ئىچىدە 58.8% ئازايغان، زاپىسى 1 مىليون ئەتراپىدا قالغان. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، 50 ـ يىللاردىكى توغراق كۆلىمى 810 مىڭ مو ئىدى. 1979 ـ يىلغا كەلگەندە 240 مىڭ مو قېلىپ، 69.4% ئازايغان. 1995 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 110 مىڭ مو قېلىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 54% ئازايغان. توغراقلارنىڭ يېتىلىشى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى دەريا ۋادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەريا ۋادىسى ئۇنىڭ ئاساسى، دەريا بويىدىكى سايلار ئۇنىڭ بۆشۈكى، يەر ئاستى سۈيى بولسا ئۇنىڭ جان تومۇرى، بۈگۈن ئاشۇ ۋادىلارغا، ئاشۇ بۆشۈكلەرگە، ئاشۇ تومۇرلارغا نېمە بولدى؟

بىر چاغلاردا ئارغان ۋە قورغان دېگەن جايدا چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ توغراقلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتلىرى بار ئىدى. پونكىتتىكى خادىملار سۇسىز قېلىپ، توغراقلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ تاشلاپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇ يەردىكى 100 مىڭ 500 مو توغراق قۇرۇپ كەتتى، ئورمان دېگۈچىلىك بىر نەرسە قالمىدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە مۇ-ھىتتا كەڭ كۆلەمدە ئورماننى بۇزۇپ يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتنى دەپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى ئۇنتۇدۇق. «پۇل» دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ئىككى يۈزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى بىلەن تولدى. شۇنداقتىمۇ بىز ھەممىنى ئۇنتۇپ ھەرىكىتىمىزنى بەس - بەس بىلەن داۋاملاشتۇردۇق، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قىرىپ تاشلاپ بوز يەر ئېچىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ۋەيران بولغان زاۋۇت، كانلار ۋە باشقا سانائەت كارخانىلىرىدىن پۈتمىنى تارتىپ، يانچۇققا تېز - تېز، كۆپلەپ پۇل كىرگۈزىدىغان «بوز يەر» ئېچىشقا ئاتلىنىپ كەلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سۇ، تۇپراقنى ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1996-يىل 6- ئايدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەر ۋە يېزا ئىگىلىك 1-شىسى ئاچقان بوز يەر 649 مىڭ 500 مو بولۇپ، بۇنىڭ 60% ىدىن كۆپرەكى چاتقاللىق ياكى توغراقلىق ئىكەن. 1996-يىل 9 - ئايدا ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تارىم دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدا تەكشۈرۈپ ئىگىلە-شىچە، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز شىركەتلەر 40 مىڭ مو يەر ئاچقان، بۇنىڭ 60% ى توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە چاتقاللىق ئىكەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. 1998 - يىل 8-ئاينىڭ 19 - كۈنى «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى»

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر لوپنۇر ناھىيىسى-نىڭ يېزىلىرىدىكى توغراقلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش رايونىدا كې-شىلەرنىڭ ئورمانلارنى بۇزۇپ يەر ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆ-چۈپ كەتتى. چۆچۈگەننىڭمۇ بەزىدە پايدىسى بولىدۇ، ئۇ غەپلەت-تىن ياخشىراق. لوپنۇر ناھىيىسى ئاشۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا خېلى كۆچ چىقىرىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ 300 دىن ئارتۇق سۇ ناسوسىنى ئورنىتىپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىغان. ئۇلار 1988 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئورمانلىقلارنى بۇزۇپ 80 مىڭ موغا يېقىن بوز يەر ئاچقانىكەن.

1996 - يىلى 5 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىش رايونى ئىچىدە بوز يەر ئاچقۇچىلار 162 ئائىلە، ئاچقان بوز يەر كۆلىمى 43 مىڭ 320 مو ئىكەن. مۇھاپىزەت رايونى ۋە تارىم دەرياسىغىچە 2000 مېتىر ئارىلىقتىكى دائىرىدە بوز يەر ئېچىۋاتقانلار 129 ئائىلە، ئاچقان يېرى 30 مىڭ 785 موغا يەتكەن.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا يوللىغان بىر پارچە دوكلاتىدا ئىنكاس قىلىنىشىچە، پەقەت شايار ناھىيىسىلا يېقىنقى بىر قانچە يىلدا توغراقلىقنى باشقۇرۇش تەۋەسى دائىرىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىر-غىقىدىكى ئورمانلىق رايونىدا 90 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئاچقان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆزى باشلامچى بولۇپ، مەلۇم بىر يېزىغا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا سودا -

سانائەت شىركىتى بىلەن 20 مىڭ مو ئورمان يېرىدە بوز يەر ئېچىش كېلىشىمى تۈزۈشنى ھاۋالە قىلغان، ئۇلار ھېچقانداق رەسمىيەت ئۆتمەيلا ئىش قىلغان.

خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە بارغىنىڭىزدا، ناھىيە بازىرىغا يىراقراق جاي-لاردا نۇرغۇنلىغان ئاپتوموبىل، تراكتور، ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىلىرىنىڭ لىق «ئوتۇن بېسىپ» ئېغاڭلاپ كېلىۋاتقانلى-قىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ كولاپ ئەكەلگىنى ئوتۇنمۇ؟ ياق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، ئەۋلادلىرىنىڭ رىسقىنى، ئانا يەرنىڭ قان تومۇرلىرىنى كېسىپ ئەكىلىپ سېتىپ، كۆيدۈ-رۈپ تۈگىتىۋاتىدۇ، ئىگىلىنىشچە، ئاۋات ناھىيىسىدىلا ھەر كۈنى 1200 ھارۋىدىن ئارتۇق «ئوتۇن» ئەكىلىدىكەن. خوتەن ۋىلايىتىدە «ئوتۇن» لارنى قالايدىغان خىش، ھاك خۇمدىنىدىن 200 دىن ئارتۇقى بولۇپ، ھەر يىلى توغراق ۋە يۇلغۇندىن 10 مىليون توننا كۆيدۈرىدىكەن. ھەر مو يەردىن 5000 كىلوگىرام «ئوتۇن» چىققتى دېسەك، ئۇلار ھەر يىلى 2000 مو يەردىكى ئورماننى كۆلگە ئايلاندۇرغان بولىدۇ.

شىنجاڭنى تونۇشتۇرغان، تەشۋىق قىلغان كىتابلارنىڭ ھەم-مىسىدە دېگۈدەك «يېرى كەڭ، بايلىقى مول» دېگەن سۆزلەر بار. دېمىسىمۇ جۇمھۇرىيەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭ بۇ نامغا مۇناسىپ. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر بولسىمۇ، كىشى-لەرنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بوستانلىق بەك ئاز بولۇپ،

ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 4.2% ىنى، تېرىلغۇ يەر 2.39% ىنى ئىگىلەيدۇ.

بوز يەر ئېچىش كۆلىمى كۈنسېرى كېڭىيىش بىلەن بىللە، ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولمىغان ئېچىش ئۇسۇلىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن زور بولماقتا. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچتىن بىر قىسىم بوز يەر ئېچىش تۈرىدە ھازىرغا قەدەر بوز يەر ئېچىش ئىجازەتنامىسى ئېلىنمىغان. بەزى جايلار ئاۋۋال بوز يەر ئېچىپ، رەسمىيەتنى كېيىن بېجىرىشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان. ئاقسۇ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش تۈرلىرىدە ئىجازەتنامە بېجىرمىگەن ئەھۋالدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئىش باشلانغان؛ ھازىر نۇرغۇن بوز يەر قاقاس چۆللەردە ئەمەس، ئورمانلىق، شالاڭ ئورمانلىق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكى بار چۆل، ئوتلاقلاردا ئېچىلىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا ئىنتايىن قىممەتلىك ئورمانلىق ۋە ياخشى ئوتلاقلار بوز يەر سۈپىتىدە ئېچىلىۋاتىدۇ، گىياھسىز چۆل - باياۋانلارنى ئاچقانلار ناھايىتى ئاز. قىزىق يېرى، 1988 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرلۈك يول بىلەن ئېچىلغان بوز يەر 6 مىليون 337 مىڭ مو بولۇپ، ئۇنىڭ ئاران 70% ى قانۇنلۇق تەستىقلانغان؛ قارىغۇلارچە سۈرئەت قوغلاشقانلىقتىن، بەزى جايلار ئېكولوگىيىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مەبلەغ سېلىشقا خېرىدار چاقىرغانلىقتىن، بوز يەر بايلىقىنى ئېچىش

سەۋيىسى ۋە ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇش يولىغا كىرىپ قالدى، بەزى بوز يەرلەر سۇ يېتىشمەسلىك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن تاشلىۋېتىلىپ، يېڭى - يېڭى چۆللۈكلەر شەكىللەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى يەر مۇلكىنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقان قىممىتى 100 نەچچە مىليونغا يېتىدۇ.

بىز دە ئاشۇ توغراقزارلىقلارغا، يۇلغۇنلۇقلارغا، يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرگە، تارىم ۋادىسىدىكى گۈل - غۇنچىلارغا ئوخشاش گۈزەل سۈرەتلەرمۇ بار، ئۇزاقتىن بۇيان تەرەققىي قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ نۇرغۇن ئېتىزلارنى بەرپا قىلدۇق. بىر ھېسابتا بۇنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئېنگلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دا ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز ھەر قېتىم مۇشۇنداق غەلىبە قىلغاندا، تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئالدى، بىزنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىمىز يەنىلا يوقالدى»، «ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىمىز بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ يات مىللەتلەرگە قىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئەكسىچە، بىز ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەر ئەمەسمىز، بىز جۈملىدىن بىزنىڭ تېنىمىز، قېنىمىز ۋە مېڭىمىزنىڭ ھەممىسى تەبىئەت دۇنياسىغا تەۋە، بىز تەبىئەت دۇنياسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز» دېگەن. شۇڭا، تەبىئەتكە قايتۇرىدىغاننى قايتۇرماي بولمايدۇ.

توغراقلار نېمە دەيدۇ؟ ئۇلار بىزگە نالە قىلىپ: «سىلەر-نىڭ ئايىغىڭلار تەگكەن جايلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن قاقاس-لىققا ئايلىنىپ، بەزىدە بوستانلىقلارغا ئايلىنىدۇ؟ سىلەر يا بىر - بىرىڭلارغا ئوخشىمامسىلەر ياكى بىزگە بېرىدىغىنىڭلار، بىز-دىن ئالىدىغىنىڭلار ياكى بىزگە مېھىر - مۇھەببىتىڭلار ئوخشاش بولمامدۇ؟ بىزنى قەدىرلەڭلار، كېيىنكى ئەۋلادلارنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلار، بىز سىلەرنى ئاخىرغىچە قوغدايمىز. بىزنى قوغدىساڭ-لار ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرنى ئۇنتۇمايدۇ. خۇددى رىۋايەتلەردىكى-دەك، خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك بىزنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولغان ئىنسانلارنىڭ ئايىغى تەگكەنلا جايدىن بىر تۈپتىن توغراق ئۈنۈپ چىقىدۇ لېكىن بىزنىڭ سەۋرى - تاقىتىمىزنىڭمۇ چېكى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دەيدۇ.

## «يېشىللىق بىزگە قالسۇن»

50 - يىللارنىڭ بېشىدا پارتلىغان چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ دۇنيانى تىترەتكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي چاۋشيەن ئىككى دۆلەت ھۆكۈ-مەتلىرى كېڭىشىپ، ئۇزۇنلۇقى 243 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4000 مېتىر كېلىدىغان بىر جاينى ئادەمسىزلەندۈرۈپ ئۇنى ئۇرۇش ئوتىدىن خالىي قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن كىشىلەر بۇ غەيرىي ھەربىي رايوندا بىر مۆجىزىنى — بۈك - باراقسان ئورمان-لىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن. ھازىر بۇ جاي دۇنيا بويىچە

ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارامگاھى بولۇپ قالغان. مۇتە-خەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئورمانلىرى ۋەيران قىلىنىپ تېرىلغۇ يەر قىلىنغان ھەمدە بىزدىكىگە ئوخشاش كېيىن تاشلىۋېتىلگەن ھەر قانداق بىر پارچە يەرگە تويىمغۇر ئادەملەر بىر مەزگىل ئاياغ باسمىسا، پەقەت ئون يىللا ئادەمسىزلەندۇرۇلسە، يېڭى بىر ئور-مانلىق شەكىللىنەلەيدىكەن. دېمەك، بۇ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئا-دەمسىز رايونلار بولۇشى كېرەك. تەبىئەت ھەرقاچان ئاشۇنداق ئادەمسىزلىنىش ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقانمىكىن دەيمەن.

مەن تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇردىن چاقىلىقتا سوزۇلغان 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولدا كېتىۋېتىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپى-دىكى توغراق، يۇلغۇن، قۇمۇشلۇقلاردىن ھاسىل بولغان بىر چاغلاردىكى مەشھۇر «يېشىل كارىدور» نىڭ يوقالغانلىقىنى، كۆز يەتكۈسىز كۆللەر ۋە كۆللەردە يۈرگەن ئاققۇلارنىڭ يوقالغانلىقى-نى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ياش تۆكتۈم.

مەن جاھانغا مەشھۇر «قۇملۇق تاشيولى» دا كېتىۋېتىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ توغراق، يۇلغۇن ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى داۋاملىق ھەيۋەت بىلەن تۈرتۈپ زېمىننى تىترىتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يەنە ياش تۆكتۈم.

بۇ زېمىندىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلار خۇددى بۇ زېمىندىكى خەلققە ئوخشاش ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، ئۇ-لارنى كېسىپ قۇرۇتۇش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن «قۇم-لۇق تاشيولى» بويلىرىدا، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، يەر ئاچقۇچى «خوجايىن» لارنىڭ كېسەلمىگەن توغراق، يۇلغۇن-

لارنىڭ تۈۋنى كولاپ پارتلاقۇچ دورىسىنى قويۇپ پارتلىتىپ ياكى تراكتور بىلەن تارتىپ قومۇرۇپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە ياش تۆكتۈم ...

ياش تۆككىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ دۇنيادىكى بارلىق زېمىن-لارغا ئوخشاش، بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزمۇ ئەزەلدىن كۆز يېشىغا ئىشەنمىگەن. ئەڭ مۇھىمى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەدەم بېسىش، تەڭرىدىن ئاشۇ نەپسى يامان ئىنسانلارنىڭ ئىنسابىنى تىلەش. مېنىڭچە، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قانۇن - نىزام، ئەمىر - پەرمانلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىگە كېلىدىغان پايدىنى كۆزلەپ، تارىمنىڭ ئېچىنىشلىق نىدالىرىغا قۇلاق سالماي، ئاشۇ «خوجا-يىنلار» غا «ئېتىبار بېرىش سىياسىتى» بېرىپ، ئۆز ھوقۇقىدىن ھالقىپ، يەر ئېچىشقا سالغان ھەر بىر تەستىقى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ زېمىندا دوزاق ياساشقا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئورمانشۇناس، ئۆسۈملۈكشۇناسلارنىڭ دەلىللىشىچە (ئۇ-زاقتىن بۇيان توغراقلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشىغان ئۇيغۇر بوۋايلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ ئۇرۇقى ھەر يىلىنىڭ 7 - ئېيىدىن 9 - ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا پىشىدۇ. بۇ مەزگىل دەل تارىم دەرياسىغا كەلكۈن كېلىدىغان مەزگىل بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ تەبىئىي ئۇرۇق چۇشۇشكە ئىنتايىن پايدىلىق. پىشقان ئۇرۇقلار شامالدا ئۇچۇپ يۇرۇپ يېتەرلىك نەملىككە ئىگە قۇملارغا كۆمۈلىدۇ. ئادەتتە تۆت سائەتتىن ئالتە سائەتكىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىخلىنىپ بىر قانچە كۈندىن

كېيىنلا يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ، شۇ يىلى ئۇنىڭ ئېگىز-
لىكى 80 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. نەملىك ساقلايدىغان توغراق ۋە
باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قىرىپ تاشلانسا يېڭى بىخلار نەدە
قالىدۇ؟ قىزىق يېرى، بىز يەنە داۋاملىق كېسىۋاتىمىز، تەبىئىي
ئورمانلارنى داۋاملىق بۇزۇۋاتىمىز، بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز پەقەت
بۈگۈنكى مەنپەئەت، پەقەت ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئىتى. بىز كېيىن-
كى ئەۋلادلارنىڭ ھەققىنى، مەنپەئىتىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمى-
دۇق؛ بىز ئادەمسىز تەبىئىي ئورمانلىقلارنى «باياۋان»، «ئىپتى-
دائىي ھالەت» دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش
يولىدا تاشلىغان ھەر بىر قەدىمىمىزدىن پەخىرلەندۇق، ئادەمسىز
بوشلۇقلار كۆزىمىزگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىل-
دۇق، ۋەيران قىلدۇق، ھەتتا شەھەرلەردىمۇ كىچىكىنە بوش-
لۇقنىڭ يېشىل پېتى تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرسەك، ئۇنى ئاغدۇ-
رۇپ تاغدەك سېمونتلار بىلەن باستۇرۇپ قويدۇق، ئاشۇ ئادەم-
سىز بوشلۇقلارنىڭ بىزگە يەتكۈزىدىغان پايدىسىنى ئويلاپ يەتمى-
دۇق؛ تەبىئىي ئورمانلارنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى بۇزۇپ
تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇپ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىۋېدۇق، شۇ جاي-
دىكى ھاياتلىق ئەزالىرى بولغان قۇرت - قوڭغۇزلاردىن تارتىپ
ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارغىچە، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ بىزنى
تاشلاپ نەلەرگىدۇ كېتىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن زېمىن غېرىپلاش-
تى، باھار باھاردەك بولماي قالدى. بۇ زېمىندا كۆكمەك، جە-
رەن، ئارقار، بۆكەن، بۆرە قاتارلىق سانسىزلىغان ھايۋانلار
ئەركىن - ئازادە ياشايتتى، ئۆزۈنغا سوزۇلغان تاشيوللاردا ماڭ-

سىڭىز ئاشۇ ياۋايى ھايۋانلار يول بويلىرىدا، ئېقىنسۇ بويلىرىدا پەيدا بولۇپ سىزگە مۇلايىم تىكىلەتتى، سىزنى ئۆزىتىپ قالاتتى، بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە ئىدى - ھە! يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش قانۇنىيىتى بويىچە بۇ زېمىندا ياشاپ، كۆپىيىپ يۈرەتتى، بىز يايلاقلارنى، ئورمانلارنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئېقىن سۇلىرىنى بوغۇپ قويۇۋېدۇق، ئۇلارنىڭ يوللىرىغا قاپقان قۇرغاننى ئاز دەپ، يەنە مىلتىقلىرىمىز بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، يېگۈدەكلىرىنى يەپ، يېمىگەنلىرىمىزنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ كۆرەڭلەپ كېتىۋېدۇق، ئۇلارمۇ بىزنى تاشلىۋەتتى، بەزىلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، بىز ئاشۇ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن دوست بولۇشنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. بەزى كىشىلەر ھايۋانلارغا يېقىنلىششقا قارىغاندا ئادەملەرگە يېقىنلىشىش ئاسان دەيدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئادەملەر يىغلاشنى بىلگەندىن باشقا، يالغان كۈلۈشنىمۇ بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟!

پۇقرالىرىمىزنىڭ قولىدىكى قوراللار ئاللىقاچان يىغىۋېلىنغان، ھەتتا شەخسلەرنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشى مەنئى قىلىنغان لېكىن ھەر كۈنى ئايدىڭدا، تارىم دەريا بويلىرىدا، ئالتاي، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان قورال، ئوق - دورىلار نەدىن كەلگەن؟ «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» نى ئىجرا قىلغۇچىلار بەزىدە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوچۇقلارنى ئېچىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆزلىرى ئوۋلاۋاتىدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك «ئاغىنە» لىرىگە مەلۇم ئالدىنقى شەرتلەر بىلەن قوراللىرىنى ئارىيەت بېرىپ يېشىل

چىراغ يېقىپ بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ X ناھىيىسىدە، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ بىر ئاغىنىسىگە قورال بەرگەن، قورال ئىشەت-كۈچىنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى پەقەت ھېلىقى ج خ باشلىقىغا ياۋا چوشقا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىكەن. ھېلىقى ئاغىنىسى بۇلتۇر 7 - ئايدا بىر توپ كىشىنى ئالتۇنتاغ ئېتىكىگە باشلاپ چىقىپ قىممەتلىك شىزالڭ بۆكىنىدىن نەچچە يۈزنى ئېتىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ گۆشىنى تاشلىۋەتكەن. جىنايەتچىلەر قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنى قانۇن بويىچە سوتلىغاندا، ياۋايى ھايۋانلارنى ئېتىشتا ئىشلەتكەن قوراللىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان، نەتىجىدە، ھەممە جاۋابكارلىقنى جىنايەتچىلەر ئۈس-تىگە ئالغان. شۇ چاغدا ئوۋ مەيدانىدا بۆكەنلەرنى سويۇشقا ياردەم-لەشكەن بىر ياللانما كىشى ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن بۆكەننىڭ قوغدىلىدىغان ھايۋانلىقىنى بىلمىسەممۇ لېكىن ھەر بىر پاي ئوق تەگكەندە بۆكەنلەرنىڭ قورسىقىدىكى بالىلىرىنىڭ پولتىيىپ تۆ-كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، بۇ دەل ئۇلار-نىڭ كۆپىيىش مەزگىلى ئىكەن، مەن بۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش جانىۋارغۇ، بۇنداق قىلمايلى، دەپ باشقىلارغا يالۋۇردۇم لېكىن ھېچكىم گېپىمگە قۇلاق سالمىدى ...» بۇنداق ئېچىنىشلىق مەن-زىرىلەر بىزگە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاڭلىسام بۇ يىل ھېلىقى بۆكەن-لەر توپى پاناھ ئىزدەپ خوتەننىڭ تاغلىرىغا بارغانىكەن، ئۇ يەردىمۇ كىشىلەر ئۇلارغا ئارام بەرمەپتۇ. ئۈرۈمچىگە مەبلەغ ھەل

قىلىش ئۇچۇن كېلىدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ھەر قېتىم تەلمۈرۈپ كەلگىنىدە جەرەن گۆشى، ئۇلا، قىلىورغا دېگەنلەرنى تولۇق ئېلىۋالىدىكەن، شۇنداق بولغاندىلا، مەبلەغ ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشىدىكەن، ھەتتا بەزى ناھىيىلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۆز ناھىيىلىرىگە مەبلەغ ھەل قىلىش ئۇچۇن ھېلىقىدەك ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا مەخسۇس ئادەم ۋە كۆرسەتكۈچ بەلگىلەيدى- كەن. بۇنداق ئىشلارغا بىز يا كۆلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەيلا قالىدىكەنمىز. يېقىندا مېنىڭ بىر چارۋىچى دوستۇم: «بۆرىلەر، تۈلكىلەر قىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن بىزنىڭ چارۋىلىرىمىز ھوشيارلىقىنى تامامەن يوقاتتى، ھەتتا بىزنىڭ ئىتلىرىمىزمۇ ھورۇنلىشىپ كەتتى» دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ چاقچاقتا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئاشۇ ھايۋانلار بۇ زېمىنىنىڭ ئېكولو- گىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنات- تى. تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشتا بىزنىڭ قولىلىرىمىز نەقەدەر ئۇزۇن، تەدبىرلىرىمىز نەقەدەر كۆپ - ھە!

سىز ئالتاي تاغلىرىغا، تەڭرىتاغلىرىغا بېرىپ قارىسىڭىز، قەيەردە يېشىللىق بولسا شۇ يەردە ھۆل - يېغىنىنىڭ كۆپ بولىدى- غانلىقىنى، ھېچنېمە ئۇنمىگەن قاقاسلىقتا ئايلاپ، يىللاپ ھۆل - يېغىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز، يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەنـ- دىن كېيىن ھېلىقى يېشىللىقلار بۇزۇۋېتىلگەندە ئۇ يەرگە ھۆل - يېغىنىنىڭ سايىسىمۇ چۈشمىگەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇنىڭ ئەجەب- لەنگۈدەك يېرى يوق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلسا، نى - نى كارامەتلەر بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەملەر ئۆز ئىخ-

تەييارلىقى بىلەن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ بۇ زېمىندا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى، ئۆزـ ىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، ئەۋلادلارنىڭ رىسقىنى بۇزۇش يولىدا ئوينىغان مۇنداق ئويۇنلىرىمىزمۇ بار:

ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئادەم ماڭالىغۇدەك جايلىرىنىڭ ھەممىـ سىدە ئالتۇن قازغۇچى يۇگۇڭچىلىرىمىز بار، ئۇلار قۇدرەتلىك ماشىنىلارنى ئىشلىتىپ، ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن تاغنى يايلاقـقا يۆتكىۋەتكەن، يايلاقنى تاشلىقـقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ئېقىنلارنى تىندۇرۇۋەتكەننى ئاز دەپ، جىلغىلاردىكى ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ 85% ىنى قۇمۇرۇۋەتكەن؛ ئۇلار ھەتتا جىلغىلارنى، تاغلارنى بۇلۇشۇۋېلىپ، ئالاھەزەل 2 مىليون 300 مىڭ تۇپ دەرەخنى كۆيدۇرۇپ، كېسىپ تۈگەتكەن، 1500 مودىن ئارتۇق يايلاقنى شېغىللىقـقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن! 10 مىڭدىن ئارتۇق ئالتۇن قازغۇـ چى ئالتۇننى ئالسىلا بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىن بىلەن، بۇ زېمىننىڭ ئېكولوگىيىسى بىلەن نېمە كارى؟ ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئالتۇن ئايرىش ئۇسۇلى ئۆزگىـ چە، ئەڭ قالاق، ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، ئۇلار ئىشلەتكەن خىمىـ يىلىك دورا — ناترى سىياند ناملىق خىمىيىۋى دورا يەرنى، ئوتلاقنى، دەل ـ دەرەخنى، ئادەمنى تامامەن ئۆلتۈرەلەيدۇ. 15 كىلوگىرام ناترى سىياند بىلەن بىر سەر ئالتۇن ئايرىغىلى بولىـ دۇ. بۇ دورىنى تېپىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. دۆلەت بۇ خىل دورىنى ئىشلىتىپ ئالتۇن ئايرىشنى چەكلەش بۇيرۇقىمۇ چىقارـ

غان لېكىن ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇنىڭ ھەر بىر تونىسىنى 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن، دۆلەتنىڭ مەخپىي ئامبارلىرىدىن ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ چىقالايدۇ. بۇنى كۆرگەن قانچىلىغان مېھ- رىبان كىشىلەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «بايلىقنى ئال، ئالتۇن- نى ئال، يېشىللىق بىزگە قالسۇن، ئۇ بىزنىڭ جېنىمىز! » دەپ خىتاپ قىلسا، ئالتۇن قازغۇچىلار: «ئالتۇن قولغا چۈشسىلا بولدى، باشقىلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇھىت ئاسراش دېگەنلەر بىلەن كىمنىڭ كارى، مۇھىتنى ئاسراش دېگەنلەر بىز- نىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى» دېيىشىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدىغان بۇنداق قا- راملىقلار، ۋەھشىيلىكلەر، نادانلىقلار، بۇنداق مەنزىرىلەر، بۇن- داق سان - سېفىرلار، بۇنداق سۆزلەر مۇشۇ كۈنلەردە ئازايغانمى- دۇ؟ ھەممىمىزنىڭ كۆزى بار، ئاشۇ گۆھەردەك يەرلەرگە بېرىپ قاراپ باقساق بولىدۇ، بايلىقلارنى ئېچىش تەرەققىياتنىڭ ئېھتى- ياجى دېيىلسە، بايلىقلارنى، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ تەۋە بولغان بايلىقلارنى بۇزۇپ ئېچىش، قالايمىقان ئېچىش، بۇلاپ ئېچىشلار نېمىنىڭ ئېھتىياجىدۇ؟

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسرائىلىيە كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ ئاساسەن قۇملۇقتا بەرپا قىلىنغان دۆلەت لېكىن ئىسرائىلىيىلىكلەر نەپسىگە ئەمەس، ئەقلىگە تايىنىپ ئاشۇ قۇملۇقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، قۇملۇقتىكى يېشىل دۆلەتنى بەرپا قىلدى. ئۇ يەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبە- تى كىشىنى ھەيران قىلارلىق دەرىجىدە يۇقىرى. يەنە سەئۇدى

ئەرابىستانىمۇ بار. ئۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېفىت بايلىقىنى مەبلەغ قىلىپ سېلىش بەدىلىگە ھەر بىر تۇپ ئورماننى بىر تۇتام - بىر تۇتام ئامېرىكا دوللىرى ئۈستىگە تىكتى. ئۇ يەردە يېشىل-لىقنى، تۇپراقنى ئاسراش خۇددى ئۇ يەردىكىلەرنىڭ دىنىي ئېتىد-قادىغا ئوخشاشلا مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇ يەر قۇملۇق-تىكى يېشىل پادىشاھلىققا ئايلاندى. سەئۇدىي ئەرەبىستانلىقلار شۇ قەدەر ئەقىللىق، شۇ قەدەر يىراقنى كۆرەركى، ئۇلار يەر ئاستىدىكى قارا ئالتۇننى قۇملۇقتىكى يېشىل بانكىغا ئايلاندۇر-دى. بىزچۇ؟ بىزنىڭ چۆللىرىمىزگە، قۇملۇقلىرىمىزغا يېشىل-لىق ئۇرۇقى چاچساق ئۈنۈپ چىقماسمۇ؟ بىز تاغلىرىمىزدىكى، ياپيېشىل يايلاقلىرىمىزدىكى، بوستانلىقلىرىمىزدىكى بايلىقلارنى قاراقچىلاردەك قالايمىقان ئېچىپ، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى تېز سۇر-ئەتتە شەخسنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرمىدۇق. بىزنىڭ «ئېچىش» لىرىمىز خۇددى «ئې-شىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە» دېگەنگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئورمان بايلىقىنى قوغداشقا دائىر قانۇن - نىزاملار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ھەتتا پەقەت 90 - يىللاردىن باشلاپ گوۋۇيۈەن ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ئور-مان بايلىقىنى، ئورمان يەرلىرىنى قوغداشقا دائىر 20 خىلدىن ئارتۇق ھۆججەت چۈشۈرگەن بولسىمۇ، كىشىلەر يېشىللىققا سۇن-غان قارا قولىنى تارتىۋالغىنى يوق. 8 -، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭ بويىچە يەنىلا 1 مىليون مو ئورمان يېرى بوز يەر ئورنىدا ئېچىلغان، قانۇنسىز ئىگىلەشلەر توختىمىغان.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىلا ئورمان يېرىنى قانۇنسىز ئېچىش دېلولىرى 980 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 35% ئاشقان. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران 1.68% كە چۈشۈپ قالغان شىنجاڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ مېنىڭچە، نېمىلا بولسۇن يېشىللىقنىڭ ئېشىپ قالغىنى تۈزۈك، يېشىللىقسىز جاھان گويا بىر دوزاق.

## بىز سۇنى تاشلىۋەتتۇق

يەر شارىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق، ئاۋۋال يەر شارى پەيدا بولۇپ كېيىن سۇ پەيدا بولغانلىقىنى، سۇ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن يەر شارىدا جانلىنىش، يېشىللىق ۋە ھاياتلىق پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ دۇنيا سۇ بىلەن دۇنيا، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن تىرىك، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن پاكىز، سۇ بىلەن گۈزەل، بۇ دۇنيا سۇ بىلەن مەۋجۇت. دۇنيادىكى قايسى بىر قىتئەدىكى، قايسى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى سۇدىن ئايرىلغان دەيسىز؟ ئەڭ قەدىمكى زاماندىكى، ئىفرات دەرياسى بىلەن دىگلىس دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئۇلۇغ مىسسىپۇتامىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، ئىنسانلار نىل دەرياسى، ھىندى دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى ھەمدە تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۆز-لىرىگە خاس شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. ئاشۇ دەريالار، ئاشۇ ئۆزۈلمەس ئېقىنلار ئىنسانلارنى ئۈزلۈكسىز ئاۋۇتتى، چېنىقتۇر-دى. قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئاشۇ ئېقىنلار بىلەن بۈگۈنگىچە يەتكۈ-

زۇلدى. دېمەك، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا تونۇلدى، ئادەمنى ئادەم قىلغان ئەڭ دەسلەپكى كەشپىياتلار ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا يارىتىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تارىخى ئاشۇ دەريالار بويلىرىدا يېزىلغان. مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ سۇدىن ئايرىلالماسلىقى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ سۇدىن ئايرىلالماسلىقى بولۇپ، بۇ بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. دۇنيادىكى ھەر بىر شانلىق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدانغا كەلگەن يېرىدە خارابىلىشىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاشۇ بىچارە دەريالاردىن سورىساق بىلىمىز. بىراق ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ دەريالارغا قىلغان ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن تەبىئەت قىساسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە پاكىز سۇ ئىچىشىمىزمۇ قىيىنغا توختايدىغان بولدى.

ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاشۇ دەريالار يىراق - يىراقلاردىن تاشتىن - تاشقا، قاشتىن - قاشقا ئۇرۇلۇپ پاكلىنىپ، قۇياش نۇرىغا، ئىنساننىڭ تېنىگە ۋە ئەقلىگە پايدىلىق بولغان ھەممە تەركىبلەرگە تويۇنۇپ كەلگەن. يەنە ئىنساننىڭ بۇزۇشى، ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز - ئۆزىدىن پاكىزلىنىش ئىقتىدارىدىن ئاستا - ئاستا ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنى بۇلغاشلىرىمىز، پايدىلىنىشتىكى تەلۋىلىكلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بۇلاق سۇلىرىنى، كارىز سۇلىرىنى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنى كېرەكتىن چىقىرىشقا باشلىدى. بوز يەرلەرنى قارىغۇلارچە ئېچىپ ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆزۈن ھەم چوڭقۇر زەيكەشلەرنى قېزىۋېتىدۇق ۋە ئاشۇ زەيسۇلارنىڭ ئايغىنى دەريالىرىمىزغا ئۇلاپ قويۇۋېتىدۇق دەريا سۈيىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى؛ مول ھوسۇلنى،

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، يەرلىرىمىزگە خىمىيىلىك ئوغۇت - دورىلارنى ھەددىدىن زىيادە تۆكۈۋېدۇق، ئۇ دورىلار تۈرلۈك يوللار بىلەن دەريالارغا ئېقىپ كىردى. زاۋۇتلىرىمىزغا پاكىز سۇ ئىشلىتىپ، ئۇنى پاسكىنا سۇغا ئايلاندۇرۇپ يەنە دەريالىرىمىزغا، مۇنبەت تۇپراقلىرىمىزغا قويۇپ بەردۇق. مانا ئەمدى، بىزنىڭ قانلىرىمىزغا، تەنلىرىمىزگە، ئاشقازان - ئۈچەيلىرىمىزگە بۇلغانغان سۇلار ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى غەلىتە، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللەرگە گىرىپتار قىلدى. بىز تەبىئەتكىمۇ قىلدۇق، ئۆزىمىزگىمۇ قىلدۇق. ئۇنىڭ سورىقى ھېلىھەم باشلىنىۋاتىدۇ، داۋاملىشىۋاتىدۇ، سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەر ۋە كېسەل ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆرسەتمىسەكمۇ ھەممىگە ئايان.

ئىسىت، سۇ بېشىدىكى بۇلاقلار، قار - مۇزلۇق تاغلار، سىلەر ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئىدىڭلار، بۇ زېمىن، بۇ زېمىندىكى جانلار سىلەردىن ئايرىلىپ قالسا نېمە كۈنگە قالار ھە؟!

خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ بۇ زېمىندىكى دەريالارنى بويلاپ، سۇ قوغلىشىپ، سۇنى قەدىرلەپ، ھەتتا سۇغا چوقۇنۇپ ياشاپ كەلگەن. خەلقىمىز يەنە سۇسىز قالغاندا، قۇرغاقچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاندا، پاك ئېتىقادىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ باغرىغا، دەريا بويلىرىغا توپلىشىپ كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە قىلغان يامانلىقلىرى، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن سۇ تىلىگەن، قار - يامغۇر تىلىگەن. بۇ كۈنلەرنى خەلقىمىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل -

پاراسەتلىك ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئاۋامنىڭ تىنىقلىرى ئۈچۈن كا-
رىزغا ئوخشاش يەر ئاستى قانااللىرىنى قېزىپ ئانا يەرگە سۇ
باشلىغانلىقى، قانچىلىغان پەرھاتلىرىمىزنىڭ ئەل - يۇرت بەختى
ئۈچۈن تاغلارنى تېشىپ سۇغا تەشنا جانلارنى قاندۇرۇپ جانان
ۋەسلىگە يەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

تۇپراقلىرىمىز سۇسىز قېلىپ چاك - چاك يېرىلغاندا، ئور-
مانلىرىمىز، زىرائەت - ئۈسۈملۈكلىرىمىز قۇرۇشقا باشلىغاندا،
كۆزلىرىمىزگە، بۇرۇنلىرىمىزغا ھەتتا ئۆيلىرىمىزگە قۇملار تى-
قىلغاندا ئاران تەستە بەرپا قىلغان بوستانلىقلىرىمىزنى تاشلاپ سۇ
بويلىرىغا كەتكەنىمىز ۋە بۈگۈنكى بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغانىمىز.
ئەمدى بۈگۈنكى بوستانلىقلىرىمىزمۇ خىرىسقا دۇچ كەلدى، بىز
ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇنى ئاپەتكە تۇتۇپ بەردۇق. سۇ ئىزدەپ نەگە
بارارمىز؟ ئەمدى ئۆيلايدىغىنىمىز ئاشۇ ئېچىنىشلىق تارىخ، ئاشۇ
ئېچىنىشلىق تاشلىنىش تەكرارلىنىۋاتامدۇ - قانداق؟ قېنى،
كىم ئۇنداق ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ؟

ئېقىن سۇلار ئۈزۈلۈپ، ھاياتلىقىمىز ئۈچۈن تالاي - تالاي
كۆللەرنى كولاپ، كىچىك - كىچىك ئېقىنلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا
لاي سۇ توشۇۋۇزۇپ، ئاشۇ كۆللىرىمىز تېگى كۆرۈنۈپ قۇرتلاپ
كەتكۈچە ھايۋانلىرىمىز بىلەن بىللە ئىچىپ، ساغلام بەدەن، ساغ-
لام ئەقىللەرنى بۇلغىغانىمىز. يامان يېرى، بىز سۇنى تاشلىۋەت-
تۇق.

«يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز» بۇ ماكانىغا چىن دىلىمىزدىن
ئىشتىياق باغلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن توپلىشىپ كېلىپ، جان

بېقىش، پۇل تېپىش، يول تېپىش، بوز يەر ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنى باياشاتلىققا باشلايدىغان، نامراتلىقتىن قۇ-تۇلدۇرىدىغان پاختىچىلىق بازىلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئاشۇ بوز يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېقىنلاردىن ئېچىقلار ئېچىپ، ھەتتا تۆۋەن ئېقىندىكى جانلىقلارنى ئۇنتۇپ، ئېقىنلارنى يۇرەكلىك توسۇپ سۇ باشلىغانمىز. يامان يېرى، بىز نېمە ئۈچۈندۇ ئاشۇ سۇنى تاشلىۋەتتۇق.

يەرنىڭ باغرىنى تېشىپ بۇرغىلاپ، «سانائەتنىڭ قېنى» بولغان نېفىت ۋە تەبىئىي گازلارنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە يەر باغرىغا ئالىدىغان نېفىتىمىزدىن نەچچە ئون ھەسسە كۆپ سۇنى يۇقىرى بېسىم بىلەن كىرگۈزگەنمىز، شۇنداق قىلىپ سۇنىڭ ياردىمىدە نېفىت، تەبىئىي گازنى ئېلىۋاتىمىز ئەمما يامان يېرى، بىز سۇنى تاشلىۋەتتۇق.

تاغ باغرىلىرىغا، سۇ باشلىرىغا غايەت زور ماتورلارنى قۇ-راشتۇرۇپ، سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك چىقىرىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرۇپ، سانسىزلىغان زا-ۋۇتلارنى ماڭدۇرغانمىز، زامانىۋى ماشىنىلىرىمىزنى سۇ بىلەن سوۋۇتقانمىز، ئاپەتلىك ئوتلارنى سۇ بىلەن ئۆچۈرگەنمىز، قانچى-لىغان قاتتىقلارنى سۇ بىلەن ئېرىتكەنمىز. يامان يېرى، بىز سۇنى تاشلىۋەتتۇق.

ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ چاڭقاپ كەتكەندە دەريا بويلىرى-دا، بۇلاق باشلىرىدا شەربەتتەك سۇلارنى دۇم يېتىپ ئىچكەنمىز، مەينەتلىشىپ كەتكەن بەدەنلىرىمىزنى، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى

ھەتتا ئىسلاشقان پىكاپلىرىمىزنى پاك - پاكىز يۇيۇپ راھەتلەنگەن- مىز. يامان يېرى، بىز سۇنى تاشلىۋەتتۇق.

ئېقىن سۇلارنى تۇگىتىپ، قانچىلىغان دەريالارنى سۇسىز- لاندۇرۇپ تىندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھەرلەرنى بەرپا قى- لىپ، يەرنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سۇنى تۇرۇبا ئارقىلىق تارتىپ ئېگىز - ئېگىز بىنالىرىمىزغىچە چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بەھۇزۇر پايدىلانغانمىز. يامان يېرى، بىز ئاشۇ سۇنى تاشلىۋەتتۇق، بۇلغىۋەتتۇق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن بولۇۋاتقان ئىشلار، ئەتە - ئۈگۈن نېمىمۇ قىلارمىز؟

بىزدە سۇ كەمچىل، ھاياتلىق مەنبەسىدىن ئېيتقاندا سۇ كەم- لىك قان كەملىك بىلەن باراۋەر.

كىشىلەرنىڭ بىر توپ چارۋىلارنى يېتىلەپ كېلىپ، باسما قۇدۇقتىن زورمۇزو، ناھايىتى ئاز چىقىۋاتقان تۇزلۇق سۇنى چېلەككە تولدۇرۇپ ئاشۇ چارۋىلارنى ئۆچىرەت بىلەن سۇغىرىۋاتـ- قانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، قاچانلاردىدۇ ئاتلىق سەركەردىلەر- نىڭ، غەزەلخان چوپانلارنىڭ سۇپسۇزۇك ئېقىن بويلىرىدا ئاتلىرى- نى، پادىلىرىنى قانغۇچە سۇغارغانلىرى ياكى توپ - توپ چارۋى- لارنىڭ مۇنبەت يايلاقتا تويۇنۇپ ئېقىن بويلىرىغا، بۇلاق باشلىرى- غا ئۆزى بېرىپ سۇ ئىچىپ قايتىپ كېلىشلىرى ... كۆز ئالدى- مىزغا كېلىدۇ، شۇ چاغدا سىز ئىختىيارسىز ھالدا: «شۇ سۇلار قېنىدۇ؟» دەپ قالىسىز.

بىر چاغلاردا يېزىلاردا چوڭ بولۇپ شەھەرگە بارغان ئەزىمەت-

لىرىمىزنى چاقچاقلا يۆلەپ تۇرۇپ «لاي سۇ ئىچكەن سەھرالىق»
دەۋالاتتۇق، دەرۋەقە، مۇشۇ زېمىندا سۇزۇك ئېقىنلار لېيىپ
كەتكەندىن كېيىن ئېرىقتىكى لاي سۇنى دۇم يېتىپ ئىچكەنلىرى-
مىز كۆپ، لاي سۇغا قوناق نېنىنى، بۇغداي نېنىنى، ئارپا
نانلىرىنى چۆمۈرۈپ يۇمشىتىپ يېگەنلىرىمىز ياكى لاي سۇنى
كۆلچەكلەرگە باشلاپ، چېلەكلىرىمىزگە ئېلىپ سۇزۇلدۇرۇپ
ئىچكەنلىرىمىزمۇ كۆپ. ئەمما، زامانىۋى شەھەرلىرىمىزدە تۇرۇ-
بىدىكى سۇلار توختىسا، پۈتكۈل ئۆيلىرىمىز سېسىپ كېتىدۇ.
دېمەك، سۇ لاي بولسىمۇ بولغىنى ياخشىكەن. سۇ بولمىسا پۈتۈن
دۇنيا سېسىپ تۈگەيدۇ. ئاشۇ سۇلار زادى قەيەردە؟

بىزدە خەلقنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ياخشىلاش مەسىلىسى
كېچىكىپ بولسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىندى. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ
(ھەتتا ئۆزىمىزمۇ كىچىك چاغلىرىمىزدا شۇنداق ئىدۇق) ئۇزاق-
تىن بۇيان لاي سۇلارنى كۆللەرگە تولدۇرۇپ، ئاشۇ كۆللەر
قۇرتلاپ سېسىپ كەتسىمۇ ئايىغىنى چىقىرىۋېتىپ ئىچىپ كەلگەن-
لىكىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق، دېھقانىنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، دېھقانىنىڭ مۇز سۈيىدە ئېتىپ بەرگەن دوغاپلىرىنى
ئىچىۋېتىپ، دېھقانىنىڭ پاخلانلىرىنى، كەپتەرلىرىنى كاۋاپ قى-
لىپ يەۋېتىپ، دېھقانىنىڭ تاتلىق مېۋىلىرىنى تېتىۋېتىپ، دېھقان
ئۆز قولى بىلەن سۇنغان رومكىلارنى سوقۇشتۇرۇۋېتىپ ... شۇ
كۆللەرنى، شۇ بۇزۇلغان سۇلارنى كۆرەتتۇق، ئەپسۇس، ھەممى-
مىز ئاشۇ سۇلارغا، ئاشۇ لېيىغان سۇلارغا كۆنۈپ كەتكىنىمىز
ئۈچۈن دىققەت - ئېتىبارىمىز قوزغالمىغانىكەن. جۇڭگو سىياسىي

كېڭىشىنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن ئەپەندىنىڭ شۇ سۇلارنى، شۇ خەلقنى كۆرگەندە كۆز چاناقلىرىدىن تارامىلىغان ياشلار ھەمدە ئۇنىڭ سەمىمىي ئىلتىپاتى كىشىلەرنى تەسىرلەندۇردى... «بەخت قۇرۇلۇشى» باشلاندى، «قۇدۇق كولاش دولقۇنى» قوزغالدى، تارىخنىڭ بۇ قۇرلىرىنى خەلقىمىز مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەپ-سۇس، ئاشۇ سۇلار زادى قانچىلىك؟

تۆۋەندىكى سانلار بىزنى ئويغا سالىدۇ. يەر شارىنىڭ ئومۇ-مىي كۆلىمى 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىر؛ يەر شارىدىكى سۇنىڭ كۆلىمى 360 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر؛ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 140 چېتىرلىيون توننا، تاتلىق سۇ مىقدارى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 2.7% نى ئىگىلەيدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە مۇزلۇق 2% نى ئىگىلەيدۇ).

جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارى ئاز بولۇپ، دۇنيا بويىچە 88 - ئورۇندا تۇرىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيى-شى تېخىمۇ ئېغىر. مەملىكەت بويىچە سۇ كەمچىل شەھەرلەر 200 گە يېتىدۇ؛ يېزىلاردا 56 مىليون كىشىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى.

شىنجاڭچۇ؟ بىزنىڭ بۇ زېمىندا سۇ مولدەك كۆرۈنىدۇ ئەمما سۇنىڭ مۇشۇ كەڭ زېمىننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقى-لىشى تەكشى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چى-قىۋاتىدۇ؛ بىزنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىمىز 79 مىليارد 430 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئۈستىدىكى مۇستەقىل سۇ بايلىقىمىز 8 مىليارد 460 مىليون كۇب مېتىر، ئومۇمىي مىقدارى 87

مىليون كۇب مېتىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ سانلارنى شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە تەقسىملىگەندە مەسىلىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە مۇنۇ سانلارغا قاراپ باقايلى، بىر توننا كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 700 توننىدىن 1300 توننىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ، بىر توننا گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 1400-2000 توننىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ بىر توننا پولات تاۋلاش ئۈچۈن 20 - 40 توننىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ بىر توننا نېفىت ئېلىش ئۈچۈن 30 - 50 توننىغىچە سۇ ئىشلىتىلىدۇ، بىر توننا قەغەز ئىشلەش ئۈچۈن 300 توننا سۇ سەرپ قىلىنىدۇ، بىر توننا سۈنئىي تالا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 1200 - 1700 توننىغىچە سۇ سەرپ قىلىنىدۇ.

سۇ بولمىسا ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا دېگەنلەر بولامدۇ؟ مەدەنىيەت نۇرلىرى ھامان ئاشۇ سۇ دولقۇنلىرى، سۇ تامچىلىرى ئارا چاقنايدۇ. دۇنيادىكى قانچىلىغان مەشھۇر شەھەرلەر، كۆللەر، دەريالار سۇ بولمىغاچقا يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك غايىپ بولغان.

بىز يەنىمۇ زامانىۋى، يەنىمۇ مەدەنىي، يەنىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك، جەمئىيەت سىجىل تەرەققىي قىلىشى كېرەك، كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ بۇ زېمىندا قۇياش نۇرىنى، سۈزۈك سۇلارنى، ساپ ھاۋانى كۆرۈشى، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشى كېرەك. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمىز بىلەن سۇنى قارىغۇلارچە ئېچىش، سۇنى بۇلغاش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمىزنى

سېلىشتۇرۇپ باقايلى، نۆۋەتتە قايسىسى بېسىپ چۈشىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىچە، ھازىر مۇشۇ زېمىندىكى يەر ئۈستى، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغىغۇچى نۇقتىلىق كارخانىلار (بۇ مەلۇماتلارنى سۇ ئىشلىرى نازارىتى تەمىنلىگەن) 884 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى چىقىرىدىغان كېرەكسىز سۈيى 127 مىليون توننىدىن ئارتۇق ئىكەن. كېرەكسىز سۇدىكى بۇلغىغۇچى ماددىلار ئاساسلىقى يەر ئۈستى سۈيىگە (دەريا، كۆل، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارغا) بىۋاسىتە قويۇپ بېرىلىدىكەن، ئاندىن ئۇنىڭ %50 ى يەر ئاستىغا سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇ زېمىننىڭ ئىنتايىن قۇرغاق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇنىڭ ئىنتايىن قىسلىقىنى، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى، سۇ بۇلغىنىشى بۇ زېمىننىڭ ھەر بىر سىقىم تۇپىسىنى، ھەر بىر تۈپ گىياھسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، يەنە بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قېنىنى، تېنىنى كېرەكتىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلاپ، ھەممەيلەننىڭ دىققەت - ئېتىبارىنىڭ قوزغىلىشىنى، ھاياتلىققا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىكى بىر باش ئىنژېنېر ماڭا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سۇ بايلىقىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، سۇلار بۇلغىنىپ كېتىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە، سۇ بايلىقىنى ئېچىشنىڭ قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلىشى، سۇنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنىلا

بىزنىڭ سۇنى چۇشىنىش ۋە سۇنى قەدىرلەش ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەن-لىكىدىن بولغان. سۇ ئىشلىتىشتە بىز بۇ چاغقىچە پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ، تۆت - بەش يىللىق پىلان تۈزۈپلا كەلدۇق، بۇزۇلۇشى، بۇلغىنىشى بىلەن كارىمىز بولمى-دى، قانۇنلار، مەمۇرىي بۇيرۇقلار پايدىنى كۆزلەپ سۇ، تۇپراق-نى دەپسەندە قىلغۇچىلارنىڭ بىرەر تال تۈكىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى، ھەتتا بەزىلەر ئومۇمىيلىقنى، بۇ زېمىندىكى كەڭ خەلق ئاممىسى-نىڭ مەنپەئەتىنى، بۇ زېمىننىڭ كەلگۈسى ۋارىسلىرىنىڭ مەنپە-ئەتىنى كۆزگە ئىلمىدى. يەر ئۈستى سۈيى نەپ بەرمىسە، قۇدۇق قېزىشقا كىرىشتى، قۇدۇقلار كۆپەيگەنسېرى، قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاشقانسېرى، يەر ئۈستىگە چىقىۋاتقان سۇ ئازايدى. چۈنكى، يەر ئۈستى سۈيى ئىنتايىن مول جايلاردا يەر ئاستى سۈيىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا بولىدۇ، يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارىنى، سۈپىتىنى، ئۆزئارا ئايلىنىشىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق باھالاپ ئاندىن يەر ئاستىغا قول سوزساق ياخشى بولىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ مەنبەسى يەنىلا يەر ئۈستىدە! خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار يەرنى، سۇنى كۆپەيى-تىش پىلانىنى يولغا قويۇپ ھەدەپ قۇدۇق قېزىۋاتىدۇ. مەسى-لەن، خوتەن ۋىلايىتى ئۈچ يىل ئىچىدە 1360 قۇدۇق قازىدىغان-لىقىنى، قەشقەر ۋىلايىتىمۇشۇ يىل ئىچىدىلا 1200 قۇدۇق قاز-غانلىقىنى، ئۈچ يىل ئىچىدە 3000 قۇدۇق قازىدىغانلىقىنى تەن-تەنە بىلەن جاكارلاشتى (شىنجاڭ گېزىتىدە)، ئۇلارنىڭ روھىغا بارىكاللا! ئەپسۇس، شۇ جايلاردىكى يەر ئاستى، يەر ئۈستى سۈيى

باھالاندىمۇ يوق؟ ئۇلار قۇدۇق كولاشقا ئىشلەتكەن، قەرز ئالغان پۇللىرىنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرىدۇ؟ سۇ پۇلىنى قانچىلىك ئۆلچەم بىلەن يىغىۋالىدۇ؟ ئاشۇ قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقىرىش ئۈنۈمى زادى قانچىلىك؟ بۇ مەسىلىلەر ئۇنداق ئاددىي ئەمەس...»

مەن بۇ ئىنژېنېرنىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىغا قانچىلىغان ئىنتىجا، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

1995 - يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭدىكى 3 مىليون 700 مىڭ ئادەمنىڭ ۋە نەچچە مىليارد تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتقان. بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ھەقىقىي ئورۇندىلىشى يەنىلا مۇشۇ زېمىندىكى گېپى ئۆتىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ نىيەت، ئىنساپلىرىغا باغلىق. ساۋابلىق ئىش ھامان كۆڭۈللۈك ئىشتۇر. 1997 - يىلدىكى بىر مەلۇماتتا يەنە 550 مىڭ ئادەمنىڭ، 2 مىليون 170 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقى، قالغانلىرىنىڭ ئورۇندىلىپ بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، ھەر قانداق ئىش مېھىر - مۇھەببەت بىلەن باغلانسا، ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن. قىزىق يېرى، بىزنىڭ سۇنى، تۇپراقنى، يېشىللىقنى پايدا ئۈچۈن بۇزغان ۋاقتىمىزدىكى قىزغىنلىقىمىز، جاسارىتىمىز ھامان ئۇنى قۇتقۇزۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىزغىنلىقىمىزدىن يۇقىرى بولىدىكەن. مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئۆزىمىزنىڭ ھاماقەتلىكىگە ھەيران قالىمەن.

# باھاردىكى غېرىپلىق

سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىزدا تالاي غېرىپلىقلار بولىدۇ. يات ئەللەردە سەيلە ـ ساياھەتتە، ئىش ـ ئوقەتتە، بىلىم تەھسىل قىلىشلاردا بولغىنىڭىزدا كىندىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك تۇپراقنى، ئاتا ـ ئانىڭىزنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزنى سېغىنىپ غېرىپ بولىسىز. سىزگە پاك مېھرى ـ مۇھەببەتنى بەرگەن جانانىڭىزنى سېغىنىسىڭىز ياكى سىز سۆيگەن، سىزگە تالاي ۋەدىلەرنى بەرگەن جانان ۋاپاسىزلىق قىلىپ تۇيۇقسىز سىزنى تاشلاپ كەتكەندە، سىزدىن يۈز ئۆرىگەندە غېرىپ بولىسىز. ھاياتلىق ئۈچۈن بېسىلغان قەدەملىرىڭىز بەزىدە ئوڭۇشلۇق بولماي پۇتلىشىپ، يېقىلىپ يۈرگىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئازابلىنىپ، كۆڭلىڭىز بىر مەزگىل چىدىغۇسىز غېرىپلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ ... ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يامان كۈنلەر ئۇنتۇلۇپ ياخشى كۈنلەر كەلگەندە سىزنىڭ كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ يەنىلا چىرايىڭىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ. ئەپسۇس، سىز بىھۇدە ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئويلىنىپ كۆرسىڭىز بىر مەڭگۈلۈك غېرىپلىقنى ھېس قىلىسىز، ئۇ بولسىمۇ باھاردىكى غېرىپلىق. بۇ غېرىپلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا ھەر قانداق قۇۋۋىلەرگە (جانلىقلارغا) تەۋە بولغان ھاياتلىق ئامىللىرىنى دەپسەندە قىلغان ۋە تەبىئەت ئۇلارنى جازالاشقا باشلىغان كۈندىن ئېتىبارەن باشلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن باھار

باھاردەك بولماي قالدى. ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا باھارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشىغان، تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ئېنىتايىن ئېنىق بولىدىغان بۇ زېمىندا باھار پەسلى ئۇلارنىڭ قەلبىگە مېھرى - مۇھەببەت، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان. گۈل سەيلى- سى، باغ سەيلىسى، بۇلاق سەيلىسى، تاغ سەيلىسى، يۇلتۇز قاپلىغان كېچىلەردە تاتلىق تۈنەكلەر... نەقەدەر گۈزەل ھە! ئەجدادلار بۇلارنى كۆرگەن، لەززەت ئالغان. سىز ۋە بىز ھەر ھالدا باھارنىڭ سۈزۈك سۇلىرى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقىدى- غان دەريالارغا چۈمۈلۈپ، بويلىرىنى ياپيېشىل چىم قاپلىغان ئېرىقلارنىڭ زەمزەمدەك سۇلىرىنى دۇم يېتىپ ئىچىپ، قۇشقاچ، كەپتەر، بۇلبۇل، قارلىغاچ، كاككۇكلار بىلەن ۋە بۇدۇنە، تور- غايلار بىلەن سۆزلىشىپ؛ كەكلىك، تۇرنا، ئاققۇلار بىلەن يىراق- تىن كۆز قىسىشىپ ھەمدە باغلار ئارا، چىمەنلەر ئارا كېپىنەك- لەرنى، يىڭناغۇچلارنى قوغلاپ چوڭ بولدۇق. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈندە تارىخقا ئايلاندى. بىزنىڭ باللىرىمىز باھارنىڭ يۇقىرىقى ھەممەتلىرىنى ئەمەس خىمىيۋى بىرىكمىلەر- دىن ياسالغان سۈنئىي ئويۇنچۇقلارنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئويناۋاتىدۇ ھەمدە ئاشۇ باھار قۇشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرمەي ھاڭتاڭلىقتا چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزدىن: «بۇلبۇل دېگەننىڭ قانچە پۇتى بار؟ كاككۇك دېگەن نېمە؟ قۇشقاچلار نېمە يەيدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىغاندا كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ. بىز ئۇلارغا: «بالام قۇشلار بىز ئىن- سانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى» دېسەك، ئۇلار: «ئەمىسە، بىز

نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز؟ ئۇلاربىزنىتاشلاپكەتتىمۇ؟»
دەپ سورايدۇ. بىز ئۇلارغا ئامالسىز راست گەپ قىلىپ: «بالام،
ئادەملەر ئۇلارنى ملتىق بىلەن ئېتىپ يەپ بولدى، ئۇلارنىڭ
ياشاش مۇھىتىنى بۇزۇپ، ئۇۋىلىرىنى چۇۋۇپ، يەيدىغان، ئىچى-
دىغانلىرىنى بۇلغاپ بەزىلىرىنىڭ نەسلىنى قۇرىتىۋەتتى، بەزىلە-
رىنى نەلەرگىدۇ قوغلىۋەتتى» دېسەك، بىچارە باللار دەرسلىك
كىتابلىرىدىكى باھار ۋە قۇشلار بەزمىسى ھەققىدىكى ھېكايىلەر-
نى، تاتلىق شېئىرلارنى ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى ئېسىگە ئېلىپ،
كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كۆڭلى يېرىم
بولۇپ يىغلاپ كېتىدۇ. قېنى ئېيتىڭە، بۇ غېرىپلىق بولماي
نېمە؟ بالىلىرىڭىزغا ئاسماننىڭ كۆكرەڭلىك ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرسىڭىزئۇلار سىزگە ئىشەنمەيۋاتسا، كۆزلىرىڭىزگە ياش
كەلمەسمۇ؟

راستىنى ئېيتسام، باغلار بولمىغان، ئەڭ يامىنى قۇشلار-
نىڭ سايرىشى بولمىغان باھارنى باھار دېگىلى بولمايدۇ. باھارنىڭ
كەلگەنلىكىنى قۇشلار ئەمەس ئادەملەر سىزگە خەۋەر قىلسا ئۇنىڭ
خۇشال بولغۇدەك نېمىسى بار؟ قۇشلار بولمىغان باھار گوياكى
بەزمىسى يوق تويغىلا ئوخشاۋاتسا بۇ غېرىپلىق بولماي نېمە؟
مېنىڭچە، بۇ غېرىپلىق راستىنلا مەڭگۈلۈك ئوخشايدۇ. چۈنكى،
بىز قۇشلارنىڭ بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ
ياشاش مۇھىتىنىڭ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، مەۋ-
جۇدلىقىمىزنىڭ ئۇلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى، بىز
ئۈچۈن، ھەتتا پۈتكۈل ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈچۈن قۇش-

لار بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، «تەرەققىيات» لىرىمىز داۋامىدا، قۇشلارنىڭ ھاياتىغا رەھىمسىزلەرچە زىيادىكەشلىك قىلدۇق، ئۇلارنى ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بىزدىن ئىنساپ تاما قىلىپ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئېشىپ قالغان باغ ياكى بىز ناھايىتى تەستە بەرپا قىلىۋالغان باغچىلىرىمىزدىكى ئىس- تۈتەك باسقان قارا رەڭ دەرەخلىرىمىزگە، مۇزدەك ستولبىلىرىمىزغا، توك سىملىرىغا قۇنۇپ سايراپ يۈردى، بۇ جەرياندا بىچارىلەرنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بىز يەنىلا «ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەر يۈزىدە ماڭىدىغاننىڭ ھەممىسىنى يەپ بەدەننى قۇۋۋەتلەيمىز» دېگەن روھ بىلەن ئۇلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدۇق. ئەمدى، يىراق يېزا - قىشلاقلاردا، كۆللەردە ھەتتا چۆلدىكى قاقشال توغراق شاخلىرىدا پاناھلىنىۋاتقان قۇشلارنى تۇتۇپ شەھەرلەرگە يۆتكەپ كېلىپ ئوزۇقلىنىۋاتىمىز.

مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ:

كەپتەرسىز غېرىپلاشتى،
گۈل چەككەن پىشايۋانلار.
كەلسە كەپتىرىم قايتىپ،
كۈلۈپ كەتمەمدۇ ئارمانلار.

دېگىنى بىزگە باھاردىكى غېرىپلىقتىن بېرىلگەن بىشارەت ئىكەن.

ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بول-
غان قۇشلارنىڭ ئىلگىرى بۇ زېمىندا قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدىغان-
لىقىنى، خىللىرىنىڭ قانچىلىكلىكىنى، ھەر بىر خىل قۇشنىڭ
تەبىئەتتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى، بۈگۈنكى ئەھۋالىنىڭ
قانداقلىقىنى قايتا تەكرارلىمىساقمۇ، ئالىملارنىڭ نىدالىرىدا،
قېلىن - قېلىن كىتابلاردا تەپسىلىي تۇرۇپتۇ. ئېچىنىشلىق بول-
غىنى، ئېغىزدا بار، كىتابتا بار، باھاردا يوق قۇشلار! ئىسىت،
باھاردا يوق قۇشلار! بۇ ھەقتىكى قۇرلارنى غېرىپلىق بىلەن
يېزىۋاتقىنىمدا، شائىر قۇربان باراتنىڭ كۆڭۈلدىن - كۆڭۈللەرگە
كۆچۈرۈلۈپ كەلگەن «قۇش مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا» ناملىق
مەشھۇر شېئىرى ئېسىمگە چۈشتى:

ھاياتلىق شادلىقى يايرىغان مەۋسۇم،
قۇشلارنى باغرىغا چىللىدى دالا.
ۋە لېكىن ئۇلارغا سالدى ۋەھىمە،
قۇش ئاتار بىر مىلتىق كۆتۈرگەن بالا.
بىمالال ئاتلىنىپ ئۆكتەم، يۈگەنسىز،
قۇشلارنى قىردى ئۇ كېزىپ مەلىدە.
ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى قوزغىدى غەزەپ،
ئاقكۆڭۈل، پاك يۈرەك ئىنسان ئەھلىدە.
ئاڭا كار قىلمىدى تەنبىھ، ئەيىبلەش،
ھەممىنى رەت قىلدى قوپال، زوراۋان.
باغلارغا، قوروغا باستۇرۇپ كىرىپ،

قۇشلارنى ئۆلتۈردى، تۆكتى قىزىل قان.
ئەشۇ قۇش مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا،
گۇناھسىز قۇشلارغا بولدى بىر بالا!
بىر كۈنى ئۇۋ ئىزدەپ بىزنىڭ قورۇغا،
تاجاۋۇز ئەيلىدى بۇ ياش زوراۋان.
دۇنيادىن مۇڭ تۆكۈپ بىر غېرىپ كاككۇك،
سۇۋادان شېخىدا سايرايتتى پىنھان.
كاككۇكقا ئوق ئۈزدى ئۇۋ مىلتىقىدىن،
ئۇ بالا مۇكۇنۇپ ئېلىپ شۇ ھامان.
كۆكلەمنىڭ بۇ دىلكەش قەدىم ئەلچىسى،
پالاقلاپ چۈشتى ـ دە، بەردى دەرھال جان.
ئۇ ئۆلدى جىنايى بىر شۇم ئوق بىلەن،
دۇنيادا سەرگەردان قالدى قىساسى.
ئۇ ئۆلدى ۋەھشىيلىك ۋە زورلۇق بىلەن،
ھاياتتىن مەڭگۈلۈك ئۆچتى نىداسى.
قانچىلىك تۇيغۇلار بار ئىدى ئۇنىڭ،
ئىنسانغا خەيرخاھ شۇ ساداسىدا.
ھايات ۋە دۇنيادىن بېرەتتى دېرەك،
يىراقتىن ئاڭلىنىپ كەلگەن شۇ سادا.
بۇ سادا لىق تولۇپ ياش كۆڭۈللەرگە،
قوزغايتتى تەلپۈنۈش ۋە جۇشقۇن ئارزۇ.
بۇ سادا دولقۇنلۇق دىل دېڭىزىدا،
قوزغايتتى ھاياجان، شادلىق ۋە قايغۇ.

بۇ سادا يۈرەكتە پەيدا قىلاتتى،
خىيالنىڭ كۆپ راۋان ئېقىنلىرىنى،
ئۇ كىمگە ئەسلىتىپ ئۆتمىگەن دەيسىز،
يۈرتىنى، تۇغقانىنى، يېقىنلىرىنى.
قېرىلار ئاڭلاپ بۇ تونۇش سادانى،
يوقاتقان ئۆمرىنى ئالغان يادىغا.
كۆز يېشى ئارىلاش كۈلۈمسىرەشكەن،
ئالتۇندەك ياشلىقى كېلىپ ئالدىغا...
پاناھسىز ۋە يۈمران قۇشنىڭ ئۆلۈمى،
تۇتاشقان ئوت بولۇپ ئۆرتىدى دىلنى.
مەن چىداپ تۇرالماي چىقتىم ئېتىلىپ،
نەق مەيدان ئۈستىدە تۇتتۇم قاتىلنى.
ئېتىلىپ بوراندەك بىر غەزەپ بىلەن،
پاچاقلاپ تاشلىدىم شۇم مىلتىقىنى.
تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قالدى ئۇ تېنەپ،
قازاندەك قاينىدىم ۋە سۆكتۈم ئۇنى:
سەن ئىنسان دوستىنى ئەيلىدىڭ ھالاك،
قىلمىشىڭ نەپرەتلىك ۋە مەشئۇم غايەت.
بىلەمسەن؟ سەن ئۆسكەن تەبىئەت - ئاناڭ،
سەن ئۇنىڭ ئالدىدا قىلدىڭ جىنايەت!
ئېيتقىنا! بىلەمسەن سەن گۈزەللىكنى،
پەقەت قان تۆكۈشمۇ سېنىڭ خىيالىڭ؟
سەن سوتتىن مۇستەسنا بۇ ئىش تۇپەيلى،

ۋە لېكىن ئويلاپ باق، بولسا ۋىجدانىڭ!
قەدىمىڭ تەگكەن جاي سېنىڭ بولامدۇ،
سېنىڭلا مۈلكىڭمۇ بۇ يورۇق دۇنيا؟
ئايىغىڭ ئاستىدا بولامدۇ دائىم،
دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇش، گۈللەر ۋە گىيا؟
بىلىپ قوي! كۆكىرىپ تۇرغان دۇنيادا،
قۇشلارنىڭ ياشاشقا تولۇق ھەققى بار.
كەڭ زېمىن سەن پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن،
بولغاندۇر ئۇلارغا ۋەتەن ۋە دىيار.
مەقسىتىڭ نېمىدى بۇ قىلمىشىڭدا،
كۆرسەتمەك بولدۇڭمۇ ياكى باتۇرلۇق.
بىلگىنكى، ئۆلتۈرمەك بىر كىچىك جاننى،
ئەل ئارا باتۇرلۇق سانالماس تولۇق.
مەقسىتىڭ ۋە ياكى بىر چىشلەم گۆشمۇ،
ساڭا گۆش كەممىدى بۈگۈن دۇنيادا؟
سەن ئۈچۈن مىليون - مىليون تۇياق مال،
يۈرمەمدۇ يايلاقتا پادا ۋە پادا؟
يە كۆڭۈل ئاچماقنى قىلدىڭمۇ ھەۋەس،
بولامدۇ شۇنداقمۇ قان تۆكەر ئويۇن؟
نېمىشقا ئويناشتىڭ تىرىك جان بىلەن،
گېپىمگە سال قۇلاق، تولغۇماي بويۇن!
چۈشەنكى دۇنيانىڭ تولۇق ئوبرازى،
تولمايدۇ يالغۇز سەن ئىنسان بىلەنلا.

بولىدۇ ئۇنىڭدا تاغلار، دېڭىزلار،
دەريالار، ئورمانلار، چۆللەر ۋە دالا.
قۇشلارنىڭ ساداسى ھاياتقا ھەمراھ،
ئۇلارمۇ ھەۋەسمەند، جۇشقۇن ۋە ئويغاق.
ئۇلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىنسا دۇنيا،
بولاتتى قانچىلىك غېرىپ ۋە سوغاق.
ئانىلار بالىنى ئويغاتقىنىدەك،
زېمىننى ئۇيقىدىن ئويغىتار شامال.
چۆللەردە يۇز بەرگەن قۇم كۆچكىنىدەك،
دەريانىڭ مۇزلىرى قوزغىلار دەرھال.
ساداسى ياڭرايدۇ گۇلدۇرمامىنىڭ،
كۆڭۈللۈك يامغۇرلار ياغار شاقىراپ.
تاغلار كۆلەڭگۈسىدەك سىلجىپ بۇلۇتلار،
ئۆتۈشەر دۇنيانى يۇيۇپ ۋە تاراپ.
خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ شاد چۇقانىدا،
سەن ھازىر ئۆلتۈرگەن كاككۇك ئۈنى بار.
كاككۇكلار كېلىدۇ دېڭىزلار ھالقىپ،
تۇغۇلغان يۇرتىنى قىلىپ ئىختىيار.
بۇ باھار ئوبرازى! بىلەمسەن نادان،
باھارلار بولغانمۇ قۇش ۋە گىياھسىز؟
سەن قېرىپ ئۆلىسەن ئۇلار قالىدۇ.
ھاياتلىق بولمايدۇ ھەرگىز ئۇلارسىز… !
مەن راسا قايىندىم، ئۇ ياش گۇناھكار،

چۈشەندى ياكى ياق، بۇسى دەر گۇمان.
بۇ ۋەقە پۈتۈلدى بىر شېئىر بولۇپ،
شېئىرىمنى چۈشىنەر بەلكى كىتابخان… !

توغرا، يۇقىرىقى شېئىردا قەيت قىلىنغىنىدەك قۇشلارسىز باھارنى، ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. قۇشلارغا قىلىنغان ھۇجۇم مەڭگۈلۈك بولىدىكەن، باھار باھاردەك بولمايدۇ، باھاردىكى غېرىپلىق مەڭگۈلۈك بولىدۇ …

بىزنىڭ ئۇۋچىلىرىمىز ھېلىھەم نىيىتىدىن يانغىنى يوق، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى، ئۇلارنىڭ قاپقانلىرى، ئۇلارنىڭ قىلتاقتورلىرى يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىكى، ئېگىز تاغ قاپتاللىرىدىكى قۇشلارغا ھەتتا ئەتىۋار، نەسلى قۇرۇپ كېتەي دېگەن قۇشلارغا تەييارلانماقتا. قانۇنلىرىمىزدا قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن قۇشلار ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، بەزى نادانلارنىڭ يۇقىرىغا «يول» مېڭىپ ئىقتىساد ھەل قىلىش، خۇشامەت قىلىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش قىلمىشلىرى ئۈچۈن «شىپالىق دورا» بولۇپ قالدى.

قەدىرلىك ئادەملەر، ئاشۇ جانىۋارلارسىز غېرىپلىق ھېس قىلمامسىلەر؟ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا بۇ دۇنيادا ياشاشقا ھوقۇقلۇققۇ؟ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ باھارى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ …

# كۆللەر بىزنىڭ تومۇرلىرىمىزغا ئوخشايدۇ

قانچىلىغان ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىكى كۆللەرنىڭ چوڭلۇقى، كۆپلۈكى، مەشھۇرلۇقى، كۆللىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. كۆل دېگەن زېمىننىڭ كۆزى، زېمىننىڭ ئەينىكى، ھەر قانداق زېمىندا كۆل بولغانلىقى ئۈچۈنلا بوستانلىق بولغان، مۇنبەت تۇپراق، ساپ ھاۋا بولغان. قايسى بىر ئىنسان كۆل بويلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھاسىل بولغان سەيلىگاھلارغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ تاتلىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ دەيسىز؟ ئەپسۇس، ئوبدانراق دىققەت قىلسىڭىز، ئاشۇ كۆللەرنى، كۆل بويلىرىنى قوغداشنى بىلىدىغانلار، قوغداشنى خالايدىغانلار، قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار زادى قانچىلىك؟ بىزنىڭ ئورغۇن بەختسىزلىكىمىز ئاشۇ «بىلمەسلىك» تىن باشلانغان.

بىزنىڭ بۇ تۇپرىقىمىزدا كۆللەر كۆپ. ھەر يىلى ياز پەسلىدە، ئىمكانىيىتى بار ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئاجرىتىپ، خېلى ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپ ئاشۇ كۆل بويلىرىغا بارىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. يامان يېرى، ئاشۇ كۆل بويلىرىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىۋېتىپ، ئاشۇ كۆللەردە سۇ ئۈزۈۋېتىپ، ئاشۇ كۆللەردىكى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى مەززە قىلىپ يەپ تۇرۇپ يەنە ئاشۇ كۆللەرگە تۈكۈرۈۋاتقان، ئاشقان - تاشقان يېمەكلىكلىرىنى ۋە كېرەكسىز نەرسىلەرنى كۆللەرگە تاشلاۋاتقان، ئىچ كىيىملىرىنى ئاشۇ كۆللەردە يۇيۇۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ يىرگىنىپ كېتىسىز، ھەتتا ئۆزلىرىنى

باشقىلاردىن مەدەنىي، بىلىملىك، ھەممىدىن خەۋەردار كۆرسە-تىپ يۈرۈۋاتقان ئادەملىرىمىزمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي يۇقىرىقىدەك سەت قىلىقلارنى قىلىدۇ. قېنى، كىم مۇھىتنى ئاسراشنى مەدە-نىيلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەيدۇ؟ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتنى بۇلغاش ئادەمنىڭ ھوقۇقى ئەمەس. «ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە كۆلگە سىيىش» ھەممىمىزنى غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ ئاشۇ كۆللەرگە قىلىنغان، ھاياتلىققا قىلىنغان ھاقارەت. بىزدە ساياھەتچىلىك خېلىلا تەرەققىي قىلغان. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر بىزنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كۆللىرىمىزنى ئۆزگىچە چىرايلىق، تەبىئىي مەنزىلىرىمىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ. ئاشۇ ساياھەتچىلەر ئارىسىدىكى چەت ئەللىكلەر ساياھەت جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى، خىمىيىۋى بې-رىكمىلەردىن ئىشلەنگەن خالتا، بوتۇلكىلارنى ئەپچىل يىغىشتۇ-رۇپ سومكىلىرىغا سېلىۋالىدۇ، ھەرگىز ئەتراپقا تاشلىمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇلاردىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىسى-ڭىز، «گۈزەللىكنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، تەبىئەت پۈت-كۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ، بىز ئۇنى ئاسراشقا ئادەتلەنگەن» دېگەن جاۋابنى ئالىسىز. ئەگەر ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ساياھەت قىلىۋاتقان بىر توپ جۇڭگولۇقنىڭ ھە دېسىلا قالايمىقان تۆكۈ-رۈپ، ئەخلەتلەرنى خالىغانچە تاشلاپ، گۈللەرنى، ئوت - چۆپلەر-نى ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرسە، ھېچ ئىككىلەنمەي «سىلەر مۇشۇن-داق مەدەنىيمۇ؟» دەپ سالىدۇ. بىر توپ جۇڭگولۇق دەرھال ھوجۇمغا ئۆتۈپ: «سەن ھازىر جۇڭگودا، بۇ دېگەن بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، بىلەمسەن؟» دەپ قويىمىز - يۇ، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىنى ئاشكارىلايمىز.

بىزنىڭ كۆللەرنى دەپسەندە قىلىشىمىز مۇشۇ تەرىقىدىرەك باشلانغان. ئاخىرى كۆللەرنىڭ ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە ئېچىلغان يەرلەرگە كۆل سۈيىنى تارتىش، پاسكىنا سۇلارنى كۆللەرگە قويۇپ بېرىش، كۆللەرگە قۇيۇلىدىغان دەريا سۈيىنى قىسىش، كۆللەرنىڭ ئۆزىدىكى ھەتتا كۆللەردىكى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن، كۆللەرگە پارتلاتقۇچ دورا قويۇش ··· قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئاشۇ كۆللىرىمىزنى ۋەيران قىلدۇق، سۇلىرىنىڭ ئەسلىدىكى سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتۇق ھەتتا لوپنۇر كۆلىدەك بىر مەشھۇر كۆلنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق، بىزنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلمىقىمىز ئاساندەك قىلغان بىلەن، تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىسا، ئۇنى يېڭىشىمىز ئاسان ئەمەس ئىكەن.

لوپنۇر كۆلى دۇنياغا مەشھۇر كۆل ئىدى، ئۇ ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاياغ ئىزلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، سۇ، تۇپراقنىڭ بۇزۇلۇشى، سۈيىنىڭ زور كۆلەمدە تارتىلىپ كېتىشى، كۆل سۈيىنى تولۇقلايدىغان ئېقىنلارنىڭ ئۈزۈلۈشى سەۋەبىدىن قۇرۇپ كەتتى، قۇرۇپ كەتتىلا ئەمەس، لوپنۇر رايونىدا بىر يېڭى قۇملۇق شەكىللەندى. بىزنىڭ ئايىغىمىز يەتكەن ئورمانلىق، يايلاق، كۆل دېگەننىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈندۇر قۇرۇپ تۈگەيدىكەن. بۇ بىزنىڭ تەبىئەتكە بەرگىنىمىزدىن تەبىئەتتىن ساراڭلارچە ئالغىنىمىزنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن، ئېلىشقا ئامراق، بېرىشكە ئۆچ ئىكەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. قارىغاندا، ئادەم دېگەندە قورساق بېقىش، ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىشتىن باشقا يەنە گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى

قوغداش، گۈزەللىكنى بەرپا قىلىش، ئاللا ئاتا قىلغان تەبىئەت گۈزەللىكلىرىنى، ھاياتلىق ئاساسلىرىنى ئاسراش، ئۇنى ئۆز پېتى ساقلاش روھىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىمدەك قىلىدۇ.

باغراش كۆلى، قاناس كۆلى، ئىبنۇر كۆلى، سايرام كۆلى، بۇغدا كۆلى قاتارلىق كۆللىرىمىز مۇشۇ زېمىنىنىڭ ئېكولوگىيە-سىدىكى تەبىئىي تەڭشىگۈچ بولۇپ تۇرۇۋېتۇ. بۇلار ھازىر شىن-جاڭدىكى مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرى بولۇپ قالدى، ئاشۇ جايلار-نىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ئاشۇ جايلار ئارقىلىق شىنجاڭنى دۇنياغا تولۇق تونۇتۇش، سىرتنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىشتا بۇ ساياھەت نۇقتىلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاشۇ كۆللەرنىڭ تەقدىرى بىلەن بىزنىڭ ھايات - ماماتىمىز چەمبەرچەس باغلانغان. ئاشۇ كۆللەر بىزگە بارلىقىنى بەردى، بىز ئۇلارغا قانچىلىك بەردۇق؟ سۈتكە ئامراق ئادەم ئىنەكنى سېغىۋەرمەي، يەنە شۇ ئىنەكنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە ئوزۇقلان-دۇرۇپ ئاسراش كېرەك ئىدى لېكىن بىز ...

باغراش كۆلى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە تەكلىما-كان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان بىر مەرۋايىت ئى-دى، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى ئىدى، شۇنداقلا كورلا رايونىنىڭ جان تومۇرى، تارىم دەرياسىنىڭ تولۇقلىغۇچى-سى بولغان كۆنچى دەرياسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئامبار ئىدى، مەملىكەتنىڭ ئاساسلىق قومۇش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىسى ئىدى. بايىنغو-لىن ئوبلاستىنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا باغراش كۆلى بولمىسا بولمايتتى. ئەپسۇس،

قىسقىغىنە 20 يىلدا، شور تۇپراقلىق قاراشەھەر ئويمانلىقىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەرنىڭ ئېچىلىشىغا، سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۇز ۋە خىمىيىلىك دورىلارغا، دېھقانچىلىق دورىلىرىغا تويۇنغان ئېتىز - ئېرىق سۇلىرى، شۇنداقلا سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇلارنىڭ كۆل رايونىغا قويۇلۇشى سەۋەبىدىن تاتلىق سۇ تۇزلۇق سۇغا، سۈزۈك سۇ قارا رەڭلىك يېپىشقاق سۇغا ئايلىنىپ قالدى. كۆل مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى ۋە سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى كۆلدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋە كۆلدە ياشىغۇچى جانلىقلار تۈرىنىڭ ئازىيىشىنى، نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بولۇپمۇ قاراشەھەر ئويمانلىقىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىككى قەغەز زاۋۇتى ۋە ئىككى شېكەر زاۋۇتى چىقارغان، دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن پاسكىنا سۇ كۆل ئەتراپىدىكى «سېرىق سۇ جىلغىسى» ئارقىلىق كۆل سۈيىگە قوشۇلۇپ، پۈتۈن باغراش كۆلىنى سېسىق كۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئەھۋاللار مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاپ كەتمەيدۇ دېيەلەمسىز؟ باغراش كۆلىنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي زىياننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ئىبنۇر كۆلى جان تالاشماقتا. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىمۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئازادلىق هارپىسىدا ئىبنۇر كۆلىنىڭ كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 70-يىللىرىغىچە بۇ رايوندىكى نوپۇس ئىلگىرىكىدىن 9.7 ھەسسە، تېرىلغۇ يەر 8.2 ھەسسە، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 6.8 ھەسسە

ئاشقان؛ كۆل سۈيىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان دەريا ئېقىنلىرى تو-
سۇۋېلىنغاچقا، كۆلگە قويۇلىدىغان سۇنىڭ 70% ى ئازىيىپ
كەتكەن، كۆل يۈزى 1200 كۋادرات كىلومېتىردىن تارىيىپ،
520 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان؛ كۆل سۈيىنىڭ
مېنېراللىق دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ، تۇزلۇق سۇ كۆلگە
ئايلانغان؛ 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بورتالا دەرياسى،
جىڭ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سۇ- تۇپراقنى
زور كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىدا، يەر ئاستى سۇلىرى تۆۋەنلەپ،
كۆلنىڭ شەرقى - جەنۇبىدىكى توغراق ئورمىنى قۇرۇپ كەتكەن،
ئورمانلارنى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىش ئەۋج ئالغانلىقتىن، كۆل
ئەتراپى تېز سۈرئەتتە قۇملىشىپ، قۇملۇق قۇربان تۇڭغۇن قۇم-
لۇقىغا قاراپ 39.8 كۋادرات كىلومېتىر ئىلگىرىلىگەن، نەتى-
جىدە، ئېبنۇر كۆلى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنى تىزگىنلەش،
ئالاتاۋ ئېغىزىدىن كىرىدىغان بوراننى توسۇش ۋە تەڭرىتېغىنىڭ
شىمالىنى قوغداش رولىدىن قالغان.

بۈگۈن پۈتكۈل بورتالا دىيارىدا ئېبنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگى-
يىسىنىڭ بۇزۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن ئاپەت ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.
جىڭ ناھىيىسىدە بەزىدە قۇم - بوران ئازابىدا كېچە بىلەن كۈن-
دۈزنىڭ پەرقى يوق، كىشىلەر كۈندۈزىمۇ چىراغ يېقىپ ئولتۇرى-
دۇ. ئاپتوموبىللار كۈندۈزى چىرىغىنى ياقمىسا يۈرەلمەيدۇ.
كىشىلەر يول يۈرگەندە سۇلياۋ خالتىلارغا ئورۇنۇۋالمىسا بەرداش-
لىق بېرەلمەيدۇ. قۇم - بوران نۇرغۇنلىغان قوي، كالا، ئات
قاتارلىق چارۋىلارنى ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدۇ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ
يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتەلەيدۇ؛ ئېبنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا
شەكىللەنگەن قۇم ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى

بولغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، بورتالادىكى ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى تەھدىتكە ئۇچرىماقتا...

كۆللەرنى ئاسراش، قوغداش، ھەتتا كۆللەرگە چوقۇنۇش كېرەككى، كۆللەرنىڭ ئېكولوگىيىسىگە تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئازابىمىزدا جان تالىشىپ، قىينىلىپ يىغلاۋاتقان كۆللەرگە ئىنساپ قىلايلى، كۆللەرنىڭ سۇلىرى بىزنىڭ جان تومۇرلىرىمىزغا ئۇلاقلىق. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، كۆللەرنىڭ ئۆز رولىنى يوقىتىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى تۇپەيلىدىن، يازدا يېغىۋاتقان ھازىرقى يامغۇر، يەر ۋە جىمى ھاياتلىققا ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان كىسلاتالىق يامغۇردۇر.

## قۇم باسقان زېمىن، ئېقىپ كېتىۋاتقان تۇپراق

چەت ئەللىكلەر خۋاڭخې دەرياسى بويلىرىدا كېتىۋېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «خۋاڭخې دەرياسىدا ئېقىۋاتقىنى لاي ئەمەس، جۇڭخۋا مىللىتىنىڭ ساپ قېنى ئىكەن» دېگەنىكەن. بۈگۈنگىچە، شىنجاڭدا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇ، تۇپراقنى، ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇچۇۋاتقان قۇملارنى كۆرۈپ، سالمىقى ئېغىرراق بىرەر ئېغىز گەپ قىلىدىغانلار كۆپ چىقمىدى. بەلكىم بىز بۇ زېمىننى تېخى تولۇق تونۇيالمىغان بولساق كېرەك.

1997 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك سۇ، تۇپراقنى ساقلاش خىزمەت

يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا (1990 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشتە)، شىنجاڭدا سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش كۆلىمى 950 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 51.4% ىنى، پۈتكۈل جۇڭگودا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇ، تۇپراق كۆلىمىنىڭ 25.8% نى ئىگىلىگەن. ئاشۇ 950 كۋادرات كىلومېتىرنىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكىنى 113 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، شامالدا ئۇچۇپ كەتكىنى 836 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولغان. بۇ تېخى بىز قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ شورلاشتۇرۇپ تاشلىۋەتكەن يەر كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دېمەك، جىمى ئالەمنىڭ كۆزى چۈشۈۋاتقان مۇشۇ زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېقىپ كېتىۋېتىپتۇ، بۇ ئېقىۋاتقان زادى نېمە؟ خەلقىمىزنىڭ قېنى، جېنى ئەمەسمۇ؟

شىنجاڭدا سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش يوللىرى خېلى كۆپ، قۇملىشىش ھەممىدىن ئېغىر. شىنجاڭدىكى 87 ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە، 80 ناھىيە (شەھەر) چۆل - باياۋان بىلەن قاپلانغان، ئۇ جايلاردا ئۈچتىن ئىككى قىسىم تۇپراق ۋە 12 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاشۇ ئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىدە تۇرىدۇ؛ شىنجاڭ زېمىنى ھەر يىلى 350 كۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قۇملىشىۋاتىدۇ؛ 120 مىليون مودىن ئارتۇق ئېتىز قۇم-بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى؛ 120 مىليون مو يايلاق ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى، يەنە ھەددى - ھېسابسىز ئورمان ۋەيران بولدى؛ قۇملۇقلار ھەر يىلى ئون نەچچە مېتىرلىق سۈرئەت بىلەن بوستانلىقلارغا قاراپ كېڭەيمەكتە؛ شىنجاڭدا ھەر يىلى قۇم - بوران كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2

مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن سۇ، تۇپراق تېخىمۇ كۆپ. 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا 137 قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 1 مىليون 110 مىڭ مو سۇپەتلىك يەر ئېقىپ كەتكەن، ھەر يىلى 7 مىليون مو تېرىلغۇ يەر سۇ ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، 1987 ـ يىلى 87 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 64 ىدە سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 978 مىڭ مو سۇپەتلىك ئېتىز ئېقىپ كەتكەن، مۇشۇ مەسىلىلەردە بۇگۈنكىچىلىك زادى قانداق سان ـ سىفىرلارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىق ھېسابلاپ خەلقئالەمگە دېيەلمەسلىكىمىزنىڭ ئۆزى بىر ئېچىنىشلىق ئىش بولدى، بۇ تەرىپى مۇئەللىپىنىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئويغا سالىدۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، كۆز ئالدىمىزدا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇ، تۇپراق زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېسابلايدىغان ئادەم بۇگۈن چىقمىسا ئەتە چىقار، ھېچ بولمىغاندا تەبىئەت بالا ـ قازالارنى قوشۇپ بىزگە كۆرسىتەر.

غۇلجىدىكى باياندايدا«نەنتەيزى جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بىر قېتىملىق قاتتىق يامغۇردا سۇ، تۇپراق ئېقىش يۇقىرى پەللىگە چىقىپ چوڭقۇرلۇقى 28 مېتىر، كەڭلىكى 11 مېتىر كېلىدىغان غايەت زور ئازگالنى پەيدا قىلغان. شۇنچىلىك كۆپ تۇپراق ئېقىپ كەتكەندە ئىنسان ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئامال قىلالىسۇن؟

ئىلى دەرياسى يىلدىن ـ يىلغا شىمالغا يۆلىنىۋېلىپ، يېڭىيار يېزىسىنىڭ تۇپراقلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. يېڭىيار يېزىسىنىڭ ئامۇتيار كەنتىدىلا 5000 مو ئېتىز ئىلى دەرياسىغا يەم بولغان. ئىلى دەرياسى ھەر يىلى ئون مېتىر سۈرئەت بىلەن

غۇلجا شەھىرىگە سۈرۈلمەكتە.

سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىمىز سۇ بىلەن ئەمەس، لاي - لاتقىلار بىلەن توشۇپ، ئاندىن ئۇ لاي - لاتقىلار تېرىلغۇ يەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ تۇپراقنىڭ قۇملىشىشىنى تېزلىتىۋاتىدۇ.

تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن كەلكۈن شېغىل ئاپىتىنى ئېلىپ كەلدى، ئېتىزلىقلار تاشلىققا ئايلاندى. تارىختا بىز شېغىل ئاپىتىنىڭ تەمىنى تېتىغان. مەسىلەن، 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 13- كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن دەھشەتلىك شېغىل ئېقىپ كېلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىككى مېتىر قېلىنلىقتىكى لاي- شېغىل قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، ناھىيە بازىرى 3 كىلومېتىر نېرىسىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن؛ 1969 - يىلى 6- ئايدا تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىن شېغىل ئېقىپ كېلىپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ نۇرغۇن يېرىنى كۆمۈۋەتكەن، غەربىي شىمالدىكى بۇ چوڭ لىنىيىدە يەتتە كۈن قاتناش توختىغان.

شورلىشىش ۋە چۆللىشىش ئەۋج ئالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ زېمىنىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى شورلىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا. چۆللەشكەن يەر شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %47.68 نى ئىگىلەيدۇ، يەنە يىلىغا 350 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە شورلاشقان تېرىلغۇ يەر تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %35 نى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدا %40 نى، قەشقەر دەرياسى ۋادىسىدا %67 نى، قىزىلسۇدا %70 نى ئىگىلەيدىكەن. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە شورلىشىش سەۋەبىدىن تاشلىۋېتىلگەن يەر 1 مىليون 380 مىڭ موغا يېتىدىكەن.

ئالىملار يەر شارىدا بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى يەر قاتلىمى-
نىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن 40 مىڭ يىل كېتىدىغانلىقىنى
ئىسپاتلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ
كېتىشى ۋە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئېغىر بولغان
جايلىرىدا 100 يىل ئىچىدىلا بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى يەر قاتلى-
مى يوقايدىكەن.

بىز ئۈچۈن يەر شۇ قەدەر قىممەتلىك. دۇنيادا كىشىلەرنىڭ
ئىسسىق قېنى يەر ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتىدۇ، تۈگىمەس توقۇنۇشلار
يەر ئۈچۈن، قىممەتلىك ۋەتەنلەر ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، ئۆلگەنلەر-
گىمۇ، تىرىكلەرگىمۇ، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغىمۇ يەر كېرەك،
ۋەتەن كېرەك. ئەجىبا، پايدا، شەخسىيەتچىلىك، قورساق تويغۇ-
زۇش دېگەنلەر ئالدىدا بىز ئامالسىزمۇ؟ ئەجىبا، گۆھەردەك زې-
مىنىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشىدىن، ئېقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش
ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەدەنىيلىك جۈملىسىگە كىرمەمدۇ؟ مۇشۇ مە-
نۇتتا بىزنىڭ تاغار - تاغار پۇللارنى، دەريا - دەريا قان -
تەرىمىزنى سەرپ قىلىپ ئاچقان سۇ، تۇپراقلىرىمىز بىلەن قۇم
بېسىپ كېتىۋاتقان، شورلىشىپ، چۆللىشىپ كېتىۋاتقان زېمىن-
لارنى، ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇ، تۇپرىقىمىزنى سىلىشتۇرۇپ
كۆرسەك ھەمدە ئىككىسىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنى دەڭ-
سەپ كۆرسەك بولاتتى.

مەن ئادەملەر تەرىپىدىن ئاچكۆزلۈك بىلەن يالىڭاچلانغان
زېمىنىنىڭ قۇم - بوراندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەك-
لىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇرۇقتاغ قۇملۇقى بىر - بىرىگە قاراپ
ئىلگىرىلەپ، ئادەملەرنىڭ ياردىمىدە تەبىئىي يېشىل توساقلارنى
بىتچىت قىلىپ كېڭىيىپ، ئۆزئارا تۇتىشىپ كېتەي دەپ قالغان

كىچىككىنە بوشلۇقتا تۇرۇپ گىگانت تاغلىرىمىزدىكى قار - مۇز-لارنىڭ ئېرىق كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەمدە ئىلى دەرياسى-نىڭ قىرغاقلارغا دەھشەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، مىليونلىغان ئەزە-مەتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن يوغۇرۇلغان ئاشۇ پاك، قىم-مەتلىك تۇپراقنى بىر - بىرلەپ ئېقىتىپ، قازاقىستانغا — بالقاش كۆلىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تارىم دەرياسى-نىڭ ئېچىنىشلىق ئېڭراشلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدىم، ياش تۆكتۈم، كۆڭلۈمنى غېرىپلىق تۇمانلىرى قاپلىدى. سىزمۇ شۇن-داق بولغانمۇ، دوستۇم؟!

## سىرلىق ئارال ھېكايىسى

بىر چاغلاردا بىز بەزى قوۋملەرنىڭ ئوغۇللىرىنى ئەزىز-لەپ، قىزلىرىنى خارلايدىغانلىقىنى، ئوغۇل بالا تۇغمىغان ئايال-لىرىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ھەتتا تۇغۇلغان قىز-لىرىنى ئۈن - تىنسىز ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن. بىلىشىمىزچە، ئوغۇل تۇغۇلسا شۇ جەمەتنىڭ ۋارىسى بولارمىش، شۇ جەمەتنىڭ ئۇرۇقى مەڭگۈ ئۈزۈلمەسمىش. بۇنىڭ بەلكى باشقا چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ باردۇ. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى، بۇ شۇ جەمەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش ئارزۇ-سىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىر تالاي ئوغۇللارنى تېپىپ پەخىرلە-نىپ يۈرگەن بىلەن، ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى-نى ئاچكۆزلەرچە، نادانلارچە بۇزۇپ ياشىغان خەلقنىڭ تەقدىرى-نىڭ ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ھەم ئىسپاتلىنىۋا-تىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنە «سىجىل تەرەققىي قىلىش»

دېگەن ئاتالغۇنى قوبۇل قىلدۇق، بۇ ئەمەلىيەتتە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھاياتلىقنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشى بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بىر رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا شۇ قەدەر مۇھىمكى، ئۇ كېلەچەكتىن، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى تەلتۆكۈس ھەل بولمىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىكىنى، مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن ئەمما شۇنىڭغا ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇ ئارمانلىرىغا يەتمەي تۇرۇپ، «ئون گۈلنىڭ بىرسىمۇ تۈزۈكرەك ئېچىلماي تۇرۇپ» يەنە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، تەبىئەتنىڭ جازاسىغا «پايدا ئالغۇچى» كىشىلەر بىلەن تەڭ ئۇچرىشى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئىش. بۇ ھال داۋاملىشۋەرسە، بۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى، ئەنئەنىسىنى، تۈنۈگۈنىنى، بۈگۈنىنى ھەتتا ئەتىسىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ۋەتىنىدىن، ھاياتلىق ھىممەتلىرىدىن، ئاخىر ھەممە نېمىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى نامراتلىق يەنە نامراتلىق. دۇنيادا نامراتلىقتىن ئۆتە بۇلغىنىش يوق. تۆۋەندىكى قىسقىغىنە ھېكايە بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

جەنۇبىي تىنچ ئوكياندا ئېستىر ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان سىرلىق ئارال بار. ئارالدا تاشتىن ئويۇلغان نۇرغۇن ھەيكەللەر قاتارلاشتۇرۇلۇپ دېڭىزغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئويۇلۇشى ناھايىتى نەپىس بولۇپ، ھەر كۈنى ئۇپۇق قىزارغاندا قارىسىڭىز تولىمۇ ھەيۋەت كۆرۈنۈپ، ئارالنى تېخىمۇ سىرلىق تۇسكە كىرگۈزىدۇ. بۇنداق زور تاش ھەيكەللەرنى زادى

كىم ئويغاندۇ؟ ئۇلارنى قانداق قىلىپ تىك تۇرغۇزالىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويغاندۇ؟ بۇ سوئاللار ھامان جاۋابسىز قالغان. ئارالدا ياشاۋاتقان يەرلىك خەلق — پولىنىسىيانلار بۇ سوئاللارغا پەقەت بېشىنى چايقاپ، بويۇنلىرىنى قىسىپلا قويغان.

1722 - يىلى تۇنجى تۇركۇمدىكى ياۋروپالىقلار بۇ ئارالغا بارغاندا، بۇ يەردە ئىلگىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىغان، ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئارالنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلق تولىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ئارالدا ياشاپ يۈكسەك مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوقكەن. ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۇلارغا ھېلىقى غايەت زور تاش ھەيكەللەرنى كۆرسەتكەندە، ئۇلار ھېچنېمە دەپ بېرەلمىگەن. كىشىلەر قەدىمكى زاماندا يۈكسەك مەدەنىيەتلەر بەرپا قىلىنغان بۇ ئارالنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولغانلىقىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشتى. بەزىلەر، ئاشۇ يۈكسەك مەدەنىيەتلەرنى ئارالدىكى يەرلىك خەلق ياراتقان ئەمەس، باشقا جايدىن كەلگەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ نەتىجىسى دېسە، يەنە بەزىلەر، تاشتىن ئويۇلغان غايەت زور ئادەم ھەيكەللىرىنى تاشقى پىلانېت ئادەملىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى. كېيىن بىر تۇركۇم ئىنسانشۇناسلار بۇ ئارالغا كېلىپ، ھېلىھەم ئىپتىدائىي ھالەتتە ياشاۋاتقان يەرلىك خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئەپسانە، رىۋايەتلەر ۋە خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قەدىمكى زاماندا بۇ ئارالدا

بارلىققا كەلگەن يۇكسەك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىگىسى يەنىلا ھازىرقى يەرلىك خەلقنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئىبتىدائىي ئارىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قانائەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئارالنىڭ ئېكولوگىيىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇشى ۋە نوپۇس يۆتكەپ كىرىشى بىلەن ئارالدىكى نوپۇس تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن، تەبىئىي بايلىقلار تالان - تاراج قىلىنغان، دەل - دەرەخلەر كېسىلىپ ئۆي سېلىشقا ۋە كېمە ياساشقا ئىشلىتىلگەن، يەر ۋە يېمەكلىك تالىشىش ئۇرۇشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ تىنچ، ئازادە تۇرمۇش مۇھىتى بۇزۇپ تاشلانغان، ئۆيلەر كۆيدۈرۈلگەن، ئورمانلار قىرقىپ تاشلانغان، يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى ۋەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇھىت مۇساپىرلىرىغا ئايلىنىپ باشقا جايلارغا سەرسان بولۇپ كېتىپ قالغان، ئېشىپ قالغانلىرى ئۆڭكۈرلەرگە كۆچۈپ ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى باشلىغان، ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان بويسۇندۇرۇش ۋە مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئارالدىكى يۇكسەك مەدەنىيەت خارابىلاشقان...

بۇنىڭغا ئوخشاش ئاچچىق ساۋاقلار ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندىمەي قالمايدۇ.

# دۇنيادا پەقەت بىرلا تارىم بار

كىشىلەرنىڭ غەربى شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، غەربى شىمالنى ئېچىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تاسادىپىي ئەمەس. قېلىن - قېلىن تارىخ كىتابلىرى شۇنى ئىسپاتلىغانكى، غەربى شىمال جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى توپلانغان جاي، يىپەك يولى جۇڭگودا ئەڭ بالدۇر دۇنياغا تۇتاشقان يول، شۇنداقلا دۇنيانى جۇڭگوغا تۇتاشتۇرغان تۈگۈن. ئاشۇ قەدىمكى زامانلاردا غەربى شىمال جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئىدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئىدى دېيىش ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئادەملەر ئۇزاق مەزگىل ئورمان كېسىش، يايلاقلارنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىش، قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىش، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش قاتارلىق ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىنى بۇزۇۋەرگەچكە، ئاخىر مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى قۇم باستى، چۆللۈككە، بورانلىققا ئايلاندۇردى. مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تىلغا ئېلىنغاندا، جۇڭگونىڭ غەربىدە، ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى جاھانغا مەشھۇر يىپەك يولى، يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋان بولۇشىدا بىردىنبىر مۇھىم رول ئوينىغان تارىم ۋادىسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئىلگىرى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئورنى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان تارىم ۋادىسى بۈگۈنكى كۈندە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىشى بىلەن پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىشىلەر ئىنسانشۇناس

مورگاننىڭ: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن، كىمكى بۇ ئاچقۇچنى تاپالىسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئاچالايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇنۇتۇپ يەتتى. بىز تارىم ۋادىسىدىن كەلگەن، بىز تارىم ۋادىسىدا ياشاۋاتىمىز، تارىم دەرياسى بىزنىڭ ئانىمىز؛ بىز تارىم ۋادىسىنى جۇڭگونىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلماقچى، 21-ئەسىرگە مۇشۇ ئارزۇلىرىمىز بىلەن كىرىۋاتىمىز. بۇ زېمىندا بىزنىڭ تۇمەنلىگەن ئارزۇلىرىمىز تارىم دەرياسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەپسۇس، بىچارە تارىم زەئىپلىك بىلەن بىزگە: «ئەي ئىنسانلار، مېنى تەشنالىقتا قالدۇرۇپ، مېنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، مېنىڭ قىرغاقلىرىمنى بۇزۇپ، سۇلىرىمنى، تىنىقلىرىمنى ئۇزۇپ يۇرۇپ تاپقىنىڭلار يەنىلا بىچارە پۇل، دەپسەندە قىلغىنىڭلار ئۇلۇغ بىر دەريا ئەمەسمۇ؟» دەپ پىچىرلىماقتا. بۇ دەرياغا نېمە بولدىكىنە؟ ئۇنىڭغا بىر قاراپ باقىدىغان چاغ بولدى.

تارىم دەرياسى ۋادىسى — تارىم ئويمانلىقىدىكى توققۇز چوڭ سۇ سىستېمىسىنى، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا بەش ۋىلايەت (ئوبلاست) ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى 42 ناھىيە، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئۈچ دىۋىزىيىسى، بىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارە-

سى ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى 56 يېزا، چارۋىچىلىق مەيدانى
بار؛ بۇ رايوندىكى ئومۇمىي نوپۇس 8 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ،
شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 47% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ
85% ى ئاپتونومىيىلىك مىللەت، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىل-
يون 70 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1 مىليون
230 مىڭ گېكتار، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 660
مىڭ گېكتار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەت
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. تارىم دەرياسى ئومۇمىي ئېقى-
نىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2437 كىلومېتىر، غول ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى 1321 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى خەلق مۇشۇ
ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشاپ كەلدى. تارىم دەرياسى مۇشۇ
زېمىندىكى خەلقنىڭ ھاياتلىقى، مەۋجۇتلۇقى، بوستانلىقلارنىڭ
بەرپا قىلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان
بولسىمۇ، يەنە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە كاپا-
لەتلىك قىلىش يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ
بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا قىلىدىغىنىمىزنى قىلدۇق، بۇ
بىچارە ئانا دەريانى ھالسىزلاندۇردۇق، ئۇنىڭ سۈيىنى ئۇياق -
بۇياقلارغا تارتىپ ئىسراپ قىلدۇق، ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى ئازايت-
تۇق، تومۇرلىرىنى كەستۇق، شانلىق مەدەنىيەتلىرىمىزنى ئۆز-
گەندەك ئۈزۈپ قويدۇق، ئەقىللىرىمىزنى قىسقارتقاندەك قىس-
قارتتۇق.

بىر دۆلەت، بىر رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىدىكى
تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئورنى-
غا، ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئورمان قاتارلىقلارنى پىلانسىز ئېچىش،
ئىسراپ قىلىپ ئېچىش، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە ئېچىش،

ئېچىش ئۈچۈن سالغان مەبلىغىنىڭ ۋە ئېچىشنىڭ ئۈنۈمى بول-ماسلىق، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى-لىنىشىغا پايدىسى ئاز بولۇش، نامرات بولغانسېرى شۇنچە كۆپ ئېچىش، ئاچقانسېرى شۇنچە نامرات بولۇش، باشقۇرۇش قالايمى-قان بولۇش، ئاخىر ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك يامان ئايلىنىشنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇ رايوندا ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرتىپنىڭ، پەن - تېخنىكا، مەدەنى-يەت مۇھىتىنىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىدىن، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇ-رىنىڭ، مەدەنىيلىك ئېڭىنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن پۈل ۋە بايلىقنى-لا كۆزلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى تارىم ۋادىسىدا، سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بايلىقلارنىڭ مولل‍ۇقىنى، تۈرلىرىنىڭ، زاپاس مىقدارى-نىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، ئۇزاق مۇددەت ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنىڭ، تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ زورلۇقىنى ئىسپاتلىدى. قىزىق يېرى شۇكى، بىزنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن باسقان ھەر بىر قەدىمىمىز بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا ئەجەللىك زىيانلارنى ئې-لىپ كېلىپ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئاي-لاندۇرۇشىمىز توسالغۇغا ئۇچرىدى، پايدا - زىياننى قاپلىيالمى-دى، بىز ئاچماقچى بولغان بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيە-لىك مۇھىتنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان كۈنىمىزدىن باش-لاپ، تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئېلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

تارىم دەريا ۋادىسىدا، «كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش مەز-گىلى» دىن تارتىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىللىرى-

گىچە، شۇنداقلا 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى باشلانغان بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە، سۇ، تۇپراقنى ۋەيـ ـران قىلىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە تەبىئىي ئورمانلارنى بۇزۇپ قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىش ئىزچىل داۋاملاشقاچقا، غول ئېقىنغا ھازىرچە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان خوتەن دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەرياسىدىن ئىبارەت تارماق ئېقىنلارغا قويۇلـ ـدىغان سۇ ئازايمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېقىنلار بويلاپ ئاچقان «بوز يەر» لەرگە سۇ تۇتىدىغان توساقلار، ئېچىقلار ھەم كۆپ، ھەم قالايمىقان بولغاچقا، غول ئېقىنغا قويۇلىدىغان سۇ ھەسسىـ ـلەپ ئازىيىپ كەتكەن. 1956 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا غول ئېقىنـ ـغا قويۇلىدىغان سۇ مىقدارى 30% ئازايغان، ئەكسىچە غول ئېقىننىڭ يۇقىرى ئېقىندا سۇنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 44% ئاشقان، غول ئېقىندا سۇنىڭ ئىشلىتىلىش، خوراش مىقدارى 90% نى ئىگىلىگەن، نەتىجىدە تۆۋەن ئېقىنغا سۇ يېتىپ كېلەلـ ـمەي، 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېقىن ئۈزۈلگەن، «يېشىل كارىدور» خارابىلاشقان، دەريا ۋادىسىدىكى ئورمانلارنىڭ 70% ى ۋە يايلاقلارنىڭ 75% ى قۇرۇپ كەتكەن؛ توغراقنىڭ يەر ئاستى سۈيى بىر مېتىردىن بەش مېتىرغىچە، مېنېراللىق دەرىـ ـجىسى ھەر لىتىر سۇنىڭ 0.5 گىرامدىن 3 گىرامغىچە بولغاندا ياشىيالايدىغانلىقىنى، يۇلغۇننىڭ يەر ئاستى سۈيى بىر مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە بولغاندا، قۇمۇش قاتارلىقلارنىڭ ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولغاندا بىمالال ئۆسەلەيدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىـ ـمىز، يەر ئاستى سۈيى ئون مېتىردىن تۆۋەنلەپ كەتسە يەرلەر ئېغىر دەرىجىدە قۇملىشىدىغانلىقىنىمۇ ھەممىمىز بىلىمىز. لېـ ـكىن نۆۋەتتە، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا يەر ئاستى

سۈيى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ بەزى جايلاردا 16 مېتىرغا يەتكەن، بۇنىڭ بىلەن يەرلەر شىددەت بىلەن قۇملىشىپ، يېشىللىق چېكىنىپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۈپىتى يامانلىشىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكەن.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىش، بايلىقلارنى ئېچىش شۇ جايدىكى خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر، يولى بار ھۆددىگەرلەر، ئاققۇنلار تۈرلۈك يوللار بىلەن بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىگە پايدىلىق بولسىلا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن كارى بولماي ھەرىكەت قىلىپ، تارىم دەرياسىدىكى كۆپ مىقداردىكى سۇنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، سۇنىڭ تارقىلىش ھالىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. بىزدە «سۇ قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى»، «يايلاق قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «يەر قانۇنى» بار، «تارىم ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» بار. بۇ زېمىندا نېمە ئۈچۈن مۇشۇ قانۇن - نىزاملارنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى مەن ھەر قانچە ئويلاپمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىدىم.

مۇھىت! مۇھىت! سۇ! سۇ! دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلىرىمىزدىمۇ، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن بۆلەكلىرىدە، گەرچە قانۇنلار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىدە: «30 گېكتاردىن تۆۋەن يەرنى ئېچىپ پايدىلانماقچى بولسا، ناھىيە (شە-

ھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ. بىر قېتىمدا 30 گېكتاردىن 60 گېكتارغىچە يەرنى ئېچىپ پايدىلانماقچى بولسا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ؛ 60 گېكتاردىن 600 گېكتارغىچە يەرنى ئېچىپ پايدىلانماقچى بولسا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ بىڭتۇەن سىستېمىسىدا 300 گېكتاردىن 600 گېكتارغىچە ئېچىپ پايدىلانماقچى بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ. بىر قېتىمدا 600 گېكتاردىن ئارتۇق يەرنى ئېچىپ پايدىلانماقچى بولسا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ تۈمەن مو، مىليون مو يەرلەر تۇەن، مەيدان، ناھىيىلەرنىڭ، ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئورنى، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەستىقى بىلەن ئېچىلىۋاتىدۇ. شۇ يەرلەرگە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئېچىلغان كونا - يېڭى، چوڭ - كىچىك ئېچىقلار ھازىر 302 گە يەتكەن، پەقەت 1996 - يىلى 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچىلا ئالتە چوڭ توسما ياسالغان. ئىككى قىرغاقتا پاختا تېرىش باھانىسى بىلەن ئورنىتىلغان تارىم دەرياسىدىن سۇ چىقىرىش ماشىنىسى 400 دىن ئاشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىشلىتىش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلمىگەنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. نۆۋەتتە تارىم ۋادىسىدىكى سۇغىرىش كۆلىمى ئاپتونوم رايون 2000 - يىللاردا يەتكۈزۈشنى پىلانلىغان سۇغىرىش كۆلىمىدىنمۇ خېلىلا ئېشىپ كەتكەن، ھالبۇكى، سۇ يېتىشمەسلىك، سۇ ئىسراپ بولۇش، سۇ ئىشلىتىش ئىلمىي بولماسلىق سەۋەبىدىن، ئېچىلغان نۇرغۇن يەرلەر تاشلىنىپ قايتىدىن چۆللىشىشكە باشلىغان.

چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھەرقاندىاق رايوندا باي-
لىقلارنى ئېچىشىمىز، تالاي - تالاي بەدەللەرنى تۆلەپ ئىشلەپچى-
قىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزدىكى
تۈپ مەقسىتىمىز، مەبلەغ يارىتىپ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى كۈندىن - كۈنگە باياشات،
ئازادە تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىنلا ئىبارەت. راستىنى دېسەك،
تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى
مۇھىت مەسىلىسىدە بەزىلەر بىر كۆزىنى بوشراق ئېچىپ، يەنە
بىر كۆزىنى پۈتۈنلەي يۇمۇۋېلىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگى-
لىمە، بۇيرۇقلىرى ئۇلارغا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ، بەزى جايلاردا،
ھەتتا «ئاۋۋال بۇزۇپ، كېيىن ئوڭشاش» قا، قارىغۇلارچە ئې-
چىش، مۇھىتنى بۇلغاشلاردا «ئاۋۋال ئىشقا كىرىشىپ، كېيىن
رەسمىيەت بېجىرىش» كە يول قويۇلۇۋاتىدۇ. يەنە بەزى جايلار
ئايرىم كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ھەتتا
مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنىڭ بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىشىغا
ياردەملىشىپ «يول» ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئالاھىدە
كىشىلەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى خالىغانچە بۇزۇپ، بايلىق ۋە
مەبلەغنى ئىسراپ قىلىپ ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ
قويۇپ، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ
شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە خەلقنىڭ نامراتلىق-
تىن قۇتۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ ياكى زىيان سالغۇچىلار
بىلەن ئۇلارغا يول ئېچىپ بەرگۈچى ئايرىم كىشىلىرىمىزنىڭ
مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا، ئېكولوگىيىلىك
تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا، دۆلەت مەبلىغىنىڭ ئېقىپ كېتىشى-
گە كىم جاۋابكار بولىدۇ؟

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئانىسى، مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان تارىم ھەققىدە كۆپ كايىدۇق. ئەڭ مۇھىمى، ئاشۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىق ئالدىدا، خەلقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كوممۇنىستىك پارتىيىگە، ئۆز خەلقىگە ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتىنى سۆيۈش، خەلقىنى سۆيۈش، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىش، ھەرقاچان خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن، دەبدەبىلىك قەسەملەرنى بەرگەن كىشىلەر يۇرىكىمىزنى تۇتۇپ باقايلى، ھەر ھالدا مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ نىيەتلىرىمىز بۇزۇلمىغان، ئەقلىمىز بۇلغانمىغانلا بولسا زېمىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، ھەرقانداق ئىش يەنىلا ئادەم بىلەن، توغرىسى يېتەكچى، يول باشلىغۇچى، باشقۇرغۇچى ئادەم بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ زات — رەھمەتلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئانا دەرياسى بولغان خۇاڭخې دەرياسى بويىدا تۇرۇپ، كەسكىن ھالدا: «نېمە قىلساڭ قىل، ئانا دەريانى خارلىما» دەپ ۋارقىرىغانىكەن. تارىم بويىدا سىزمۇ شۇنداق دېيەلەمسىز؟

# خاتىمە

مۇھىت ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممە بايلىقتىن قىممەتلىك بايلىق. ئۇنى چوقۇم بىلىش كېرەك. دۇنيادا پەقەت بىرلا تارىم بار، ئۇنىمۇ بىلىش كېرەك.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچ-

نېمە بىلەن كارى بولمىغانلارنى بىز كۆپ كۆرگەن، بۈگۈنكى كۈندە پۇل تېپىش، ئېچىش مالىمانچىلىقىدا ھېچنېمە بىلەن كا- رىمىز بولمىسا، بۇ زېمىنغا مۇھەببىتىمىز بار دېگىنىمىز يالغان بولۇپ چىقىدۇ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىزنى تىللاپ رەسۋا قىلىدۇ. چۈنكى، تارىم بىزگە مەنسۇپ ھەم پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ، بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار. ئەڭ بىچارە، ئەڭ بىتە- لەي، ئەڭ زەزىل ئادەملەرلا كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولغان بايلىققا كۆز قىزارتىدۇ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ھەممىنى بۇزۇپ تۈگىتىدۇ، ھېچنېمە قالدۇرمايدۇ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋال- دۇ.

تارىم، ئانىجان ئۇلۇغ دەريا، ئاللا كېيىنكىلەرنى سېنىڭ كۆلگەنلىرىڭنى، ۋادىلىرىڭنى، بوستانلىرىڭنى، گۈلشەنلىرىڭ- نى، ياشارغىنىڭنى ھەمدە سۆيۈگىنىڭ، ئاسمىنىڭنىڭ سۈزۈكلۈ- كىنى، تۇپراقلىرىنىڭ تىرىلگىنىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلارمۇ؟

خەلقئارادىكى مۇھىت ئاسراش مۇتەخەسسىسلىرى نۇرغۇن پاكىتلار ئاساسىدا، دۇنيادا ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ 40% بىنى بۇلغىنىش ۋە باشقا مۇھىت ئامىللىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلى- قىنى بايقىدى. ئۆلارنىڭ پەرىزىچە، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تات- لىق سۇلارنى ۋە باشقا مۇھىت بايلىقلىرىنى بۇلغىشى سەۋەبىدىن ھەر يىلى 4 ـ 5 مىليارد ئادەمنىڭ سالامەتلىكى زىيانغا ئۇچرايدۇ- كەن، سۇنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن ھەر يىلى 1 مىليوندەك ئادەم قاندىكى كېسەللەر سەۋەبىدىن ئۆلىدىكەن، ئىس ـ تۈتەكلەر ھەر يىلى 4 مىليون بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىكەن. ئېكولوگىيە-

لىك مۇھىت ئىبغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايلاردا كەلگۈسىدە 100 مىليونلىغان كىشىلەر يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، «مۇھىت مۇساپىرلىرى» غا ئايلىنىدىكەن ھەمدە بۇ مۇساپىرلار كۆپىنچە نامرات، چەت - ياقا رايونلاردىن چىقىدىكەن.

بىزدە ھازىرچە خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ تەشكىللەنگەن، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئاممىۋى تەشكىلات يوق. باشقا ئەللەردە بۇنداق تەشكىلاتلار خېلى كۆپ، ھەتتا ئۇلار ئىنسانلارنىڭ مۇھىتىنى قوغداش ئىشىنى ئۆستۈرۈشتە ھەتتا ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ مۇھىت مەسىلىسىدە جىددىي تەدبىر بەلگىلىشىدە مۇھىم رولىلارنى ئوينىماقتا. ئامېرىكىدەك بىر كاپىتالىستىك دۆلەتتە مۇھىت قوغدىغۇچى يەرلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلار 5000 دىن ئاشىدۇ. ئۇلار بىر كارخانا ياكى باشقا ئورۇنلارنىڭ مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقىنىنى بايقىسا، دەرھال كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلالايدۇ. ئامېرىكىلىق بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىشنى تەلەپ قىلىپ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا ئۆزى يالغۇز «نامايىش» قىلىپ ئون نەچچە يىل تۇرالىشىنىڭ ئۆزىلا بىزنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ.

تارىم ۋادىسىنىڭ مۇھىت ھالىتىنى بىز كۆردۇق، شىنجاڭدا يەنە 35 ئورۇندا كۆمۈركانلار كۆيۈۋاتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆيۈۋاتقىنىغا 1000 يىلدىن ئاشتى، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىلا ئون نەچچە كۆمۈركان كۆيۈۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆ-

مۇر ئەمەس، يەر، ئۆسۈملۈك، ئورمان ھاۋا، سۇ — پۈتكۈل ھاياتلىق كۆيۈۋاتىدۇ، بۇلغىنىۋاتىدۇ.

كەلگۈسىدىكى ھېلىقى «مۇھىت مۇساپىرلىرى» بىزنىڭ مۇشۇ زېمىندىن چىقىپ قالمىسا بولاتتى.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «كىرورەن مەدەنىيىتى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» (خەنزۇچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

2. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) 1996 ـ 4 ـ سان،

3. «كىرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلار» (خەنزۇچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

4. شۇگاڭ: «دەرەخ كەسكۈچى، ئويغان! » (خەنزۇچە) جىلىن خەلق نەشرىياتى.

5. «شىنجاڭ يەر ـ زېمىنى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1998ـ 4 ـ سان.

6. «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1997ـ 5 ـ سان.

7. شۇگاڭ: «يوقۇلۇۋاتقان دۆلەت زېمىنى» (خەنزۇچە) .

8. «تارىم ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقى، مۇھىت ۋە ئۇنى باشقۇرۇش» (خەنزۇچە) پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى.

9. چۇ گېپىڭ: «مۇھىتنى قوغداش بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى» (خەنزۇچە).

10. «بىرلا يەر شارى بار» (خەنزۇچە).

11. «قۇربان بارات: «قار گۈلى» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

12. «جۇڭگو ئۇچۇرلار گېزىتى» 1999 - يىل 2 - ئايدىكى سانلىرى (خەنزۇچە).

# کۆز تەگکەن ماکان

# مۇقەددىمە

*سىزنىڭ زەھەرنى رەت قىلىش ھوقۇقىڭىز*
*خۇددى ياشاش ھوقۇقىڭىزغا ئوخشاشلا*
*ناھايىتى مۇھىم. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى،*
*ئېچىنىشلىق تەقدىر ھېچقاچان ئاسماندىن*
*چۈشمەيدۇ. ئۇنى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ*
*قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.*

*خاتىرە دەپتىرىمدىن*

زەھەر ھەققىدە يېزىش ئاسانغا چۈشمىدى. يېزىش ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ قولۇمغا قەلەم ئالغان بولساممۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قارارغا كېلەلمىدىم. بەزىلەر مېنى يېزىشقا دالالەت قىلدى، يەنە بەزىلەر بۇ نىيىتىمدىن يېنىشىمنى ئۆتۈندى؛ بەزىلەر: «يېزىش بىلەن مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش ئارقىلىق، سەن ئاشۇ كۆيىقاپ ئىچىدىكى ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرالمايسەن. زەھەر ئازابىدا جان تالىشىۋاتقانلارنى، قانچىلىغان دۈرۈس تەنلەرنى بۇلغاۋاتقانلارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىنىڭدە، يەنە ئۇلارنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە زەھەردىن ھەسسىلەپ، نەچچە يۈز ھەسسىلەپ پايدا ئېلىپ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى، ۋىجدانىنى، نام - ئابرويىنى ھەتتا ئەمىلىنى

پۇلغا، ئاشۇ هارام، پاسكىنا پۇلغا سېتىلىپ بەگدەك ياشاۋاتـ
قان، قولىدىن هەرقانداق ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئۇنتۇپ
قالما. ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويما، ئۇلارنىڭ يەۋاتقان ئېشىغا
توپا سالما، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. يازساڭ ـ يازمىساڭ بەر-
بىر، چېكىدىغانلار چېكىۋېرىدۇ، ساتىدىغانلارسېتىۋېرىدۇ» دې-
يىشتى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن قارىسام
ئەھۋال ئېغىرلىشىپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ،
زەھەر مەسىلىسى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ هايات ـ ماماتىغا مۇناسى-
ۋەتلىك زور مەسىلە، قىيىن مەسىلە بولۇپ قېلىپتۇ. يەنىلا
يازمامدۇق؟ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، ئاشۇ زەھەرنىڭ كاسا-
پىتى بىلەن ياش هاياتىدىن ئايرىلغانلار، روھىنى، تېنىنى، ئار-
زۇسىنى، ئىدرىكىنى، ئىرادىسىنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممى-
تىنى يوقىتىپ، بىر چېكىم ئىس ئۈچۈن تېنىنى سېتىۋاتقانلار،
ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن-
لەر ... بىزنىڭ ئاكىلىرىمىز، ئىنىلىرىمىز، ھەدىلىرىمىز، سى-
ڭىللىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ دەردىدە قان ـ يىغلاۋاتقان-
لار، يۈرەكلىرى تىلغىنىپ، ئۆز ئەجلىدىن بالدۇر ئېچىنىشلىق
ھالاك بولۇۋاتقانلار، پەرزەنت ئازابىنى يېنىكلىتىمەن، پەرزەنت-
لەرنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ بارلىق مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ تالادا
قېلىۋاتقانلار ... بىزنىڭ دادىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟
مەن كۆپ ئويلاندىم، ئۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى كۆردۇم، مەج-
بۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركەزلىرىگە، سالامەتلىكنى ئەسلى-
گە كەلتۈرۈش ئورۇنلىرىغا، تۈرمىلەرگە، تۇتۇپ تۇرۇش، ئەم-

گەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا باردىم. مىڭلىغان ۋەيرانە ئائىلىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىدىم. زەھەر چاڭگى-لىدىكى «بوزەك» لەر ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ قارا كۆزلەر-كەن.

زەھەرنىڭ تەسىرى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، كۆ-ڭۈل ئارامىنى، سالامەتلىكىنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت سې-لىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. ئىرادىسى ئاجىز، ھېسسىيا-تىنى ئەقلىگە تېخى بويسۇندۇرۇپ بولالمىغان، ئاسانلا ئالدىنىد-غان، رەت قىلىشنى تېخى ئۆگىنەلمىگەن، بىر- بىرىگە كۆيۈم-سىز، مەسئۇلىيەتسىز، چېچىلاڭغۇ، كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ كۆ-تى ئوچۇق يۈرىيدىغان كىشىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن ھەمدە يەنە كۆچمەنلەرچە، مۇساپىرلارچە، كېلىپ - كېتىپ ياشايدىغانلار توپلانغان بۇ زېمىنغا 80 - يىللاردىن ئىلگىرى «زەھەرسىز ما-كان» دېيىلىدىغان بۇ ئېزىز تۇپراققا، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇچۇر، ئۇنۇملۇك مەبلەغ، يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرى كې-رىشكە تېخى تولۇق ئۇلگۇرەلمەيلا زەھەردىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستى خۇددى قاراۋۇلسىز ئېغىزلاردىن تاجاۋۇزچى بۆسۈپ كىرگەندەك تېز سۈرئەتتە كىرىپ، ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقنى قاپلىغان تۇرسا، قانچىلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە ئۇلگۇرمەيلا ھۇ-شىدىن كەتكەن تۇرسا، ئەتە، ئۈگۈن ئۇ يەنە قانداق بالا - قازانى تېرىمايدۇ؟!

مەن ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يازغانلىرىمنىڭ كىملەرنى كۆلدۈرۈپ، كىملەرنى يىغلىتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كەتمىدىم. رېئاللىق هامان رېئاللىق. ئۇ رەھىمسىز بولىدۇ. جەمئىيىتىمىز ئېچىۋېتىلگەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، تۈرلۈك - تۈمەن تەپەككۇرلار گىرەلىشىپ كەتكەن جەمئىيەت. مەن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدا خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ، ئەۋلادىنىڭ كېلەچىكىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنمەيمەن، خەلقىمىزنىڭ ئەجەللىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنمەيمەن ...

# ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە

زەھەر ئەتكەسچىلىكى ۋە زەھەر چېكىش يەر شارىدىكى نەچچە مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، هەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ «بەڭگى» هاياتىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ. زەھەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى هەرقانداق بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئۆلگەن ئادەم سانى 10 مىليون، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 50 مىليون).

زەھەردىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى ئاپەت يەر شارىنىڭ هەممە يېرىگە يەنىلا شىددەت بىلەن يامراپ، شىپاسىز «ئىجتىمائىي راك» بولۇپ قالدى.

1998 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، هازىر دۇنيا

بويىچە زەھەرنىڭ چاڭگىلىدا جان تالىشىۋاتقانلار 180 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە، ھەر قىرىق ئادەمنىڭ بىرسى زەھەر چېكىدىغانلىقى ئې-نىقلانغان؛ دۇنيا بويىچە 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ زەھەر چەكلەشكە سەرپ قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن زەھەر چەككۈچىلەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا؛ نۆۋەتتە، دۇنيا زەھەر سودىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇ زەھەر بازىرىنىڭ دۇنيا نېفىت بازىرىدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بازارغا ئايلانغانلىقىنى ھەم زەھەر سودىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى قورال - ياراغ سودىسىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەپيۇن ۋە خروئېننىڭ توپ سېتىلىش باھاسىنىڭ كۈنسايىن ئې-شىشى يەنى، ئافغانىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان خروئېننىڭ ياۋروپا بازارلىرىدىكى باھاسى ۋە «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» تە ئىشلەپچىقى-رىلغان خروئېننىڭ ئامېرىكا بازارلىرىدىكى باھاسى بۇنىڭ دەلى-لىرىدۇر.

× × ×

زەھەر ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇ جەمئىيەت، سى-نىپ، مىللەت ئايرىماستىن سانسىزلىغان جانلارنى ئالۋاستىلارچە يۇتۇپ كەتتى؛ ئۇ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەت-نىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ياشىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ؛ تالاي - تالاي بايلىقلار ئۇنىڭ كاساپىتىدە ۋەيران بولدى، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن غايەت زور ئىسراپچىلىق ۋە زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقار-دى؛ ئۇ خەلقئارا جەمئىيەتنى داۋالغۇتۇپ، ئاز بولمىغان دۆلەت-

لەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى. زەھەر سودىسىدىن ئې-
رىشكەن نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە ھەتتا نەچچە يۈز
ھەسسە پايدا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىۋەت-
تى. ئۇلار يەر شارى خاراكتېرلىك زەھەر ئەتكەسچىلىكى تورىنى
قۇرۇپ، خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنى شەكىللەندۈر-
دى؛ ئۇلار ئارمىيىگە، ئايروپىلانلارغا ئىگە بولدى، ئەڭ ئىلغار
قوراللار بىلەن قوراللاندى ھەمدە خەلقئارادىكى بەزى سىياسىي
تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىلەن
كۈچ سىناشتى. بەزىلىرى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم سىياسىي
كۈچىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ دۇنيادىكى بەزى چوڭ تېررورلۇق
تەشكىلاتلار ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىدى ھەمدە زەھەر
ياراتقان مەبلەغتىن پايدىلىنىپ ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق
ئېلىپ باردى؛ زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى ئۆزلىرىنىڭ
«پادىشاھلىقى» نى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كۆپ خىل
ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا ھەت-
تا پارلامېنتلارغىچە سىڭىپ كىردى، پۇل ئارقىلىق ھۆكۈمەت
ئەمەلدارلىرىنى سېتىۋېلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرىنى زو-
رايتتى. بۇ ھال دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ساراسىمىگە سالدى.
ئاتاغلىق جەمئىيەتشۇناسلار قاتتىق غەزەپلىنىپ: «دۇنيانىڭ ئەج-
لى توشۇپتۇ» دېيىشتى.

## يېقىندىن باش كۆتۈرۈۋاتقان زەھەر دۆلەتلىرى

روسىيە. بۇ دۆلەتتە زەھەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش، پىششىق-

لاپ ئىشلەش، توشۇشتىن تارتىپ سېتىشقىچە بولغان بىر يۈرۈش سىستېما شەكىللەنمەكتە.

«زەھەرنىڭ روسىيىگە بولغان تەھدىتى» ناملىق بىر پارچە دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، روسىيىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئاساسى ناھايىتى چوڭ پارچە سېتىش تورى بولۇپ، پەقەت موسكۋادىلا 1000 دىن ئارتۇق زەھەر ئەتكەسچىسى بار ئىكەن. ئوتتۇرا قاتلىمىدىكىلەر قوراللىق قوغدىغۇچىلارنىڭ ھىمايىسىدىكى توپ تارقاتقۇچىلار ۋە توشۇغۇچىلار ئىكەن. ئەڭ ئۈستىدىكىلەر بولسا پىلانلىغۇچى ۋە زەھەر سېتىپ تاپقان ھارام پۇلنى ئايلاندۇرىدىغانلار ئىكەن.

روسىيىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى كۆپىنچە كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاجىكلار، قازاقلار، گىروزىيىلىكلەر ۋە ئەزەربەيجانلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا موسكۋا رايونىدا ئافغانلار ۋە ۋيېتناملىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭ چەت ئەللىك زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

روسىيىدە 1997 - يىلىلا زەھەر بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 1996 - يىلدىكىدىن %95 ئاشقان، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ تاپقان ھارام پۇلى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، ئۇلار بۇ پۇللارنى مەخسۇس پاي چېكى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن. نۆۋەتتىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، گەرچە روسىيىدە ھازىرچە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىي تۇرمۇشىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى بايقالمىغان بولسىمۇ لېكىن بەزى ئەتكەسچىلەر پارلامېنت

ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم شەخسلەرگە بېسىم ئىشلە-تىپ، زەھەر چەكلەشكە دائىر قانۇنلارنى تۈزۈشنى توسماقتا.

**ئەزەربەيجان.** ئىران ۋە تۈركىيىدىن ياۋروپاغا توشۇلىدى-غان زەھەر ئاساسلىقى ئەزەربەيجاندىن ئۆتىدۇ، بۇ دۆلەتتە مەخ-سۇس زەھەر يۆتكەپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جىنايەت شايكىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىران چېگرىسىغا يېقىن ماساللى رايونىدا ئەلا سۈپەتلىك كەندىر كۆپ ئۆستۈرۈلى-دۇ. ئەزەربەيجاننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى يېقىندا بىر قېتىملىق ھەرىكەتتىلا 48 توننا نەشىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇنداق قولغا چۈشۈرۈشلەر بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ نەشە ئارقىلىق پۇل تېپىش قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، ئۇلار ھويلا ـ ئاراملىرى ۋە ئەتراپتىكى مەخسۇس ئېتىزلاردا كەندىردىن مول-ھوسۇل ئېلىپ نەشە ئىشلەپچىقارماقتا.

ئەزەربەيجاندا زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياش ـ ئۆسمۈرلەر بولۇپ، بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كوچىلىرىدا ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا زەھەر سېتىۋاتقىنىنىمۇ چېلىقتۇر-غىلى بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئەزەربەيجان-دىكى 7 مىليون 500 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئالاھىزەل 100 مىڭدىن ئارتۇق «بەڭگى» بار ئىكەن.

**ئۆزبېكىستان.** بۇ دۆلەتنىڭ تۇپرىقى كەندىر ۋە ئەپيۇنگۈل ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى باپ كېلىدۇ. ھوسۇللۇق يەرلەر بۇ دۆلەت-نىڭ ياكى خەلقئارادىكى قارا جەمئىيەت كىشىلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغان. مەسىلەن، ھازىر ئافغانىستان قارا جەم-ئىيىتى بۇ دۆلەتتىكى تېرمىز ۋە سەمەرقەنت رايونىنى كونترول قىلىپ تۇرماقتا. تاجىكىستاندىكى بەزى ئىسلام تەشكىلاتلىرى

بىلەن يەرلىك جىنايەتچى شايكىلار ئۆزئارا بىرلىشىپ بۇ جايلاردا زەھەر يۇرۇشتۇرۇش كارىدورىنى بەرپا قىلغان.

**قىرغىزىستان.** بۇ دۆلەت قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەھەر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ كەلمەكتە. يەرلىك كىشىلەر پەقەت زەھەر خام ئەشيالىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىكىنى ئاساسەن بۇ دۆلەتتىكى تاجىكىستانلىقلار ۋە ئەزەربەيجانلىقلار قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بۇ دۆلەتتىكى كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئەپيۇنگۈل پەقەت دورا ئىشلەشكىلا سەرپ قىلىناتتى، ئۇلارنىڭ خەلقئارا بازارلارغا ئېكسپورت قىلىدىغان ناركوز قىلىش دورىلىرى دۇنيا بويىچە ئەپيۇنگۈل ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 17% ىنى ئىگىلىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ناركوز بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويدى. قىرغىزىستانلىقلار ئۆزلىرى تېرىغان ئەپيۇنگۈلنىڭ 90% ىنى قانۇنسىز زەھەر ياساشقا ئىشلەتتى. نۆۋەتتە، قىرغىزىستاندىكى زەھەر ئىشلەپچىقىرىش يەر ئاستى زاۋۇتلىرى نەچچە ئوندىن ئاشىدۇ. پۇلدىن ئىبارەت بۇ نەرسە قىرغىزىستاندىكى ئاز بولمىغان كىشىلەرنى بۇ قورقۇنچلۇق يولغا باشلاپ كىردى.

دېمەك، يۇقىرىقى دۆلەتلەردە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەرقانداق گۇناھسىز بەندىلەرنىڭ ھاياتى، سالامەتلىكى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زەھەر ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش،

چەككۇزۇش ئارقىلىق ئۆز بازارلىرىنى كېڭەيتمەكتە، زىيانكەش-لىككە ئۇچرىغۇچىلار قوشۇنىنى كۈندىن - كۈنگە زورايتماقتا. ئەسلىدىلا ئانچە مۇقىم بولمىغان ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تېخىمۇ داۋالغۇماقتا، ئەسلىدىلا ئانچە باي بولمىغان كىشىلەر زەھەرنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە ئازابلانماقتا. ئېنىقكى، دۇنيادا يېڭى-دىن يېڭى زەھەر دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ھاقارەتلىك تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ئېچىنىشلىق ھالدا تولدۇرۇماق-تا.

## جەننەت بىلەن دوزاق ئارىلىقىدا ياشاۋاتقانلار

بەزىلەر ئۇ جايلارنى «جەننەت» دېيىشىدۇ. كىشىلەر ئەج-دادلىرىدىن قالغان ھەر بىر پارچە تۇپراقنى قەدىرلەپ، ئۆزلىرى-نىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگىكىگە تايىنىپ، ئۇزاق ۋاقىت ۋە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەر قانداق تاجا-ۋۇزچى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شۇم نىيەتلىرىنى بەرباد قى-لىپ، ئۆز پۇقرالىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا جەننەت ھوزۇرى بې-غىشلايدىغان دۆلەتلەرنى، شەھەرلەرنى قۇرۇپ چىقتى. يۈكسەك مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ ئەركىن، ئازادە، باياشات، قايناق، گۈزەل ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ئاشۇ ئىنسانلار پەرزەنتلىرىگە جەننەت ۋە دوزاق ھەق-قىدىكى ساماۋى چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈن-دە، ئۇلار يەنە ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئاستا - ئاستا دوزاققا تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالدى. قانچىلىغان رەھىمسىز ئادەملەر زەھەردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە جەننەت قۇرۇپ، باشقىلارنى

دوزاق يولىغا باشلاپ قويدى.

**ئامېرىكا.** پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر بىر كىشى ئىنتىلىدى-
غان، ھەۋەس قىلىدىغان دۆلەت، ئۇ كىشىلەرنىڭ غايىۋى جەننى-
تى. ئەپسۇس، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زەھەر ئىستېمال
دۆلىتى. ئامېرىكىلىقلار ئىستېمال قىلىۋاتقان ھەر خىل زەھەر
پۈتۈن دۇنيا زەھەر ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %65 ىنى ئىگىلەي-
دۇ. ئامېرىكىدىكى «خەۋەرلەر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ خەۋى-
رىگە قارىغاندا، ئامېرىكىدىكى زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ چىقىمى
110 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن، زەھەرنىڭ سېتىلىش
سوممىسى ھەر يىلى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق سۈرئەت
بىلەن ئېشىپ بارغان. ئامېرىكىدا زەھەر ئەتكەسچىلىكى ۋە زەھەر
چېكىشكە چېتىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى، چېتىلىش
دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنى-
شىچە، ئامېرىكىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ سانى 200 مىڭ-
دىن ئاشىدىكەن، ھەر يىلى زەھەر سودىسىدىن كەلگەن پايدا 30
مىلياردتىن 50 مىلياردقىچە ئىكەن. يەنە بىر مۆلچەرگە قارىغان-
دا، ئۆمرىدە كەم بولغاندا بىر خىل زەھەرنى بىر ياكى بىر نەچچە
قېتىم «سىناپ كۆرگەن» ئامېرىكىلىقلار 72 مىليونغا يەتكەن.
بۇ ھەر ئۈچ ئامېرىكىلىقتىن كەم بولغاندا بىرسى زەھەرنىڭ
تەمىنى تېتىپ باققان دېگەنلىكتۇر.

ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زەھەر چېكىش مەسىلىسى ناھا-
يىتى ئېغىر بولماقتا. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 130 ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ 16 مىڭ 300 نەپەر ئوقۇغۇچىسى ئۈستىدە مەخپىي تەكشۈر-
گەندە، ئۇلارنىڭ %7.9 ىنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقى بايقالغان.
يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، دائىم زەھەر چېكىدىغان 500

نەپەر كىشىنىڭ 30% ى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكى، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 28 ياش ئەتراپىدا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

زەھەر ئامېرىكىنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتماقتا. مۆلچەرلىنىشىچە، ئامېرىكىدا ھەر يىلى زەھەر بىلەن ئالاقىدار مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي زىيان 80 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زەھەرنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى پۈتكۈل ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا يامرىدى. ئون نەچچە ياشلىق بالىلاردىن تارتىپ، ئالىم، پاي چېكى سودىگىرى ۋە كىنو چولپانلىرىغىچە، ئەڭ نامراتلاردىن تارتىپ باي سودىگەرلەرگىچە ھەتتا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىچە بولغان بىر مۇنچە كىشىلەر زەھەر ئارىسىدا يۈرمەكتە. 1989 - يىلى 3 - ئايدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش، ئاتوم ۋە خىمىيىلىك قوراللارنى ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 30 مىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ سۈيدۈك ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرگەن. نەتىجىدە 203 نەپەر خادىمنىڭ كوكايىن ۋە نەشە ئىستېمال قىلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. بۇنداق نازۇك ۋە مۇھىم ئورۇندىكىلەرنىڭ زەھەر بىلەن بۇلغىنىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 26- كۈنى ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدە بىر سەتچىلىك يۈز بېرىپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، يەنى ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ باشلىقى بارى زەھەر چېكىش جىنايىتى ئۈچۈن يەرلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يېرىم يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۇنىڭغا 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويۇلدى. ئامېرىكىنىڭ ئەينى چاغدىكى زۇڭتۇڭى

بوش قايغۇلۇق سۆز قىلىپ: «زەھەر ھەر بىر ئامېرىكىلىقنىڭ يۈرىكىنى جاراھەتلەندۈرىدىغان، ھەر بىر ئامېرىكىلىقنى ساراسىمىگە سالىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى» دېدى.

ئىتالىيە. بۇ گۈزەل دۆلەت. لېكىن، سىز بۇ دۆلەتتىكى بەزى شەھەر مەركەزلىرىگە جايلاشقان مەيدانلاردا، مەيخانا، تانسىخانا ۋە مېھمانخانىلاردا چىرايلىق خېنىملارنىڭ، بۇ يەرگە كېلىدىكەن يىگىتلەرنىڭ ئوچۇق ئاشكارا زەھەر سودىسى قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يەنە ئىتالىيىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زەھەر سودىسى قىلىدىكەن. ئەتكەسچىلەرنىڭ كىرىپ-چىقىشىنىڭ قولايلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاسىيادىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ۋە «ئالتۇن ھىلال ئاي» نىڭ خروئىن، مورفىنلىرى؛ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى «ئاق ئۈچ بۇرجەك» نىڭ نەشە، كوكايىنلىرى دېڭىز ۋە ھاۋا يوللىرى ئارقىلىق ئىتالىيىگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدۇ.

ئىتالىيىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مەملىكەت بويىچە زەھەر چەككۈچىلەر 240 مىڭغا يەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ھەتتا 12 ياشلىق بالىلارمۇ زەھەر چېكىشنى باشلىغان؛ ئىتالىيىدە ھەر يىلى زەھەر چېكىپ ئۆلىدىغانلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 ئادەمگە يەتكەن.

ئاۋستىرالىيە. بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى خېلى - خېلى دۆلەتلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ تۇپرىقى مۇنبەت، خەلقى ئەمگەكچان، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، سەھىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرى گۈللەنگەن باي دۆلەت.

لېكىن، شۇ قەدەر گۈزەل شارائىتلار زەھەرنىڭ بۇ دۆلەتكە بولغان تەھدىتىنى توسۇپ قالالمىدى. نەشە، خروئىن قاتارلىق زەھەرلەرنى زەھەر ئەتكەسچىلىرى ھىندونوزىيە، تايلاند، ئافغانىستان، تۈركىيە، لىۋان، نېپال ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردىن ئاۋستىرالىيىگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاۋستىرالىيىنىڭ تۇپرىقىدا ئۆسۈۋاتقان، پىششىقلاپ ئىشلىنىۋاتقان زەھەرلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئاۋستىرالىيىدىكى «بەڭگى» لەر ئىچىدە، 14 ياشتىن تۆۋەنلەرمۇ، 60 ياشتىن يۇقىرىلارمۇ بار، كۆپىنچىسى 16 ياشتىن 35 ياشقىچە بولۇپ، بۇلار زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ. ئاۋستىرالىيە خان جەمەتى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلەتتە زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، پەقەت خروئىننىڭلا يىللىق ئىستېمال باھاسى 6 مىليارد ئاۋستىرالىيە پۇلىغا يەتكەن.

ئاۋستىرالىيىدىكى زەھەرسىزلەندۈرۈش، داۋالاش ئاپپاراتى بولغان «ئۆزىمىزگە ياردەم قىلايلى» ناملىق تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى د. گولدىن دوكتور چوڭقۇر ئازابلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋستىرالىيىدىكى زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى بىر كۈنگە بىرسى توغرا كېلىدۇ، نەچچە مىليارد ئاۋستىرالىيە پۇلى قىممىتىدىكى زەھەر ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق تارماقلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان زور كۆلەملىك مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ كونتروللۇقىدا سېتىلماقتا. ئۇلار ئىنتايىن مۇرەككەپ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەدلىيە تارماقلىرى بىلەن جىددىي رىقابەتلەشمەكتە، ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى توسۇشقا كۈچى يەتمەيۋاتىدۇ...»

**ياپونىيە.** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بۇ

دۆلەت ئۈرۈشتىن كېيىن 30 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، خەلق تۇرمۇشى باياشات، پەن- تېخنىكىسى گۈللەنگەن قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. 1980 - يىللاردىن باشلاپ ياپونىيىگە «كۆز تەگدى» دېيىشكە بولىدۇ. غەربتىكى دۆلەتلەر بولۇپمۇ خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، زەھەر خۇددى قورقۇنچلۇق يوقۇملۇق كېسەل ۋىروسىدەك، بۇ دۆلەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە يامرىدى. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، زەھەر چېكىدىغانلارنىڭ سانى 510 مىڭغا يەتتى.

غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياپونىيىدە زور بىر تۈركۈم ياشلار زەھەر سىرتمىقى ئىچىدە قالغاندىن سىرت، مىللەتنىڭ ئانىلىرى دېيىلگەن قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ زەھەرگە بېرىلىشى ناھايىتى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالغان.

ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ زەھەرگە بېرىلىشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار. تارىختىن بۇيان ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ كەلگەن. ئاياللار ئاساسىي جەھەتتىن ئائىلىدە. ئۇلارغا ئىشلەمچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. كېيىن، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ھەم بەلگىلىك خىزمەت شارائىتىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئالقىنىدىكى «ئويۇنچۇق» قا ئايلىنىپ قالغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ خىزمەت تېپىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر كاتىپ ياكى كۇتكىچىلىك خىزمىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە ئاياللارنى مەمۇرىي ۋەزىپىگە ئاسانلىق-

چە قويمايدىكەن؛ ياپونىيىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار ئىچىدە ئاياللار ئاران % 5.5 نى ئىگىلەيدىكەن؛ پۈتۈن ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ 1000 شىركەتتە ئايال دىرېكتوردىن ئاران ئىككىسى بار ئىكەن؛ خىزمەت قىلىۋاتقان ئاياللار توي قىلغاندىن كېيىن ياكى بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن بوشايدىكەن ياكى بوشىتىۋېتىلىدىكەن؛ خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ ئىش ھەققىدىمۇ باراۋەرسىزلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئەرلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ % 53 ىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇنداق سەۋەبلەر ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەن، شۇڭا كۆپلىگەن ئاياللار زەھەر چېكىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئازابى ئۈچۈن تەسەللىي ئىزدىمەكچى بولغان.

ئاياللارنىڭ زەھەرگە بېرىلىشى ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلەر باش پاناھسىز قېلىپ، ئۇلارمۇ زەھەر چېكىش قاتارلىق يامان يوللارغا ماڭغان. ياپونىيە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ياپونىيىدە ھەر ئىككى مىنۇت 57 سېكۇنتتا بىر نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى يۈز بېرىدىكەن، پۈتۈن ياپونىيىدە ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليون 400 مىڭ بالا تىرىك يېتىم بولۇپ ياشايدىكەن.

بۇلاردىن باشقا ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر نۇرغۇن ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، زەھەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ بېشىدا لەيلەپ يۈرگەن زەھەر تۇمانلىرى تارقىمايلا قالماستىن بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا؛ ھەر قايسى دۆلەتلەر تۈزۈپ يولغا

قويۇۋاتقان زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى قانۇنلار ئۆزد-
ىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ، «پۇل» دىن ئىبا-
رەت بۇ نەرسە زەھەرگە قارشى ئالدىنقى سەپتىكى «جەڭچىلەر»
نى ھەتتا تەدبىر بەلگىلىگۈچى تالاي - تالاي ئەمەلدارلارنى چىرىد-
ىتىپ، ئۇلارنى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرىنىڭ سىرتىدىكى
ئەتكەسچىلەرگە، رەھىمسىز قانخورلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.
20- ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئىنسانىيەت ئەسىر ھالقىيدىغان
ھالقىلىق ۋاقىتتا، دۇنيادىكى زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان قارا جەمئىيەت تورىنىڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فرانسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭى
مىتىران كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئۇلار بىزنىڭ ھۆكۈمىتىد-
ىمىزنى چىرىتىۋېتەلەيدۇ» دېدى. بۇنىڭدىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆ-
زىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇرۇشتىنمۇ يامان خىرىسقا دۇچ كې-
لىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

**كولۇمبىيە.** دۇنيادا «زەھەر پادىشاھلىقى» دەپ ئاتىلىۋات-
قان بۇ دۆلەتتە يۈز بېرىۋاتقان زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ-
غارايىپ ۋەقەلەر كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتۈر ئويغا سالىدۇ. بۇ
دۆلەتنىڭ زەھەر پادىشاھلىقى بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۆزىدە
ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئەمەس، بەلكى بۇ
دۆلەتتە دۇنياغا مەشھۇر مەدىرىن زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى
ۋە ئۇنىڭ كاتتىبېشى — دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زەھەر سودىگىرى
ئەسكىۋەر ھەمدە كالى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى، بوگدا
زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى، بالانكىيا زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇ-
رۇھى قاتارلىق خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ
كەينى - كەينىدىن پەيدا بولۇشى بۇ دۆلەتنىڭ ئەنە شۇنداق يامان

نامىنى چىقىرىۋەتتى.

زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى ۋە ئۇنىڭ كاتىباشلىرى ئەتكەسچىلىكتىن قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور پايدىغا تايىنىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى، ھەربىي - ساقچىلارنى ۋە جەمئىيەتتىكى داڭلىق شەخسلەرنى سېتىۋېلىپ ياكى ئۇلارغا پارا بېرىپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدى ھەتتا دۆلەت ئاپپاراتىنى تەۋرىتىپ قويدى. 90 - يىللارنىڭ بېشىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەدىرىن شەھىرىدىلا 90% ساقچى زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە سېتىلىپ ياكى ئۇلاردىن پارا ئېلىپ بېقىپ كەتكەن. ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشمىغانلار ياكى زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە ئاشكارا قارشى چىققانلار، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى زەھەرگە قارشى تەشەببۇسكارلار ھەمىشە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئىگىلىنىشچە، 1990 - يىلى بىر يىل ئىچىدە كولۇمبىيىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرى دۆلەت ئىچىدىلا قورۇق، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان مەبلەغ 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، كولۇمبىيىنىڭ شۇ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 15% نى ئىگىلىگەن. ئۇلار دۆلەت يېرىنىڭ 20% نى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. مەدىرىن زەھەر ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھىنىڭ كاتىبېشى ئەسكوبەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. 1989 - يىلى 8 - ئايدا، پايتەختتىكى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى زەھەرنى تازىلاشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن زەھەر ئەتكەسچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى

4600 نەپەر سوتچىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەدلىيە خادىملىرى قەرەلسىز ئىش تاشلاپ، ھۆكۈمەتتىن قاتىللارنى تۇتۇپ قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلغان. ئەتىسى سەھەردە، مەدىرىن شەھىرىدىكى ساقچىلار قوماندانى زەھەر تازىلاش جىڭگە قوماندانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شۇ كۈنى كەچتە، كولۇمبىيىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كالان زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا زەھەر ئەتكەسچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە كولۇمبىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قورشاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا 11 مىڭ نەپەر زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇماندارى قولغا ئېلىنغان، 143 ئايروپىلان، نەچچە مىڭ ماشىنا، قورال - ياراغ ۋە تۈرلۈك زەھەرلەر مۇسادىرە قىلىنغان. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قورشاپ يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەسكوۋەر 1991 - يىلى 6 - ئايدا كولۇمبىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىگە تاشلانغان. بىراق ئۇ ئۇزاققا قالماي تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ بىر قاتار تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كولۇمبىيە خەلقىغە ۋە ھۆكۈمىتىگە ئارام بەرمىگەن.

چوڭ زەھەر سودىگىرى ئەسكوۋەرنىڭ قاچقۇن بولۇشى بىلەن مەدىرىن خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھى يىمىرىلگەن بولسىمۇ، يېڭى بىر خەلقئارا زەھەر ئەتكەسچىلىكى گۇرۇھى بولغان كالى گۇرۇھى كولۇمبىيىدە باش كۆتۈردى ۋە مەدىرىن گۇرۇھىنىڭ زەھەر سودىسىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئامېرىكىدىكى

«ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نىڭ ئاشكارىلىشىچە، كالى گۇرۇ-
ھى ناھايىتى تېزلا يەر شارى خاراكتېرلىك گۇرۇھقا ئايلانغان،
ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى كوكايىن سودىسىنىڭ 85٪ ىنى كونترول
قىلىۋالغان ھەمدە بىر يۈرۈش كوكايىن پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە
سېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن غايەت زور قارا تورنى شەكىللەندۈر-
گەن. 1996 - يىلى 9 - ئايدا كولۇمبىيە ھەربىي ۋە ساقچىلىرى-
نىڭ قاقشاتقۇچ ھۇجۇمىدا كالى گۇرۇھىمۇ يىمىرىلگەن. بۇ-
گۈنكى كۈندە، بۇ دۆلەتنىڭ ئاسمىنىدا زەھەر تۇمانلىرى يەنىلا
لەيلىمەكتە، يېڭىدىن يېڭى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى
شەكىللىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا قارا قولىنى سوزماقتا ...

× × ×

زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىرى ئىن-
تايىن كۆپ. ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا
جەھەتلەردىن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر تۇر-
مۇشىنى ئىنتايىن باياشات، ئەركىن - ئازادە، مەدەنىي مۇھىتتا
ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ كۈچلۈك، باي، گۈزەل دۆلەتلەر زەھەرنىڭ
تەھدىتىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىدى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى تېخىمۇ
ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىش ھاجەتسىز بولسا كېرەك. ئېچىنىش-
لىق يېرى شۇكى، زەھەرنىڭ ئادەملەر توپىدىن تولىمۇ يىراق
بولغان خىلۋەت تۇپراقلاردا ئۆستۈرۈلۈپ، پىششىقلاپ ئىشلى-
نىپ، باي، قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۇ جايلار-
دىكى پۇلدارلارنىڭ، چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا باھاسى ھەس-
سىلەپ ئاشقاندىن كېيىن دۇنيادىكى بىر قەدەر قالاق، ئاجىز
دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا تىرىشىپ، تىرمىشىپ تىرىكچىلىك قى-

لىپ، ئەمدىلەتىن كۈننىڭ سىرتقىنى كۆرۈشكە ئىنتىلگۈچى نام-
رات بىچارىلەرگە سىتىپ بېرىلىۋاتقانلىقى، ئاشۇ نامراتلارنىڭ
زەھەرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقى
ھەمدە زەھەرنىڭ ئاشۇ نامراتلار ئارىسىدا يەنىلا بازار تېپىۋاتقانلى-
قىدىن ئىبارەت ئاچچىق رېئاللىق بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەست قىلغۇچى بۇيۇم-
لارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 -
كۈنى ئېلان قىلغان «1997 - يىلدىكى دۇنيا زەھەر مەسىلىسىدىن
دوكلات» ناملىق دوكلاتىدا، پۈتۈن يەر شارىدا زەھەر چېكىۋاتقان-
لارنىڭ سانى يەر شارى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %10 نى ئىگىلە-
گەنلىكى ھەمدە يىلىغا %4 لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىۋاتقانلىقى
كۆرسىتىلگەن. ئەگەر بۇ سانلىق مەلۇمات توغرا بولسا، شۈبھە-
سىزكى، ئىنسانلار زور بالايىئاپەتكە دۇچ كەلمەكتە.

## ھاقارەتلىك تارىخنىڭ داۋامى بارمۇ؟

جۇڭگولۇقلار زەھەر بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشقان. قەدىم-
كى تارىخ كىتابلىرىدا ئەپيۇن توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى
كۆپ ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەپلەر بىلەن جۇڭگو-
نىڭ سودا ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولغان. ئەرەپلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كىشىلىرى مەشھۇر يىپەك
يولى ئارقىلىق چاڭئەنگە كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار
پىل چىشى، ئاق شېكەر، پاختا، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق
مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆكنار ۋە
ئەپيۇننىمۇ ئېلىپ كىرگەن. «كونا تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسى

دورا ئۆسۈملۈكلىرى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەپيۈن مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جۇڭگوغا كىرگەن. ئەڭ دەسلەپتە كىرگىنى غەرب ئەللىرىدە قەدىمدىن تارتىپ قىممەتلىك دورا ھېسابلىنىپ كەلگەن تېياكا (teyaka) ناملىق كومۇلاچ بولۇپ، ئۇ 600 نەچچە خىل قىممەتلىك ئۆسۈملۈك دورىسىدىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئەپيۈندىن ئىبارەت ئىدى. ئەرەبلەر بۇ دورىنى جۇڭگونىڭ خان، ئەمەلدارلىرىغا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ كۆكنارنىمۇ ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۆسۈپ چېچەكلەشكە باشلىغان. دەرۋەقە، غەرب ئەللىرىگە ئوخشاش، جۇڭگولۇقلارمۇ ئەپيۈننى تىببىي دورىگەرلىك، داۋالاش ساھەسىدە ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە تاماكا چېكىش ئۇسۇلى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلار كۆك تاماكىنى چېكىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن سىرت يەنە ئەپيۈننى كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوراپ چېكىشكە باشلىغان. بارا - بارا ئەپيۈن خۇمارلار، «بەڭگىلەر» كۆپەيگەن. ئەپيۈنغا بولغان ئېھتىياجمۇ ئاشقان ھەمدە كۆپلەپ تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن. بىراق ئەپيۈننى پىششىقلاپ ئىشلەش جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. جۇڭگودا ئەپيۈننى پىششىقلاپ ئىشلەشكە دائىر خاتىرىلەر مىلادى 1488 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، جۇڭگو تارىخىغا نۇرغۇنلىغان ھاقارەتلىك بەتلەر قوشۇلدى. ئەپيۈن جۇڭگولۇقلارنى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت قىينىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا ئىككى قېتىم

ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ گۇاڭجۇنىڭ شى-
مالىدىكى دېڭىز پورتىنى ئېچىۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ،
رەت قىلىشقا ئۇچراپ، ئەنگلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاپىتالىس-
تىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى جۇڭگوغا كىرەلمىگەنىدى.
بىراق، كاپىتالىستلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋا-
قىتتا، پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى ئەپيۇن سېتىش، چېكىش قىل-
مىشلىرىنىلا چەكلەپ، ئەپيۇننى دورا ماتېرىيالى ئورنىدا ئىم-
پورت قىلىشنى قويۇۋېتىپ، ئەپيۇن سودىسىنى قانۇنلاشتۇرۇشى-
دەك ئاجىزلىقى ۋە خاتالىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ،
جۇڭگو بىلەن بولغان سودا كىرىزىسىنى ئوڭشاش باھانىسى بىلەن
زور مىقداردىكى ئەپيۇننى كىرگۈزۈپ جۇڭگو بازارلىرىدا تۆكمە
قىلىپ ساتتى. ئاخىر ئەپيۇن سودىسى رەت قىلىنسا، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئوق - زەمبىرەكلىرىگە تايىنىپ ئەپيۇننى جۇڭگو-
لۇقلارغا مەجبۇرىي تاڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
نۇرغۇنلىغان ئەمەلدارلىرى ئەپيۇن سودىسىغا چېتىلىپ چىرىك-
لەشتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە چىرىك-
لىكى كاپىتالىستلارنى ئەپيۇن ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ يىلى-
كىنى كۆپلەپ شوراش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. كاپىتالىستلار
ئەپيۇن سودىسى قىلىپ جۇڭگولۇقلارنىڭ سالامەتلىكىنى، روھى-
نى، تېنىنى ۋەيران قىلىپ، تۈگىمەس بالا - قازا پەيدا قىلىپلا
قالماستىن، غايەت زور ماددىي بايلىققا ئېرىشتى. ئەڭ ئاخىرى
جۇڭگولۇقلارغا «شەرقتىكى كېسەل كۆرپىسى» دېگەن ھاقارەت-
لىك ئىسىمنى ئەپچىللا سىڭدۈرۈپ قويدى. تارىخىي ماتېرىياللار-
غا ئاساسلانغاندا، 1800 - يىلى ئەنگلىيە جۇڭگوغا كىرگۈزگەن
ئەپيۇن 4570 ساندۇق (بىر ساندۇق 120 جىڭ) بولۇپ،

1834ـ يىلى 21 مىڭ 785 ساندۇقتا، 1839 ـ يىلى 35 مىڭ 500 ساندۇقتا يەتكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە 40 ھەسسە كۆپەيگەن. ئەپيۇن چېكىدىغانلارنىڭ سانى 2 مىليونـ دىن ئېشىپ كەتكەن. 1839 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لىن زېشۈ گۇاڭجۇدا ئەپيۇن كۆيدۈرۈپ جۇڭگولۇقلارنى كۈلدۈرـ دى ۋە مىللىي قەھرىمان دەپ ئاتالدى. بىراق، كاپىتالىستلارنىڭ ئوق- زەمبىرەكلىرىنىڭ كۈچى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىـ نىڭ ھاماقەتلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆلكىسى ئۆزاققا بارمىـ دى. 1840 ـ يىلى ئەپيۇن مەسىلىسى تۈپەيلىدىن پارتلىغان ئۇرۇشتا جۇڭگولۇقلار مەغلۇپ بولدى. ئەنگلىيىلىكلەر ئەپيۇن سودىسىنى قوغداش ئۈچۈن 1856 ـ يىلى يەنە ئىككىنچى قېتىمـ لىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئەپيۇن سودىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇنىڭدىمۇ جۇڭگو ئېچىـ نىشلىق ھالدا مەغلۇب بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياپونلار 1931 ـ يىلدىن تارتىپ تاكى 1945ـ يىلى تەسلىم بولغانغا قەدەر، جۇڭگوغا قارىتا «زەھەرـ لەش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو زېمىنىدا نۇرغۇن مۇنـ بەت يەرلەرنى ئىگىلەپ، جۇڭگولۇقلارنى ئەپيۇن تېرىشقا مەجـ بۇرلىغان، ھەتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىگە تېرىتىپ، ئۆزىگە سېـ تىش، ئۆزىگە چەكتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرگەن. پەقەت ياپونلار ئىگىلەپ تۇرغان شەرقى شىمال رايونىدىلا 200 گېكتاردىن ئارتۇق يەرگە ئەپيۇن تېرىلغان. 1937 ـ يىلى شەرقى شىمال رايونىدا تىزىمغا ئېلىنغان (تىزىمغا ئېلىنمىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ئەپيۇن چەككۈچىلەر 810 مىڭغا يەتكەن؛ 1938 ـ يىلى شەرقى شىمال رايونىدا ئەپيۇن چېكىپ

ئۆلگەن جۈڭگولۇق 140 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئەينى چاغلاردا جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەپيۇن تېرىش ئەۋج ئالغان، زەھەر ساتىدىغانلار ناھايىتى كۆپەيگەن. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 1928 - يىلى يالغۇز شاڭخەي شەھىرىدىلا زەھەر ساتىدىغان دۇكانلار 8000 دىن ئارتۇق بولغان؛ 30 - يىللارغا كەلگەندە پۈتۈن شاڭخەيدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك زەھەر دۇكانلىرىلا 20 مىڭغا يەتكەن؛ ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن شاڭخەي شەھىرىدە زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى يەنىلا 100 مىڭدىن ئارتۇق بولغان، بۇ تېخى تولۇق سان ئەمەس. ئازادلىقتىن ئىلگىرى زەھەر دۇكانلىرى 1300 دىن ئارتۇق، كۇنمىڭدا 1187، گۇيياڭ شەھىرىدە 1015، چېڭدۇ شەھىرىدە 700 دىن ئارتۇق بولۇپ، «ئاشلىق ساتىدىغان دۇكاندىن زەھەر ساتىدىغان دۇكان كۆپ بولۇش» ئەھۋالى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچىمە دۇكانلار ۋە ئائىلە بويىچە چېكىدىغانلار كۆپ بولۇپ، سانىنى ئېنىقلىغىلى قىيىن بولغان، بەزى ئائىلىلەر ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد زەھەر چېكىدىغان بولۇپ قالغان. ئاياللارنىڭ زەھەر چېكىشى زور سالماقنى ئىگىلەپ، قانچىلىغان ئائىلىلەر شۇ سەۋەبتىن ۋەيران بولغان، قانچىلىغان باللار يېتىم قالغان، ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادى خارابلاشقان. قانچىلىغان كىشىلەر زەھەر چېكىپ تەركى دۇنيا بولۇپ كوچىغا چىقىپ كەتكەن، يەنە قانچىلىغان كىشىلەر پاناھ ئىزدەپ خەقنىڭ يۇرتلىرىغا كەتكەن. ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە پۈتكۈل غەربى جەنۇپ رايونىدا ئەپيۇن چېكىدىغانلارنىڭ سانى يەنىلا 6 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتكۈل غەربى، جەنۇپ رايونىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %8 نى ئىگىلىگەن. يۈننەندىكى زەھەر چەككۈچىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئومۇمىي

نوپۇسنىڭ 15.5% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىمۇ زەھەر مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1949 - يىلى مەملىكەت بويىچە 400 مىليون نوپۇس ئىچىدە، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى يەنىلا 20 مىليوندىن ئېشىپ، مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە توغرا كەلگەن. زەھەر ئەتكەسچىلىرى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىلەر 300 مىڭدىن ئارتۇق بولغان.

× × ×

كونا جۇڭگودا زەھەر ئەتكەسچىلىرى كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىش ئۇسۇللىرى، يۆتكەش ۋاسىتىلىرىمۇ كۆپ بولغان. قوينىڭ قۇيرۇقلىرىغا، كەپتەر ۋە باشقا قۇشلارغا، ئەمگەك قوراللىرىغا، زىننەت بۇيۇملىرىغا ھەتتا ئادەم جەسىتىگە ۋە ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزالىرىغا يوشۇرۇپ يۆتكەش كەڭ ئومۇملاشقان. تىنچلىق سىمۋولى بولغان كەپتەر ئارقىلىق زەھەر يۆتكەش جۇڭگودىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرى ياراتقان رېكورت دېيىلسە، ئىنسانىي غۇرۇرنى، قەدىر - قىممىتىنى ۋە سالامەتلىكىنى قايرىپ قويۇپ، زەھەرنى ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا، ئەرلەرنىڭ مەقئىتىگە يوشۇرۇپ يۆتكەشنى جۇڭگودىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ ... دېمەك، جۇڭگونىڭ 100 يىللىق تارىخىدا، كىشىلەر زەھەرنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتتى. بۇ ئەڭ ھاقارەتلىك، ئەڭ يىرگىنىشلىك تارىختا، جۇڭگولۇقلارنىڭ سالامەتلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئېغىر روھىي چۈشكۈنلۈككە پاتقاندىن سىرت، يەنە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمى ئارقىلىق تەكشۈرگەن

ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، جۇڭگولۇقلار تارىختا شورىۋالغان زەھەر-نىڭ تەسىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ تېنىدە كۆچۈپ، خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان ھەمدە ئەۋلادنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەت-كەن. مەسىلەن، كۆز ئاجىزلىقى، چىشلارنىڭ ھىڭگاي بولۇشى، تەن قۇرۇلۇشىنىڭ نورمال بولماسلىقى قاتارلىق بىجىرىمسىزلىق ئالامەتلىرى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا زەھەرنىڭ ئەۋلاد تېنىدىكى ساقىندىلىرىنىڭ تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

× × ×

جۇڭگو ئازاد بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە زەھەر چەكلەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «زەھەرسىز دۆلەت» قۇرۇشتىن ئىبارەت پەخىر-لىك ئىش ئەمەلگە ئاشتى. جۇڭگولۇقلار «شەرقتىكى كېسەل كۆرپىسى» دېگەن سەت ئاتاقنى مىڭ تەسلىكتە يۇيۇپ قەددىنى رۇسلىدى. ئەپسۇس، كىشىلەر زەھەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇن-تۇپ كەتكەن 80 - يىللاردا خىروئىندىن ئىبارەت يىرگىنىشلىك زەھەر جۇڭگو زېمىنىغا يامرىدى. تارىختىكى بىر قىسىم كۆرۈ-نۈشلەر قايتىدىن تەكرارلىنىشقا باشلىدى؛ جۇڭگونىڭ «زەھەر-سىز دۆلەت» لىك تارىخى ئاران 30 يىل داۋام قىلدى. بىز ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى زەھەر مەسىلىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك ھەمدە بۈگۈن-كى رېئاللىقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، سودا بەزى چاغلاردا تاجاۋۇزچىلىقتىن دېرەك بېرى-دۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ھاقارەتلىك تارىخىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈ-

نۇشكە، ئويغىنىشقا باشلىدى. 1990 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يەنى خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنىدە، يۇننەننىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىنكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان تۇنجى قېتىملىق زەھەر چەكلەش، زەھەر كۆيدۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە 14 نەپەر زەھەر ئەتكەسچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جۇڭگودا «3 - قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى» باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگودا مەملىكەت خاراكتېرلىك زەھەر چەكلەش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇنۇملۇك، كۈچلۈك تەدبىرلەر ۋە مەخسۇس قانۇنلار ئارقىلىق زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بېرىلدى، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ زەھەر چەكلەش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. لېكىن، نۆۋەتتە زەھەر ۋەزىيىتى يەنىلا كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە بولۇپ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك زەھەر ئەتكەسچىلىرى، زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى زەھەرلىك قولىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، پاك، گۈزەل زېمىنلارنى بۇلغاپ، بىگۇناھ، مۆمىن بەندىلەرنى ساراسىمىگە سالماقتا، ئەۋلادلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى تالاشماقتا. تولۇقسىز ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتە زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار مەملىكەتتىكى 1600 دىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان، زەھەر چېكىشكە چېتىشلىق ناھىيە، شەھەرلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 70% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن جۇڭگودا ھېلىھەم كەڭ دائىرىلىك زەھەر ئىستېمال بازىرىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى، زەھەر ئەتكەسچىلىرى ھەمدە ئۇلار ئېپلاسلارچە قولغا كەلتۈرگەن

«زەھەر چەككۈچى ئىستېمالچىلار» نىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتـ-
قانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەر قانداق بۇلۇڭـ-
پۇشقاقلىرىغا بېرىپ قارىسىڭىز، قانچىلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ
زەھەر تۇمانى ئىچىدىكى پەرزەنتلىرىگە بىچارىلەرچە قول سوزۇ-
ۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، قانچىلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر - بىرىـ-
گە پىچىرلاپ: «زەھەرسىز دۆلەت» ئەسلىگە كېلەرمۇ؟ ئاتا -
بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن 100 يىللىق ئار - نومۇسنىڭ،
ھاقارەتلىك تارىخنىڭ داۋامى بارمىدۇ؟ دېيىشلىرىنى ئاڭلايسىز...

# قورقۇنچلۇق زەھەر مەنبەلىرى

زەھەر چېكىش ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىكى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاپەتكە ئايلاندى. زەھەر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلار شۇ ئاپەتنى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كويقاپ ئېغىزلىرىدۇر. ئۇلار گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت سېلىپ، ھاياتلىق يىلتىزلىرىنى ۋەھشىيلەرچە چىرىتماقتا. شەرقى يېرىم شاردا. ئاسىيا قىتئەسىدىكى «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ۋە «ئالتۇن ھىلال ئاي» لارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر-لىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ ئىككى جايدا ئەپيۇن ۋە خروئېن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئاساسلىقى، يەر شارىدا ياشا-ۋاتقان سېرىق تەنلىك كىشىلەرنى زەھەر بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ غەر-بى يېرىم شاردا، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى «ئاق ئۈچ بۇرجەك» ۋە «قارا ئۈچ بۇرجەك» لەردىمۇ ھەر يىلى زەھەردىن مول ھوسۇل ئېلىنىدۇ. بۇ ئىككى جايدا نەشە ۋە كوكايىن ئىشـ-

لەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئاساسلىقى ئاق تەنلىكلەرنى ئۆز «مەھسۇلاتلىرى» بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى «قارا ئۈچ بۇرجەك»

ئافرىقا خەلقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ كەلدى. چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ھازىرغىچە ئۈزۈلگىنى يوق. بۇ ھال ئافرىقا خەلقىنى نامراتلىق ۋە كېسەللىك گىرەلەشكەن مۇھىتتا ئۈزاق مۇددەت ياشاشقا مەجبۇر قىلدى. ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، بۇ جايدا زەھەر تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە زەھەر سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، نامرات خەلقنى تېخىمۇ قىيىن ـ قىستاققا ئالماقتا. نىگېرىيە، كېنىيە، سۇدان ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى جونوسبورگ قاتارلىق دۆلەتلەر چېگرىلىنىدىغان جايدا دۇنياغا مەشھۇر ئافرىقا زەھىرى — كەندىرنى ئۆستۈرۈپ نەشە ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى «قارا ئۈچ بۇرجەك» رايونى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ رايوندىكى نەشە ماراكەش ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇلغاندىن سىرت يەنە ئافرىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بازار شەكىللەندۈرۈپ، نامرات، كېسەلمەن ئافرىقا خەلقىنى تۈگىمەس بالا ـ قازاغا مۇپتىلا قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ۋە «ئالتۇن ھىلال ئاي» لارنىڭ ئەپيۇن، خىروئىنلىرى، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى «ئاق ئۈچ بۇرجەك» نىڭ كوكايىنلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ مۇشۇ «قارا ئۈچ بۇرجەك» نىڭ سۇ، ھاۋا، قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا بىمالال توشۇلىدۇ.

# «ئاق ئۇچ بۇرجەك» نىڭ سىرى

«ئاق ئۇچ بۇرجەك» تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بەش دۆلەت (كولۇمبىيە، بولىۋىيە، پېرۇ، مېكسىكا ۋە يامايكا) نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ يەر يەنە «ئۇچىنچى زەھەر مەنبەسى» دەپ ئاتىلاتتى. نۆۋەتتە، كولۇمبىيە، بولىۋىيە ۋە پېرۇدىن ئىبارەت ئۇچ دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىلغان كوكايىن پۈتكۈل ئامېرىكا ئىستېمال بازىرىنى قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن، كىشىلەر ئۇنى «ئاق ئۇچ بۇرجەك» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

«ئاق ئۇچ بۇرجەك» كە تەۋە بولغان كولۇمبىيە زەھەر ئەتكەسچىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. كولۇمبىيىدىكى نەشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، سېتىلىشى ۋە يارىتىدىغان پايدىسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كوكايىنىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 11 مىڭ 700 توننا بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ بۇ دۆلەتتىن يۆتكەلگەن كوكايىنىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىستېمال مىقدارى ئومۇمىي ئىستېمال مىقدارىنىڭ 75% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ غەرب دۆلەتلىرىدىكى كوكايىنىنىڭ 20% ى كولۇمبىيىدىن كىرگۈزۈلگەن؛ ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشقان 350 مىڭ كولۇمبىيىلىك مۇھاجىرنىڭ تەخمىنەن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقى ئامېرىكىدا مەخسۇس زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كولۇمبىيىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى تۆت چوڭ كاتتىباشتىن تەشكىللەنگەن «مەدىرىن كارتېر» («دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ پىلانلاپ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇنبەت ئېتىزدىكى ئاش-

لىق زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىپ ھەمدە ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈ-
مۈلىكلەرنى بۇزۇپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق زەھەر ئېتىزلىرىنى
بەرپا قىلغان ھەمدە زور بىر تۈركۈم ھۆكۈمەت خادىملىرىنى
سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ
يۇقىرى سۈرئەتلىك ئايروپىلان ۋە پاراخوتلىرى بار بولۇپ، ھەر
كۈنى ئۇندىن ئارتۇق ئايروپىلان ۋە پاراخوت بەلگىلەنگەن ۋاقىت
ئىچىدە قوزغىلىپ، چەت ئەللەردىكى زەھەر بازارلىرىغا مال يەت-
كۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

بولىۋىيەمۇ «ئاق ئۈچ بۇرجەك» تىكى داڭلىق دۆلەت. بۇ
يەردىكى 6 مىليون 200 مىڭ نوپۇسنىڭ 350 مىڭدىن ئارتۇقرا-
قى زەھەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇ-
شىنى قامدايدۇ. بۇ دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەرلەرنىڭ دە-
رىجىسى بېكىتىلىپ بولۇشتىن بۇرۇنلا كولۇمبىيە زەھەر سودى-
گەرلىرى ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار دەرھال ئامې-
رىكىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىكى ۋە غەربىي ياۋروپادىكى توپ
سېتىش سودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرىدۇ. بۇ سودىگەرلەر زەھەر-
نىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى ئاران 20% ئەتراپىغا چۈشۈرۈپ قايتا
ئىشلەپ، ئەسلىدە ھەر كىلوگىرامىنى 1000 ئامېرىكا دوللىرىغا
سېتىۋالغان زەھەرنى قايتا قاچىلىغاندىن كېيىن ھەر كىلوگىرا-
مىنى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرۈپ بىۋاسىتە سېتىپ
چىقىرىدۇ.

كوكايىننىڭ دۇنيا بازىرىدىكى باھاسىنىڭ ۋە ئېھتىياجىنىڭ
ئۆسۈشى بىلەن پېرودىكى نۇرغۇن دېھقانلار يېزا ئىگىلىك زىرائەت-
لىرىنىڭ ئورنىغا كوكايىن تېرىيدىغان بولدى. ئامېرىكا تەرەپ-

نىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ھەر يىلى پىرۇدىكى زەھەرنىڭ ئامېرىكىغا سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا پېرۇ ھۆكۈمىتى نۇر-غۇن تەدبىر قوللانغان بولسىمۇ، «ئاق ئۈچ بۇرجەك» نىڭ زەھەر ۋەزىيىتىنى پەسەيتەلمىدى.

## ئاي شارىنى كۆزلىگەن «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»

«ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بىرما، تايلاند ۋە لائۇستىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەر شەكلى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 160 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ بولۇپ، سۈزۈك سۇلار، يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان جىلغىلار كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. چىرايلىق ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر سىرگە تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئەپسۇس، ئەشۇ گۈللەردىن زەھەر ئايرىۋېلىنىدىغانلىقىنى ئويلى-سىڭىز كۆڭلىڭىز بۇزۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سې-لىۋاتقان ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان زەھەر ئەنە شۇ گۈللەردىن چىقىدۇ. گۈل دېگەننىڭ تىكىنى بارلىقىنى بىلى-سەكمۇ، گۈلنىڭ يەنە زەھىرى بارلىقىنى ئەمدىلەتىن بىلىۋاتى-مىز. «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نىڭ ھاۋا كېلىماتى ئەنە شۇ زەھىرى بار گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن باب كېلى-دۇ.

«ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» تىن ھەر يىلى چىقىدىغان 7 مىليون

تونىدىن ئارتۇق ئەپيۇن ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان خىروئىن پۈتۈن دۇنيادىكى خىروئىن ۋە ئەپيۇن ئومۇمىي مەھسۇلا- تىنىڭ 70٪ ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەر ۋە ئۇنىڭ سودىسىنى كۇنسا (يەنە بىر ئىسمى جاڭ چىفۇ) باشچى- لىقىدىكى «بىرلەشمە ئارمىيە» كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربى - جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ لو خەنشىڭ باشچىلىقىدىكى 93 - دىۋىزىيىسىنىڭ 40 مىڭ ئەسكىرى قاچشاد- قۇچ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» كە قېچىپ بېرىۋالدى ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆچ ئېلىش ھىسا- بىغا بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىپ، يەر ئىگىلەپ، گازارما قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇۋالدى. 1959 - يىلى تايلاند ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇلغان قاچقۇن كۇنسا لو خەنشىڭنىڭ ھىمايىسىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئىككى يىلدىن كېيىن كۇنسانىڭ ئەسكىرى 2000 دىن ئېشىپ ئۆزىنى خېلى ئوبدان ئوڭشىۋالغاند- دىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، لو خەن- شىڭنىڭ قوغدىغۇچى قىسىملىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. لو خەن- شىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئەڭ مەرگەن بىر ئايالنى 5000 كىشى- لىك قوشۇنغا باش قىلىپ كۇنسانى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئايال كۇسانى يارىلاندۇرۇپ قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ بىراق ئۇنى لو خەنشىڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۇنسانىڭ يارىسىنى ساقايتىپ ۋە ئۇنى قوغداپ ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇۋالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ 5000 ئەسكىرىنى كۇنسانىڭ قوشۇنىغا ئۆتكۈزدى. ئۇلار بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، «ئال-

تۇن ئۈچ بۇرجەك» تە كەڭ دائىرىدە ئەپيۇن تېرىپ نۇرغۇن بايلىقنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. 1967 - يىلى 7 - ئايدا كۇنسا لو خەنشىڭنىڭ 25 مىڭ كىشلىك قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى، ئاخىر لو خەنشاڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى، ئالتە خوتۇنە-نى ۋە ئۆزى توپلىغان بايلىقلىرىنى تاشلاپ بىر كالتە ئىشتان بىلەنلا قېچىپ كەتتى ھەمدە قوغلاپ تۇتۇشقا كەلگەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە تەسلىم بولدى ...

دېمەك، كۇنسا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نىڭ ھەقىقىي خوجا-يىنى بولدى ھەمدە بۇ جاينى خەلقئارا زەھەر ئىشلەش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ ھەددى - ھېسابسىز بايلىققا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ زەھەر مەركىزى قانچە قېتىملاپ ۋەيران قىلىنسىمۇ، بىراق كۇ-سانىڭ شۋىتسارىيە بانكىسىدىكى توگىمەس پۇلى ئۇنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئىگىلىنىشچە، 1996 - يىلى 1 - ئايدا كۇنسا بىرما ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ۋە خەلقئارا زەھەر چەكلەش تارمىقىغا تەسلىم بولغان بولسىمۇ لېكىن «ئال-تۇن ئۈچ بۇرجەك» تىكى زەھەر ئازايماستىن، بەلكى كۇندىن كۇنگە كۆپەيدى ھەتتا يىللىق مەھسۇلاتى 3000 توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

«ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نىڭ خوجايىنلىرى يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىرىنى تارقاتقاندىن سىرت، يەنە كەلگۈسىدە بارلىق زەھەرنى ئاي شارىغا يۆتكەش، ئاي شارىنى تېخىمۇ خاتىرجەم، ئامان - ئېسەن بولغان زەھەر بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقتا. «ئال-تۇن ئۈچ بۇرجەك» تىكى زەھەرنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى بازىرى

ھەممىگە ئايان. بۇ يەردىن چىقىدىغان زەھەرنىڭ باھاسى ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسىمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. خەلقئارا زەھەر بازىرىنى ئىلىپ ئېيتساق، ئەتكەسچىلەر «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» تىكى ئەپيۇن تېرىغۇچىلاردىن ھەر كىلوگىرام ئەپيۇننى 70 ئامېرىكا دوللىرىغا مەجبۇرىي ئىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ خىروئىنغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى 900 ئامېرىكا دوللىرىدىن سېتىپ چىقىرىدۇ. بىراق، بۇ خىروئىن باڭكوكتىكى قاراڭغۇ بازارغا كىرگەندە ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، غەربىي ياۋروپا بازىرىدا 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئامېرىكىنىڭ نيورك قاراڭغۇ بازىرىدا 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ. جۇڭگودا، چېگرا رايونلاردا ھەر بىير بولاق (بىر بولاق 700 گىرام ئەتراپىدا) نىڭ باھاسى 9000 يۈەن بولغان بولسا، يۈننەن تاموژنىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن 17 مىڭ يۈەنگە، گۇاڭجۇغا كىرگەندە 40 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدۇ.

## «ئالتۇن ھىلال ئاي» نېمە دەيدۇ؟

«ئالتۇن ھىلال ئاي» يۇقىرىقى زەھەر مەنبەلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى، ئۇنىڭ تەھدىتى، ئۇنىڭ بالايىئاپەتلىرى بىزگە تېخىمۇ يېقىن. «ئالتۇن ھىلال ئاي» پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايغا توغرا كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئەمەس. بۇ جايدا ئادەم ئاز، قاتناش ئىنايىن قولايسىز. يەر شەكلى ھىلال ئايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جايدا ئۈچ دۆلەتنىڭ

3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيىسى بار. مۇشۇ لىنىيە ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەپيۇننىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 700 توننىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئافغانىستاندىكى مەخپىي «ئۇۋۇ-لار» دىلا يىلىغا كەم بولغاندا 60 تونىنا خروئېن ئىشلەپچىقىرىلى-دۇ. «ئالتۇن ھىلال ئاي» نىڭ كاتىباشلىرى زەھەرنىڭ پىششىق-لاپ ئىشلەنگەندىن كېيىنكى پايدىسىنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كۆپلەپ كىرگۈ-زۈپ، زەھەرنى ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ سېتىپ چىقىرىۋا-تىدۇ. ئامېرىكا زەھەر تەكشۈرۈش ئىدارىسى (DEA) نىڭ پا-كىستاندا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى دوۋ مۇنداق دەيدۇ: «(ئالتۇن ھىلال ئاي) دىكى زەھەر مەسىلىسى (ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك) نىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى ··· بۇ يەردىن ياۋروپاغا ۋە ئامېرىكىغا توشۇلۇۋاتقان خروئېننىڭ 10% نى توسۇپ قالالىساق چوڭ ئىش بولاتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى زەھەرنىڭ سىرتقا چىقىش ئې-غىزلىرى ئېتىۋېتىلگەچكە ھەمدە تەكشۈرۈش، زەربە بېرىش چىڭ تۇتۇلغاچقا، (ئالتۇن ھىلال ئاي) دىكى زەھەر ھازىر ئاساسلىقى تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ھەمدە بىز ياشاۋات-قان مۇشۇ زېمىنغا توشۇلماقتا.» خەلقئارادىكى مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن زەھەر كەلگۈسىدە شىنجاڭغا مەركەزلە-شىپ ئاندىن چەت ئەللەرگە تارقىلىشى، قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلار زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ يېڭى ماكانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا يەنىلا «ئالتۇن ھىلال ئاي» سەۋەبچى بولىدۇ دەپ پەرەز قىلماقتا. يامان يېرى «ئالتۇن ھىلال ئاي»

غا تەۋە ئىككى دۆلەت — پاكىستان بىلەن ئافغانىستان بىزنىڭ
قوشنىمىز. بۇلاردىكى زەھەرنىڭ بىزگە سىڭىپ كىرىش يوللىرى
خېلى كۆپ. ئەگەر مۇھىم كۆچ زەھەر مەنبەلىرىگە قارىتىلمايدى-
غان بولسا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس. دېمەك،
«ئالتۇن ھىلال ئاي» بىزگە خىرىس قىلمىاقتا، ئۇ يەردىكى قارا
قوللار بىزگە سوزۇلماقتا، ئۇنىڭ «قاراۋۇللىرىڭنىڭ تايىنى بول-
مىسا بىز ئۇچۇن ئامەت» دېگەن شەپىلىرى بىزگە يېتىپ كەلگىلى
خېلى بولدى …

× × ×

زەھەر مەنبەلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، زەھەرنىڭ
ئىنسانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى، زەھەر مە-
سىلىسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ھەر بىر
يۇقراغا، ھەر بىر پارچە زېمىنغا، ھەر بىر جەمئىيەتكە چوڭقۇر
مېھرى - مۇھەببەت بولغاندىلا، تەدبىرلىرىمىز، شۇئارلىرىمىز
قەغەز يۈزىدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغاندىلا، زەھەرنىڭ كى-
رىش ئېغىزلىرىنى چىڭراق توسۇپ قالغىلى، زەھەر ئەتكەسچىلى-
رىنىڭ قارا قوللىرىنى كېسىۋەتكىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى زەھەر
مەنبەلىرى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. زەھەر ئەتكەسچىلىرى
ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى پىلان-
لارنى تۈزمەكتە ھەتتا زەھەرنى باشقا پىلانىتلارغا يۆتكەش غەرىز-
دە بولماقتا؛ زەھەر مەنبەلىرى جايلاشقان ئەشۇ دۆلەتلەردە، زە-
ھەر ئەتكەسچىلىرى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا ۋە تەرەققىيا-
تىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان كەڭ كۆلەملىك ئورمانلارنى،
يېپيېنچا ئۆسۈملۈكلەرنى، يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى قىرىپ
تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زەھەر ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ مول -

هوسۇل ئالماقتا ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بىمالال يۆتكەپ ساتماقتا. بۇ ھال زەھەر بازىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىچارىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# كۆز تەگكەن ماكان

شىنجاڭدا ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى بايقالغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچىلىك بۇ جاي پۈتۈن دۇنيانىڭ قىزىقىش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. دېمىسىمۇ شىنجاڭدا كىشىلەر باشقا ئىقلىمدىن تاپالمايدىغان گۈزەللىكلەر، مەدەنىي مىراسلار، كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلار بار؛ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ تارىختا غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولالىغان؛ دۇنيادا يەنە ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭدا. بۈگۈنكى زاماندا شىنجاڭ غايەت زور تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭغا قىزىقىدىغانلار، مەبلەغ سالىدىغانلار ۋە شىنجاڭنى تەتقىق قىلىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكى شىنجاڭغا كۆز تىكىپ، مۇشۇ بىباھا زېمىندا سېھىرلەنگەن مەشھۇر يىپەك يولىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش ئىستىكىنى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

ئەپسۇس، كىشىلەر تارىم ۋادىسىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ

ئاچقۇچىنى تېپىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمەي تۇرغاندا، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان زەھەر ھەر قايسى بۇلۇڭ پۇشقاقلاردىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئىبارەت بۇ ئۆتەك ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئە-زەلدىنلا زەھەرسىز، پاك بولۇپ كەلگەن بۇ زېمىنغا كىرىپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان ئەۋلادلار ئاق - قارىسىنى پەرق ئېتىپ بولغۇچىلىك ئۇنىڭغا — زەھەرگە يەم بولدى. «ئالتۇن ھىلال ئاي» دىكى زەھەرمۇ بۇ يەرگە يامراشقا باشلىدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭلىقلار نامىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ھەر خىل زەھەرلەر ئىنساپنى پۇلغا ساتىدىغان ئەتكەسچىلەرنىڭ قارا قولى ئارقىلىق بازارغا سېلىنىپ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى؛ ئۇلار ئۆزلىرى چەكمىسىمۇ، تۈرلۈك يوللار، ئىپلاس ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزغا زەھەرنىڭ تەمىنى تېتى-تىپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى، ئىقتىسادىنى، روھىنى دەپسەندە قىلدى؛ ئەتكەسچىلەر زور مەبلەغ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى خېلى مۇھىم ئادەملەرنى، ئاز ساندىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى، تاموژنا خادىملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز تىجارىتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. زەھەر يۇقتۇرۇۋالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيىلەر-نى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى ۋە زار - زار قاخشىدى؛ يەنە پەرزەنتلىرى بار ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ كۈنلىرى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. نى - نى پاجىئەلەرگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئەتكەسچىلەر زەھەردىن ئېرىشكەن زور مەبلەغ بىلەن ئۆزلىرىگە ئېسىل داچىلارنى سېلىپ، خۇددى ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەندەك بىخارامان ياشاۋاتىدۇ. زەھەر مەسىلىسى گەرچە قىسمەن ئەھۋالدەك، ئەتكەسچىلەر ئاز سانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ،

ئەشۇ «ئاز سانلىق» لار جەمئىيەتتىكى زور بىر قىسىم جىنايەت-لەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى كۈرەش كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، زەربە بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەتكەسچىلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەر-مەي، يېڭىدىن يېڭى تەدبىر ۋە يوللار ئارقىلىق، بۇ زېمىننىڭ تۇرلۇك ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇم نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ. زەھەر مەسىلىسى شىنجاڭدا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندى. قىسقىسى، شىنجاڭغا كۆز تەگدى، بالىلىرىمىزغا كۆز تەگدى. ئىسرىقدانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. ھەممە ئادەم بۇ ماكانغا، ئۆز ئائىلىسىگە، ئۆزىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا ئىگە بولۇشى، زەھەردىن يىراق تۇرۇشى، زەھەرنى قەتئىي رەت قىلىشى، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» دەپ ئاتاۋاتقان زەھەرگە قارشى خەلق ئۇرۇشىنى جان - جەھلى بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

## شور بۇلاقتا تۆكۈلگەن ياشلار

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەيدانىدىن شەرققە قاراپ تۆت كىلومېتىر ماڭسىڭىز «شور بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەينەت جايغا يېتىپ بارىسىز. بۇ جاينىڭ ئەترا-پىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەخلەتخانىسى دېيىشكە بولىدۇ. يې-قىن ئەتراپتا يەنە سانسىزلىغان ئاققۇنلاردىن شەكىللەنگەن كى-چىك مەھەللىلەر ھەمدە ئاققۇنلارنىڭ چوشقىلىرىنى سەمرىتىدى-

غان تۇتاش قوتانلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئادەمنى سەسكەندۈرۈرىدىغان سىبىسىق پۇراقلىق مۇھىتنى پەيدا قىلغان. مۇشۇ جاينىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول بويىغا ئۈچ قەۋەتلىك ئاق رەڭلىك بىر بىنانى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بىر قورۇ جايلاشقان. ئاشۇ بىنادا زەھەرنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلۈك-تىن ئانچەپ پەرقلەنمەس ھالغا چۈشۈپ قالغان «باھادىر» لىرىمىز، «پەرىزات» لىرىمىز ئىڭراپ ياتىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركىزى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئاقساراي» دەپ ئاتىشىدۇ.

مېنىڭ زەھەر ھەققىدىكى دەسلەپكى خىياللىرىم ئەنە شۇ جايدا تۇغۇلدى. مەن ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ) تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئېلىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئىستىكىنى ئويغاتقان بۇ جايغا يېقىنلاپ كەلگەنسېرىم نېمە ئۈچۈندۇ يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەشتى، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىۋېدىم كۆڭلۈمنى تېخىمۇ غېرىپلىق باستى. مەن غەيرەتكە كېلىپ بۇ «سۇرلۇك» ماكاننىڭ دەرۋازىسىدىن كىردىم ھەمدە كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

— كىرىڭ!

قوپال ئاۋازدىن سەل ئوڭايسىزلاندىم. شۇنداقتىمۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ بۆلۈمگە كىردىم. چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، گازىر كۆز، ھىڭگاڭ چىش كەلگەن، كىيىۋالغان فورمىسى ئۆزىگە ئانچە ماس كەلمىگەن، تەققى - تۇرقى ساقچىغا ئانچە ئوخشىمايدىغان بىر ساقچى مېنى كۈتۈۋالدى.

— كىمنى ئىزدەيسەن؟ - سورىدى ئۇ جەنۇبىي جۇڭگو تەلەپ-

پۇزىدا.

— سىلەرنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم.

مەن جاۋاب بېرىۋېتىپ، قولۇمدىكى ئالاقىنى ئالدىراپ ئۇ-نىڭغا بەردىم. ئۇ ئالاقىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن چىرايىمغا ۋە ئۇستى - بېشىمغا سىنچىلاپ قارىدى.

— بۇ ئالاقىڭىز بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە رەسمىي قەلەمدە يازغان ئالاقە كېرەك.

— بۇ ئالاقىنىڭ رەسمىي ئەمەسلىكىنى قانداق بىلدىڭىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قىپقىزىل يومۇلاق تامغىنى كۆرسىتىپ تۇ-رۇپ.

— ئۇنداقتا مەن بىر نېمە دېيەلمىگىدەكمەن، باشقىلارنى ئىزدەڭ.

— سىلەرنىڭ باشلىق كىم بولىدۇ؟

— بۇ يەردە باشلىق جىق، كىمنى ئىزدىسىڭىز ئىزدەڭ.

مەن بىرىنچى قەدەمدىلا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدىم. ھې-لىقى ساقچى مايماق كىيىۋالغان قاسقان شەپكىسىنىڭ تېگىدىن ماڭا بىر خىل گۇمانىي كۆز بىلەن قارىغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ باشلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. مۇنداقچە ئېيتقان-دا، مەن كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىدىن چىقىرىۋېتىلدىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغىلا، ئىشىك ئالدىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئۇيغۇر يىگىت ماڭا چاقچاق قىلدى:

— بۇلاردىن رەنجىمەڭ، مەن بايىقى ساقچى بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىڭلارنى ئاڭلىمىغان بولسام، سىزنىمۇ زەھەر تاشلىغىلى كەلگەن كىشىكەن دەپ قالاتتىم. سىز بەك ئورۇقكەنسىز، بۇ يەردىكىلەر ئورۇق ئادەملەرگە ئۈچ ھەمدە ئورۇق ئادەملەردىن

گۇمانلىنىدۇ. چۈنكى زەھەر چەككەن ئادەمنىڭ ھەر قاندىقى ئورۇقلاپ ياغاچتەك بولۇپ قالىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق، بەلكىم سىزمۇ ئۇنىڭغا چەككەندەك كۆرۈنگەنسىز.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلۈپلا قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنە پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭمۇ بۇ «ئاقساراي» دا تۆت ئاي يېتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، جەمئىيەتتە ئىلگىرىكى «چۆپقەت» لىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ هاراق سورۇنلىرىدا يەنىلا زەھەردىن ئايرىلالمىغانلىقىنى، شۇڭا زەھەر تاشلاش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى لېكىن بۇ يەردىكىلەر ئۆزىمىز تۇتۇپ كەلگەنلەرمۇ پېتىشمايدۇ، ئۆزلۈكىدىن زەھەر تاشلاشقا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلالمايمىز دەپ تورۇۋالغانلىقىنى بىلدىم.

— زەھەر توغرۇلۇق يېزىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇ يەردىكى ساقچىلارمۇ سىزگە ئېنىق بىر نىمە دەپ بېرەلمەيدۇ، بىزگە ئوخشاش چەككەنلەرنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر، ئۇلارمۇ سىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

— سىز بۇ يەردە تۆت ئاي يېتىپ، زەھەرنى تاشلاپ چىقىپسىز، ئۇنداقتا ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىدىغانسىز؟

— بىلمەمدىغان، بۇنىڭ ئىچىمۇ بىر كىچىك جەمئىيەت. ئەگەر بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن ياتاقلار ئارا زەھەرنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ چېكىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىسىلا، ھەركىم زەھەر چېكىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسىلا ئۈچ، تۆت ئاي داۋالانسا زەھەردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. بىراق ...

— بۇنىڭ ئىچىدە زەھەر بولمىسا، قولدىن - قولغا ئۆتكۈ-

زۇپ چېكىش دېگەن قانداق گەپ؟
— زەھەرنى تەلتۆكۈس يوق دېگىلى بولمايدۇ. خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتسە ئادەمنىڭ دەھشەت قىينىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاتا-ئانىلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، بىر ئامالنى قىلىپ، مەسىلەن، تاماق ئەكەلگەندە، كىيىم - كېچەك ئەكەلگەندە ئادەم ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان بەزى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىقىدەك يوقلاپ كەلگەن ئاتا - ئانىلار ياكى ئاغىنە - بۇرادەر-لەر ھويلىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا زەھەرنى تاشلاپ قويىدۇ، ياتاق-تا يېتىۋاتقانلار دېيىشكەن ۋاقىت ئىچىدە ئەخلەت تۆككىلى چى-قىپ زەھەرنى ئېلىۋېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئىش قىلىپ زەھەر كىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ يەرگە كىرگەن كونىلار يېڭىلارنى ئۇرۇپ، ئەدەپلەپ ئاتا - ئانىلىرىدىن پۇل تەلەپ قىلغۇ-زىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى پۇل ئېلىپ كېلىپ بالىلىرىغا بەرسە كونىلار پۇللارنى ئېلىۋېلىپ كىچىك «سودا» قىلىپ چې-كىشىدۇ. پۇل ئەكەلدۇرەلمىگەنلەرنىڭ باش - كۆزىدىن تاياق ئىزلىرى ھەرگىز يۈتمەيدۇ. زەھەر ئازابىغا يەنە تاياق ئازابى قوشۇلسا ئادەمنىڭ قانچىلىك قىينىلىدىغانلىقىنى سىزمۇ ئويلاپ يېتەلەيسىز. راستىنى ئېيتسام، بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. مەن ئىلگىرى تۆت ئاي يېتىپ كۆرمىگەننى كۆرگەن، ئادەم بولۇپ قالغىنىمغا غىق تويغانمەن. لېكىن، نېمە قىلغىلىق؟ ئۆلۈۋېلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. زەھەر چېكىشنىڭ ئۆزىلا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېگەن گەپ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستىراق بولىدۇ. ئەگەر تۇرلۇك ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ بۇ يەرگە كىرمىسىڭىز ئۆلۈۋېلىش سۈرئىتى

تېزلىشىپ كېتىدۇ. ئامالسىز كىرىسىز، مېنىڭچە، كىرمىگەندىن كىرگەن ياخشى. سىرتلاردا يۈرسىڭىز يەنە شۇ دوست، يەنە شۇ كوچىلار، يەنە شۇ سورۇنلار، يەنە شۇ سوغۇق مۇئامىلە، يەنە شۇ زەھەر ... قۇتۇلۇش ناھايىتى تەس. زەھەر چەككۈچىنىڭ ئىككىلا يولى بار. بىرى ئۆزىڭىز تەلەپ قىلىپ ياكى ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ بۇ يەرگە كىرىش، يەنە بىرى، تۇتۇلمىسىڭىز زەھەرنى چېكىۋېرىپ ئۆلۈش. مەن ئالدىنقىسىنى تاللىدىم. بىراق، بۇ يەر كىچىكلىك قىلىپ ئادەملەر پاتمايۋېتىپتۇ. مەن قوبۇل قىلىنمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئازراق يول مېڭىپ تونۇشلارنى تاپالىسام، ئىشىم ھەل بولۇشى مۇمكىن.

— تۆت ئاي يېتىپ قانچىلىك پۇل تاپشۇردىڭىز؟

— بۇ يەرنىڭ ئۆلچىمىدە ئۈچ ئاي بىر كۇرس قىلىنىدۇ. ھەر ئۈچ ئايغا 3600 يۈەن تاپشۇرىمىز، ئالتە ئايلىقى 7200 يۈەن كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىقىملارمۇ خېلى بار. بەزىدە ئارىلىقتا ئارقا تىرىكىڭىز بولسا جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كېتىش مۇمكىن. مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى نۇرغۇن جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتكەنلەر يەنە چېكىدۇ، تۇتۇلسا يەنە كىرىدۇ، يەنە جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كېتىپ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. «چىقىرىۋېلىش» دېگەن قاراشنى قەتئىي يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنى بېيىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭدا قۇتقۇزۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

يىگىتنىڭ سۆزلىرى مېنى بىر قىسىملا ئويغا سېلىپ قويدى. ئالدىمدا سۆزلەۋاتقىنى بىر زەھەر چەككۈچى ئەمەس، گويا

زەھەر مەسىلىسىنى ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشۋاتقان، بۇ مەسىلە ھەققىدە كېچە ـ كۈندۈز باش قاتتۇرۇۋاتقان كىشىدەك بىلىندى. قارىغاندا، ئۇ گەرچە زەھەر چەككەن بولسىمۇ لېكىن زەھەر ئۇنىڭ ئىدرىكىنى تېخى ئۆلتۈرەلمەپتۇ؛ زەھەر تۇپەيلىدىن تارتقان ئازابلىرى ئۇنىڭغا ساۋاق بولۇپتۇ ھەمدە ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپتۇ؛ زەھەر تاشلايمەن دەپ ئۆزلۈكىدىن بۇ يەرگە كېلىشمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇچۇن غەيرەت ـ شىجائەت كېرەك. مەن يىگىتكە سالامەتلىك تىلەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم ـ دە، ئاقساراي ئىچىگە كىرىشنىڭ «يولى» نى ئىزدەشكە باشلىدىم.

مەن دەرۋازىۋەننىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، 2 ـ قەۋەتتىكى ئىشخانىلارغا چىقىپ خېلى تەستە بىر باشلىقنى تاپتىم. ئۇ قولۇمدىكى ئالاقىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ھېلىقى دەرۋازىدىكى ساقچىغا ئوخشاشلا چىرايىمغا بىر قارىۋەتتى ۋە تېزلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن بىر ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈلۈۋاتقانلارنىڭ ياتىقىغا كىردىم. مانا مەن كۆرمەكچى بولغان جاي، مانا مەن كۆرمەكچى بولغان قاپقارا قاشلار، ئىلىپتەك بۇرۇنلار، نېمىگىدۇ تەلمۈرۈپ تۇرغان نۇرسىز خۇنۇك قوي كۆزلەر، سارغايغان چىرايلار، ئورۇق ھەم مۇكچەيگەن بەدەنلەر… كۆزلىرىمگە زادىلا ئىشەنمىدىم. بىزنىڭ ئۇيغۇر يىگىتلىرى مۇشۇمۇ؟ بىزنىڭ خان ـ قىزلار — كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرى مۇشۇمۇ؟ بىزدىكى ئارزۇلار، ئارمانلار مۇشۇمۇ؟ ياتاقلاردىكى ھەر خىل پۇراقلار، «كېسەللەر» نىڭ ھەر خىل قىياپەتتە ئولتۇرۇشلىرى، يېتىشلىرى، ماڭا غەلىتە تىكىلىشلىرى قوشۇلۇپ ماڭا بىر خىل ئەلەملىك، بىچارىلىك تۇيغۇسى بەردى. ئۇمىد

سىزلىك ئارىلاش ئار - نومۇس يۇرىكىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمىدى؛ مەنمۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشى بولغىنىم ئۈچۈن خىجىل بولدۇم ھەم ئازابلاندىم. كۆز ئالدىمدا كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىمىزدىكى نامراتلىقتىن ساۋاتسىز قالغان دېھقان باللار، پادىچى باللار، يېتىم باللار ھەممە تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن يۇرت - مەھەللىلىرىدىن، ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ، چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە كېلىپ، كوچا- كوچىلاردا يۈندىچىلىق قىلىۋاتقان، «سودىگەر» لىك قىلىۋاتقان، مايلامچىلىق قىلىۋاتقان، يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق قىلىۋاتقان باللار ... نامايان بولدى. زەھەرسىزلىنىۋاتقان باللارنىڭ ئۇلاردىن نېمە پەرقى؟ خوش، ئاتا - ئانىلارنىڭ غايەت زور بەدەللىرى بىلەن ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىرگەنلەرنىڭ ھالى قانچىلىك؟ كادىر، زىيالى، خوجايىن، ئوقۇتقۇچى ... بولۇپ، كۆڭلەرنى شادىمان، باياشات ئۆتكۈزۈپ كېرىلىپ ياشاۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئۆمىدى زادى نەدە؟

مەن جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىنى ئېغىر جاراھەتلەندۈرگەن تارىخنى — زەھەر تۇمانى ئىچىدە ئازابلىنىپ، نەچچە ئەۋلاد زەئىپلىشىپ ئاخىر باشقىلار تەرىپىدىن «شەرقتىكى كېسەل كۆرپىسى» دەپ ئاتالغان ئەشۇ ھاقارەتلىك تارىخنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان «كېسەللىك» يەنە قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئاھۇ - زارى، يۈرەك قېنى، ھاياتىي بەدىلىگە ھەممە غەبلەتتىن ئويغىنىپ، جاسارەت بىلەن قۇتقۇزۇش بەدىلىگە ساقايغان. ئەشۇ «كېسەللىك» دەسلەپتە مەن كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ ئەھۋالغا ئوخشاپراق باشلانغان ئەمەسمىدى؟...

مەن ياتاقلارنى ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ساقچىنىڭ

ئايرىم ئىشخانىسىدا «كېسەللەر» بىلەن سۆھبەتلەشتىم. مەن ئازابلىرىمنى ۋە كۆز چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى ئامال بار يوشۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئوچۇق - يورۇق، خۇشال قىياپەتتە سۆزلىشىشكە تىرىشتىم.

— سىز قاچانلاردا زەھەرنى يوقتۇرۇۋالدىڭىز؟

— بۇنىڭغا ئون نەچچە يىل بولدى. مەن 10 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن. بىرلا ئوغۇل ئىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئانامنىڭ سىڭلىسى بېقىۋالدى. دۇكان ئېچىپ بەردى، گۆش ساتتىم، ئوقەتىممۇ ئوبدان ئىدى. بىر كۈنى چىشىم ئاغرىپ قېلىپ قوشنىمىزنىڭ بالىسىغا ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇنىڭ ئامالى بارلىقىنى، دەرھاللا ساقايتالايدىغان- لىقىنى ئېيتىپ، يانچۇقىدىن بىر قەغەز بولاقنى چىقاردى.ھەمدە ئۇنىڭغا ئورالغان ئاق رەڭلىك ئۇنسىمان نەرسىنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ماڭا چەكتۈرۈپ قويدى. دېگەندەك، چىشىمنىڭ ئاغرىقى دەرھال ساقايدى. بۇنداق دورا قىلىش ئىككى - ئۈچ قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن ھېلىقى دوستۇم يوقاپ كەتتى. ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ئۆتتىۋىدى، بېشىم ئاغرىپ، بۇرنۇمدىن سۇ ئې- قىپ، كۆزلىرىم ياشاڭغۇراپ قالدى. ئۇستىخانلىرىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. مەن خىيالىمدا زۇكام بولغان ئوخشاي- مەن دەپ يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى ھېلىقى دوستۇم بىلەن ئۇچرى- شىپ قېلىپ ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇ ماڭا: «سەن ھېلىقى دورىغا خۇمار بولۇپ قاپسەن، ئۇنداق دورا دېگەن كۆپ، ئېرىنمەستىن نىيەنزىگوغا بېرىپ، مەسچىتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان بىر تونۇ- گاننى تاپساڭ 60 يۈەنگە خېلى كۆپ دورا ئالالايسەن» دېدى. مەن يانچۇقۇمغا خېلى كۆپ پۇل سېلىپ ھېلىقى جاينى تاپتىم ۋە

تۇڭگاننىمۇ تاپتىم. ئۇ مەسچىتنىڭ تېمىغا چاپلاپ سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن ۋە مەسچىتنىڭ مۇلازىمەتچىسىكەن.
مەن مەسچىتنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزۈم بىلىدىغان ئايەت-لەرنى نەچچە رەت يادلاپ، ئۆزەمنىڭ نەزىرىدىكى بۇ مۇقەددەس جايدا خىزمەت قىلىۋاتقان موتىۋەر «تىۋىپ» قا تەمتىرەپ سالام قىلدىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن 140 يۈەننى ئۇنىڭغا بېرىۋېدىم، گەپ - سۆز قىلمايلا ياستۇقنىڭ ئاستىدىن ئىككى بولاق «دورا» ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، ھېلىقى دوستۇم ئۆ-گىتىپ قويغان ئۇسۇل بويىچە، مەھەللىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپ «دورا» نى ئىستېمال قىلىشقا باشلىدىم. دېمەك، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ كۈنلىرىم قىيىنىلىش ئىچىدە ئۆتتى. ئاتا - ئانامنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى، ئۇلاردىن قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى سېتىپ تۈگەتتىم. ئايالىم بەك ياخشى ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئايىغىمغا ئېسىلىپ تالاي قېتىم يالۋۇرۇپمۇ زەھەرنى تاشلىتالمى-دى. ئۇنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپ تۈگەتتىم. ئۆيدە پۇل قالمىغاندىن كېيىن ئايالىمنى ئانىسىدىن پۇل ئېلىشقا زورلىدىم.
ئايالىم بالىلىرىمىزنىڭ بۆشۈك تويى ئۈچۈن يىغىپ قويغان پۇل-لارنىمۇ تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋەتتىم. ئۇ ئاخىر بالىنى ئېلىپ ئاج-راشتى. ئىلگىرى كۆپ قېتىم چەككەندە تۇتۇلۇپ جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتكەندىم. مانا ئەمدى مېنى چىقىرىۋالىدىغان ئامال قالمىدى ... مۇشۇ تاپتا نە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ، نە دوست-بۇرادەرلىرىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق. زەھەرسىزلىنىش ئۈ-چۈن بۇ يەردە يېتىۋاتقىنىمغا خېلى ئايلار بولدى. دوختۇرلار ۋە ساقچىلار ماڭا كۆپ تەربىيە بېرىۋاتىدۇ. جەمئىيەتكە چىقق-

شىمنى ئويلىسام، مەن بارىدىغان كوچىلارنى، مەن يېتىپ -
قوپىدىغان ئۆيلەرنى ھەممە مەن بىلەن تەڭ چېكىپ يۈرگەن لېكىن
تۇتۇلماي ھېلىھەم داۋاملىق چېكىپ يۈرگەن تالاي - تالاي بالىلار-
نى شۇنداقلا بىزگە زەھەر سېتىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنى ئويلىسام
قورققۇم كېلىدۇ، يىغلىغۇم كېلىدۇ ھەتتا نۇرغۇن كېچىلەرنى
يىغلاپ ئۆتكۈزدۈم. ئولتۇرسام - قوپسام، ماڭا ئەڭ دەسلەپتە
«دورا» بۇيرىغان «دوستۇم»، مەن ئىزدەپ تاپقان ئەشۇ مەس-
چىد، مەسچىدنىڭ ئۆيىدە يېتىپ «دورا» ساتقان ھېلىقى تۇڭگان
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇپ قالماي-
مەن ...»

يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. مەن ئۇنىڭ-
غا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن، ياخشى كۈنلەر، ياخشى كىشىلەر
توغرۇلۇق بىر ھازا سۆزلىدىم ھەممە ئۇنىڭغا داۋاملىق ياشاش
ئىمكانىيىتىنىڭ يەنە بارلىقىنى، زەھەرنى رەت قىلغاندىلا ھەممە
ئىشلارنىڭ نورمال ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم ۋە
ئىلھاملاندۇردۇم.

ساقچىنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە بىر يىگىت ئېلىپ كىرىلدى.
ئۇنىڭ بىلەنمۇ قىزغىن سالاملاشتىم. مەن ئۇنىڭغا سۆزلىشىشتىن-
كى مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشكە تەمشىلىپ بولغۇچە ئۆزىلا سۆز
باشلاپ كەتتى.

— باياتىن بىزنىڭ دۈيجاڭ (ھېلىقى ساقچىنى دېمەكچى)
سىزنىڭ زەھەر ھەققىدە بىر نەرسە يازماقچى بولۇپ كەلگىنىڭىز-
نى ماڭا ئېيتتى. ياخشى ئىشقا تۇتۇش قىلىپسىز. ئەمدى راستىن-
لا يازىدىغان چاغ بولدى. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز زەھەر ھەققىدە
بىرەر يۈز پارچە كىتاب يېزىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. جەمئىيە-

تىمىزدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، شەھەر ھەم يېزا - قىشلاق-
لاردا مەيدانغا كەلگەن ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى ۋە ھەر
قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن ئەسەرلەرنىمۇ يېزىش كېرەك. بىراق پۈتۈن جەمئىيەت ۋە
كەڭ خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى، خەلقنىڭ
ئىلتىجالىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۆپرەك يېزىش كېرەك.
جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇ-
رۇپ، تەرەققىياتقا، ئېتىقادقا ھەتتا مەۋجۇدلۇققا خىرىس قىلى-
ۋاتقان، توسالغۇ بولۇۋاتقان، بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي،
گۈزەل ھاياتىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋاتقان مەسىلىلەرنى دادىل ئېچىپ
بېرىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق، مېنىڭچە خەلقنى توغرا پىكىر،
توغرا يول بىلەن يېتەكلىگىلى، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ
ئىلھاملاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جەم-
ئىيەتتە غۇلغۇلا قوزغالسىلا، خەلقنىڭ دىققەت - ئېتىبارى قوز-
غالسىلا كىشىلەرنىڭ نامايىش قىلىپ كوچىغا چىقىپ كېتىشى
ناتايىن. بۇ جەھەتتە، خەنزۇ يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، جەمئى-
يەتشۇناسلار بىزگە نۇرغۇن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مەن كىتاب
ئوقۇشقا ئامراق، بولۇپمۇ خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان، بازار-
لىق كىتابلارنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان ئاتاغلىق تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس خې شىن يازغان
جۇڭگو مەسىلىلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا
سالىدىغان «كىرىزىس ۋە قايتا ئويلىنىش» قاتارلىق بىر يۈرۈش
ئەسەرلەر ھەمدە باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى كەينى - كەينى-
دىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.
بىزدە دىققەت - ئېتىبارىمىز قوزغىلىشقا، جىددىي ئويلىنىشقا

تېگىشلىك مەسىلىلەر خېلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سىز يازماقچى بولغان زەھەر مەسىلىسى تولىمۇ مۇھىم. زەھەر ئادەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ھازىرغىچىلىك قانچىلىغان ئو-غۇل - قىزلار ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ۋەيران بولدى. ئاددىيسىنى ئېيتسام، مەن بىلەن بىللە ئوقۇپ چوڭ بولغان خېلى- خېلى باللار زەھەر چېكىپ ئۆلدى ياكى تۈرمىلەرگە قامالدى، جەمئى-يەتتىكى ئورنىنى تامامەن يوقاتتى. مەنمۇ ھەم شۇنىڭ ئارىسىدا. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن × مائارىپ ئىنىستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنىپ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىدىم. خىزمىتىم، تۇرمۇشۇم ئوبدان ئۆتتى. كېيىن شتاتنى ساقلاپ قېلىپ خىزمەتتىن توختاش يولى بىلەن ئىدارىدىن ئايرى-لىپ، بىر-قانچە دوستلىرىم بىلەن بىرلىشىپ مەلۇم بىر شىر-كەتنى ھۆددىگە ئالدىم ۋە ئۆزەم دېرىكتور بولدۇم، سودىمىز جانلىنىپ، كارخانا تازا روناق تاپتى. ئەپسۇس، كۈنلەرنىڭ بىرى-دە بىر قانچە پۇلدار ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرغان سورۇندا بىرەي-لەن خروئېننىڭ «پەيزى» نى كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. ئويناشقاندەك چېكىپ ساپتىمەن، بارا - بارا ئۆزەمنى تارتالمى-دىم. زەھەر چەككىنىمنى بىلىپ قالغان بار - يوق كەسپداشلار، مۇئامىلىدارلارنىڭ ھەممىسى مەندىن يىراقلاشتى، مېنى كۆزگە ئىلمىدى. ھەمكارلىشىدىغانلار، سودىلىشىدىغانلار پۈتۈنلەي تو-گەپ كارخانا ۋەيران بولدى. ئاخىر چېكىمۇاتقاندا تۇتۇلۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندىم. ئايالىم بىلەن بەش ياشلىق قىزىم زار - زار يىغلايدۇ، ئاتا - ئانىلىرىمۇ مېنىڭ ھالىمدىن ئېچىنىپ ئازابلى-نىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتە. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، زەھەر چېكىۋاتقان-

لار، سېتىۋاتقانلار، زەھەرنىڭ كونتروللۇقىدا قىلىۋاتقانلار نۇر-
غۇن. بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەنلىرىمىز خۇداغا شۈك-
رى دېسەك بولىدۇ لېكىن بۇ يەردىكىلەر ناھايىتى ئاز بىر قىسمى-
نىلا ئىگىلەيدۇ. تۇتۇلماي يۇرگەنلەر ياكى تۇتۇلغاندىن كېيىن
پارا بېرىپ، جەرىمانە تۆلەپ چىقىپ كەتكەنلەر خېلىلا كۆپ،
ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى ئۇلار داۋاملىق
چەكمەكتە، قايتا ـ قايتا چەكمەكتە. بىز ھەر ھالدا زەھەرسىزلى-
نىۋاتىمىز. ئىرادىمىز چىڭ بولسىلا بىزدە ئۈمىد بار. مەن بۇ
يەردە داۋالىنىۋاتقانلارغا ۋاكالىتەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئە-
سەرىڭىزنى ياخشى يېزىڭ، يۈرەكلىك يېزىڭ. ئەڭ ئېچىنىش-
لىق، ئەڭ رەزىل تەرەپلەرنى ئېككىلەنمەي جانلىق يېزىڭ. سىز-
نىڭ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز بىلەن، بۇ جەمئىيەت
ھەرگىزمۇ قاراڭغۇ جاڭگاللىقتا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئىشىنىمەن-
كى، ئەسەرىڭىز ياخشى يېزىلسا، ئۇ قانچىلىغان ئازغۇنلارنى،
ئالدانغانلارنى ۋە ئالداۋاتقانلارنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغىتالاي-
دۇ. بۇ زەھەر سىرتىمىقىدىكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەق-
دىرىنى كۆرۈپ ياش تۆكۈۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك ساداسى
بولۇشى مۇمكىن. زەھەرگە قارشى خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش
ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى.

× × ×

يىگىت سۆزلىگەنسېرى جىددىيلەشتى. ئۇنىڭ توختاپ ـ
توختاپ، تەمتىرەپ سۆزلەشلىرى، ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرى ھەم-
دە سارغايغان، ھارغىن چىرايىدىن ئىلگىرى زەھەرنىڭ تەسىرىگە
خېلى ئېغىر ئۇچرىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئادەمنى
ئۈمىدلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ھاياتقا، كېلىچەككە يەنىلا ئۈمىد-

ۋارلىق بىلەن قارايدىكەن. ئۆزىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان زىياد-
كەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن، زار - زار قاخشاۋاتقان بىچارە
ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن قايغۇرىدىكەن. مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم
سىقىپ، ياتىقىغا ئۇزۇتۇپ قويدۇم. ساقچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ
بېرىشى بىلەن يەنە بەش - ئالتە يىگىت بىلەن سۆزلەشكەن بول-
دۇم. ئۇلارنىڭمۇ زەھەرگە بېرىلىش جەريانى يۇقىرىقىلار بىلەن
ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاشكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىش
ئاغرىقىغا دەۋا ئىزدەش، قىزىقىپ بىرەر قېتىم چېكىپ بېقىش،
ئاتالمىش «زەھەر مەدەنىيىتى» نى قوبۇل قىلىش، مودا قوغلە-
شىپ چېكىش دېگەنلەر سەۋەبچى بولۇپتۇ. بىر نەرسە ئېنىقكەن:
ھېچكىم ئۇلارنى زورلاپ، ئاغزىغا زەھەرنى تىقىپ قويماپتۇ!

## ھېسسىيات قۇربانلىرى

مەن يىگىتلەر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر ئايال ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا، زەھەرسىزلەندۈرۈلۈۋاتقان قىزلار بى-لەن كۆرۈشتۇم.

— سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. زەھەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالىڭىزنى بىلىش ئارزۇسىدا سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم.

— ھەممىنى ئەرلەر بىلەتتىغۇ؟ ئەرلەرگە ئىشەنگەنىنىڭ ئا-قىۋىتى مۇشۇ، — ئېگىز بوي، زىلۋا، چىرايلىق قىز مېنىڭ گېپىم تۈگە - تۈگمەيلا قاخشاپ كەتتى، — بىلگىڭىز بولسا سۆزلەۋېرەي. بىزنىڭ ۋاقتىمىز كۆپ، سىزگە ئوخشاش سۆزلە-شىدىغانلارنى رەت قىلمايمىز، زېرىكىپ ئىت بوپ كېتەي دېدى

ئادەم. سۆزلىگۈدەك كۆپ ئىشلارمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆت-
كەن ئىشلارنى ئەسلەش كىشىنى ئازابلايدۇ. مېنىڭ ئىككى ئاكام
بار ئىدى. بىرى چېكىپ قېتىپ قالدى (زەھەرنى ھەددىدىن
زىيادە كۆپ ئوكۇل قىلىپ ئۆلدى)، يەنە بىرى چېكىپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتىپ نەلەرگىدۇ يوقالدى. مەن ئائىلىمىزنىڭ يالغۇز
قىزى ئىدىم. ئاكىلىرىم بىلەن ئويناپ يۈرگەنلەر ۋە مەھەللىدىكى
باشقا قىزلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتۇق. تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مېنىڭ بەش نومۇرۇم كەملەپ
قېلىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدىم. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر
قىلدى، ئازابلاندىم. مەھەللىدە ماڭا ئوخشاش قالغانلار خېلى
كۆپكەن. بىز ئاستا - ئاستا ئالىي مەكتەپ دېگەننى ئۇنتۇپ،
كومپانىيە بولۇپ ئويناپ يۈردۇق. قاچانلاردىدۇر، تاماكا چېكىش-
نى، قىزىل ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىپ قالدىم. كۈنلەر ئۆتۈۋەر-
دى. ئاتا - ئانام ئۇيان - بۇيان قاتراپ ماڭا بىر مۇۋاپىق خىزمەت
تاپالمىدى. شۇنداق كۈنلەردە مەن مەھەللىدىكى بىر يىگىت بىلەن
مۇھەببەتلىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ
بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ سورۇنلارغا بىللە باراتتىم.
ئۇنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ (ئارىسىدا قىزلارمۇ بار) زەھەرنى شو-
راپ يۈرۈشكىنىنى بىلسەممۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ كەتمەپتى-
مەن. پۇلى بارلار قىلىدىغان زامانغا لايىق ئىش ئوخشايدۇ دەپ
يۈرۈۋېرىپتىمەن. بىر كۈنى پۈتۈن بەدەنلىرىم ئاغرىپ، يىگەن
تاماقلىرىم يېنىپ كەتتى. مەن دەرھال ھېلىقى يىگىتنى تېپىپ
ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى ھەمدە ئەنسىرەشنىڭ ھاجى-
تى يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭ سېپىگە رەسمىي قوشۇلغانلىقىمنى،
ئۈچ كۈن ئالدىدا مېنى ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسۇن دەپ تاماكىغا

خىروئېن ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. مەن يىغلىدىم،
قاخشىدىم. نېمە ئامال دەيسىز؟ ئۇ مېنىڭ خۇمار بولۇپ قالغانلى-
قىمنى بىلىپ، ماڭا زەھەرنى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ بېرىپ
تۇردى. بىر چېكىملىك زەھەر تاپساق ئىككىمىز تەڭ بەھرىمەن
بولۇپ خېلى كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇق. بەڭگى بولۇپ قالغاندىن
كېيىن بىر يەردىن ئىش تېپىپ پۇلغا ئىشلەش دېگەنلەر ئادەمگە
قەتئىي خۇشياقمايدىكەن. كاللىڭىز قۇرۇق، روھىڭىز چۈشكۈن
بولۇپ قالىدىكەن. ماڭا تاغدەك يۆلەنچۈك بولماقچى بولغان كې-
يىن «زەھەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈش» نى ئۆگەتكەن يىگىتىم تۇيۇق-
سىز يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاغىنىلىرى ئالماشتى ۋە
ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئارىلىقتا ئائىلىمىزدە پۇلغا يارى-
غۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ سې-
تىۋەتتىم، ئاتا - ئاناممۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ بار ئاماللارنى
قىلىپ، مېنىڭ خۇمارىمنى قاندۇرۇپ تۇردى. «بىكار يېتىپ
يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىممۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاخىر ھېلىقى يىگىتىمنىڭ
دوستلىرىنى ئىزدىدىم. ئۇلار بارا - بارا ماڭا يامان تەلەپلەرنى
قويۇشقا باشلىدى. قانداق قىلالايتتىم؟ ھەر قېتىم خۇمارىم تۇت-
قاندا ئۇلارنىڭ ئاياق - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدىم. ئۇنداق چاغدا
بىر قېتىم ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىراۋ سىزنى ئوتقا
سەكرەشكە بۇيرىسىمۇ سەكرەيدىكەنسىز. سىزدىن يوشۇرمايمەن،
ئاكامدەك ئادەمكەنسىز، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ۋە مېنىڭ ئەتراپىم-
دا يۈرگەنلەرنىڭ ھايۋاندىن پەرقلەنمىدىغان يېرىمىز قالمىدى.
ئاخىر بېرىپ ئۇلار مېنى تېنىمنى سېتىپ خېلى كۆپ ئېھتىياجنى
قاندۇرالىغۇدەك پۇل تېپىشقا زورلىدى. مەن ئۆزەمنى ئويلاپ

بولسىمۇ بۇ يولدىمۇ مېڭىپ باقتىم. ئەگەشمە كېسەللەر مېنى قىيناپ كېرەكتىن چىقاردى. شۇ ئارىلىقتا مېنىڭ ھالىمنى كۆر-گەن بىچارە ئانام خورلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئانامنىڭ ئۆلۈمى مېنى ھەر ھالدا بىر قېتىم ئويغاتتى. مەن دادامنىڭ ياردىمى بىلەن ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدىم. مانا ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، يازغان كىتابىڭىزدا قىزلارنى ھەرگىز تىللىماڭ، قىزلارنىڭ ئال-دىنىدىغانلا گۇناھى بار. ئەرلەر بىر ئامالللار بىلەن قىزلارنى زەھەرگە ئۆگىتىپ كېرەكتىن چىقىرىۋاتىدۇ. بەزى قىزلار ئەر-لەرنىڭ زەھىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرمىگە سولاندى، ئېتىلىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر مەخسۇس ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشىغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ زەھەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا بۇنى پۇل تېپىپ بېيىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە نۇرغۇن قىزلار، ھەتتا مەن بىلەن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان قىزلار ئار - نومۇس، خورلۇق ياكى تۇرمۇش بېسىمىغا چىدىماي ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېتىپ زادىلا قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇلار-نىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بەزىلىرى ھەتتا ئەشۇ جايلارنىڭ سوتلىرىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. جىنا-يەت يولىغا ماڭغان ھەر بىر قىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان ئەرلەرنىڭ جاۋابكارلىقى بار.

قىز ھۆركۈرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ھېلىقى ئايال ساقچى كىرىپ (ئۇ ھەم دوختۇركەن) بۇ ماغدۇرسىز قىزنى يۆلەشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پىلانىمدا يەنە بىر نەچچە قىزلارنىڭ ئەھۋا-

لىنى ئىگىلىمەكچى ئىدىم بىراق رايىم ياندى. قىزنىڭ يىغىسى ۋە ئۆكۈنۈشلىرىدىن بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندەك بولدۇم. كېسەللەرنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا ماڭا ھەمدەمدە بولغان ساقچى سۇلتان بىلەن قىسقىغىنە پاراڭلىشىپ قالدىم:

— زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركىزىمىزدە 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بار. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يېشى 35 تىن تۆۋەن. قورامىغا يەتمىگەنلەرمۇ بار. قىزلار 200 دىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى چېكىمۇاتقان ياكى سېتىۋاتقاندا نەق مەيداندىن تۇتۇپ كېلىنگەنلەر بولۇپ، داۋالاش ھەم تەربىيىلەش بىر گەۋدە قىلىنىپ، مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈلىدۇ. تۇتۇلمىغانلار بۇ يۇرسەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، بۇنداقلار جەمئىيەتتە يەنىلا خېلى كۆپ. بەزىلەر تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن پۇل تۆلەپ ياكى باشقا يوللار بىلەن چىقىپ كېتىپ يەنە چېكىدۇ، تاپشۇرۇشقا پۇلى يوقلىرىمۇ ئىلاجىسىز چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇلارمۇ قايتا چېكىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ھەددى - ھېسابسىز قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى. دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتا - ئانا يوق. لېكىن، ياخشى كۆرۈش بىلەن قۇتقۇزۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. بالىڭىز ئامال بار زەھەرگە يېقىن يوللىماسلىقى كېرەك ئىدى. زەھەرنى يۇقتۇرغانىكەن ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزدەش كېرەك. ئىچىڭىز ئاغرىپ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ياكى يۇقىرى - تۆۋەن قاتناپ بۇ يەردىن چىقىرىۋالسىڭىز، ئۇنى قۇتقۇزغانلىق ئەمەس ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى

زەھەرنى تاشلاش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. زەھەر چەككۈچىد-
ىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە بىز-
نىڭ مەجبۇرىي داۋالىشىمىز بىرلەشسە قۇتقۇزۇشتىن ئۈمىد تۇغۇ-
لىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن باللارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىن
سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە، بۇ يەردە سالامەتلىكى بىر قەدەر
ئەسلىگە كېلىپ، زەھەر خۇمارى يوقالدى دەپ چىقىپ كەتكەنلەر-
نىڭ جەمئىيەتتە يەنە قايتا زەھەر چېكىش نىسبىتى %90 تىن
يۇقىرى بولۇۋاتسا، سىزنىڭ يېرىم يولدا چىقىرىۋالغان بالىڭىز-
دىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا نۇرغۇن ئەۋلاد-
لار زەھەردىن ئىبارەت ئالۋاستىغا يەم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىز-
نىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىرى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا
ئىگىلەيدۇ. باشقا دوختۇرخانىلاردا ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش ئورۇنلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ياشلار ئىگراپ ياتىدۇ.
يامان بولغان يېرى، كۆپ ساندىكى زەھەر چەككۈچىلەر زەھەرنى
توپ ساتقۇچىلاردىن سېتىۋېلىپ، ئۇنى يەنە پارچە سېتىپ تاپقان
پۇلغا زەھەر ئېلىپ چېكىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ، بۇ بىر
خەتەرلىك ئەھۋال. بۇنداق كېتىۋەرسە، زەھەرنىڭ ئىستېمال
بازىرى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، ئاجىزلار زىيانكەشلىككە-
ئۇچراۋېرىدۇ. مېنىڭچىمۇ، شىنجاڭدا زەھەر مەسىلىسى پۈتكۈل
جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشقا تېگىشلىك دەرىجىگە
بېرىپ يەتتى. باياتىن سىز قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىڭىز،
ئۇلارنى ھېسسىياتنىڭ قۇربانى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدىلا رەسىدە
بولغان، ھېسسىياتى تولۇپ تاشقان ئەمما تېخى كۆزى ئېچىلمى-
غان، كەيپىياتى تېخى مۇقىم بولمىغان قىزلار بىلىپ - بىلمەيلا
يامان ئەرلەر ۋە يامان نىيەتلىك يىگىتلەرنىڭ، پۇلى بار ئەمما

پۈلىنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىنى تاپالمىغان ئەخمەقلەرنىڭ، شۇن-
داقلا پىشىپ كەتكەن دەللاللارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
بولۇپمۇ مەلۇم مەسىلىلەردە كېلىشمەسلىكلەرگە، مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراپ ئازابلانغان قىزلار ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
مىغانلارنىڭ توپىغا ناھايىتى ئاسانلا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە زەھەر دېگەن ئىقتىسادنىڭ كۆشەندىسى. ئۇ ئاخىرقى
ھېسابتا قىزلارنى ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.
ھەممىمىزنىڭ قىزلىرى، سىڭىللىرى بار. ناۋادا بۇ يەردىكى ۋە
جەمئىيەتتىكى تالاي قىزلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارنىڭمۇ
بېشىغا كەلسە بىز قانداق قىلالايمىز؟ مەن مۇشۇ ئورۇندا ئىشلە-
ۋېتىپ، ئالىلىقانداق ئادەملەرنىڭ زەھەرنىڭ زىيىنىنى يەتكىچە
تارتقان بەزى قىزلارنى خېلى كۆپ بەدەل تۆلەپ ياكى «ئارقا
تىرەك» لەردىن پايدىلىنىپ مەلۇم «ئالدىنقى شەرت» ۋە «قو-
شۇمچە شەرت» لەر بىلەن ئېلىپ چىقىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ ئىچىم سىيرىلىدۇ. بۇ قىزلارنى نەگە ئاپىرىسەن؟ ئۇلارغا
ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ دەپ سوراپ
قويغۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئامال يوق. ئىگىلىشىمىزچە، زەھەر
تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇۋاتقان قىزلار مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا
روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، ساۋاتسىزلارغا قارىغاندا ئالىي، ئوت-
تۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر
كۆپرەك بولۇش، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرگە چېتىلىش دائىر-
سى كەڭ بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە. بىز بۇلارنى كۆرۈپ
كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ، مىللەتنىڭ ئۇستازلىرى، ئانىلىرى ھەق-
قىدە چوڭقۇر ئويلانماي تۇرالمايمىز.

# «بالامنى ئېلىپ كېتىمەن»

قەلبىمنى چۈشەندۈرگۈسىز تۇيغۇلار غىدىقلىماقتا. ئېغىرلىشىپ كەتكەن تەنلىرىمنى ئاران كۆتۈرۈپ، «ئاقساراي» نىڭ ياتاقلىرىدىن يېنىپ چىقتىم. كۆزۈمگە نېمە ئۈچۈندۇر كۆز يېشىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مەن بېشىمنى ئوبدان بىر سىلكىۋەتتىم، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىدىم. قارىسام شور بۇلاقتا كەچ كىرىپتۇ. ئەمدى قايتىشىم كېرەك. قەدەملىرىمنى ئاستا - ئاستا يۆتكەپ دەرۋازىغا قاراپ مېڭىۋېتىپ، سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان مومايغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ يىغلاۋېتىپ، يېنىدىكى ساقچىغا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋېتىپتۇ. مەن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدىم.

— موما نېمىشقا يىغلايسىز؟

موماي تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىمدىن چۆچۈپ كەتتىمۇ قانداق، ئىتتىك ماڭا قارىدى.

— نېمىشقا يىغلايتتىم، بالا، بالا، بالا دەپ يىغلاۋاتىمەن. دۇنيادا بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. مەن ئۇنى ناھايىتى تەستە بېقىپ چوڭ قىلغان. بىز ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئەمدىلىكتە، مېنىڭ پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى تۈگەپ، مېنى قېرىلىق ۋە كېسەل چىرمىۋالغاندا مەندىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ يېتىۋالسا، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟

— بالىڭىز بۇ يەرگە قاچان كىرگەن؟

— بىر ئاي ئىلگىرى مەھەللىدىكى قولاقكەستىلەر بىلەن ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەپتىكەن. 3600 يۇەننى تۆلەپ ها-

زىرغىچە يېتىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم كېلىپ، يەل - يېمىش دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىمەن. كۆرۈشەلمىسەممۇ ياتقان بىناسىنى كۆرۈپ كەچكە يېقىن قايتىپ كېتىۋاتىمەن. بالىسىز ئۆي خۇددى مازارغا ئوخشايدىكەن. بالام بىلەن كۆنۈپ قاپتىمەن. باققىنىمغا يارىشا ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىمنى قىلىشىپ، يىراقنى يېقىن قىلاتتى. بۇ يەردىكى ساقچىلار ئۇنىڭ تاماكا (زەھەرنى دېمەكچى) چەككەنلىكىنى، ئۇنى داۋالاش كېرەكلىكىنى دەۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بالامنىڭ ئادەمنى كېسەل قىلىپ كېرەكتىن چىقىرىدىغان ئۇ نىجىسنى چېكىپ يۈرگىنىگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بۈگۈن ئۇنى چوقۇم ئېلىپ كېتىمەن. مەن ×× ئىدارىدە ئىشلەيتتىم. ساقىسىز بولۇپ قېلىپ بالدۇرلا پېنسىيىگە چىقىۋالغان. 380 يۈەن پېنسىيە پۇلۇم بار. بالامنى ئۆيلەش ئۈچۈن يىغقان ئازراق پۇلۇمغا ئىدارە رەھبەرلىرىگە يىغلاپ يۈرۈپ ھەل قىلغان 1000 يۈەننى قوشۇپ ئېلىپ كەلدىم، ئىدارىدىن بالامنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تاماكا چەكمەسلىكىگە كېپىل بولۇش توغرۇلۇق يېزىپ بەرگەن خەتنىمۇ ئالغاچ كەلدىم.

— پۇل تۆلەپ كىرگەندىكىن ئۇزاقراق تۇرۇپ، زەھەردىن تەلتۆكۈس قول ئۈزگىدەك بولۇپ چىقسا بولماسمىدى؟ زەھەرنى ئۈزۈل - كېسىل تاشلىماي قايتىپ چىقسا يەنە ئاغىينىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ چېكىپ سالارمىكىن.

— ئۇنداق قىلماس، ئۆتكەن قېتىمدىمۇ سەل ئازراق چەككەن ئوخشايدۇ، بەك خۇما بولغاندەك ئەمەس. ساقچىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ، يېقىندا ئۇيەر - بۇيەردە تولا دەرت ئېيتىپ بۇ يالغۇز ئوغلۇمغا ئىش ئورنى تاپقانىدىم، ئۇلار بالىنىڭ تاماكا چەككىنىنى

ئاڭلاپ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى، ئۇ ئىشمۇ يوق بولدى. ئەسلى سىز دېگەندەك ئۇزاقراق دەۋالانسا بولاتتى، بىراق مېنىڭ بۇ بالىدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر بىرەر ۋاقلىق تاماق ئېتىپ يېگۇدەك مادارىم يوق، يۇرەك كېسىلىم پات - پات قىينايدۇ، يالغۇز قىلىشتىن قورقىدىكەنمەن. مەن تېخى تىرىك بولغاندىكىن يەنە بىر نېمە قىلارمەن. بالىمۇ 26 ياشقا كىرىپ قالدى، ئەمدى خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر. بالامنىڭ كىچىك تەرىتىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۇرگىلى كىرىپ كېتىشتى. چاتاق چىقماس ئىگەكىم. خۇدا ئالدىدا تەلىپىم ئىجاۋەت بولسا، بالام ساق بولۇپ چىقسا، مۇنۇ بۇيرىغان پۇللارنى تاپشۇرۇۋەتسەم ئىش پۇتىدۇ. ئازراق پۇل كەملەيدىكەن. ساقچىلار كەچۇرۇم قىلىدىغان بولىدى. ئىش قىلىپ نېمىلا بولسۇن بۇگۇن بالامنى ئېلىپ كېتىمەن. مەن يالغۇز ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتسەم بالام يېنىمدا بولمىسا قانداق بولىدۇ…؟

ئۇنىڭ كۆز يېشى زادىلا توختىمىدى. ھەر قېتىم بالىسىنى تىلغا ئالغاندا كۆزىدە ياش، چىرايىدا ئەلەم سايىسى پەيدا بولاتتى. شۇ ئارىلىقتا ئىككى ساقچى ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭلۇك يىگىتنى ئېلىپ چىقتى. موماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامدۇ؟ - ۋارقىرىدى يىگىت كېلىۋېتىپ، - ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟

— ھېلىمۇ مۇشۇ سوغۇق سېمونتتا ئولتۇرغىلى يېرىم كۇن بولدى. رەنجىمە بالام، ھازىرلا سېنى ئېلىپ كېتىمەن. رەسمىيەتلىرى جىق بىر ئىشكەن بۇ، شۇڭا كەچ بولۇپ كەتتى، — موماي شۇنداق دېگەچ بېرىپ يىگىتنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆ-

يۈپ قويدى. ئۇلار پۇللىرىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن كىرىپ كېتىشـ ـتى.

بىچارە موماي يالغۇزلۇق ئازابىغا چىدىماي، يىغلاپ، يىقىـ ـلىپ - قوپۇپ يۈرۈپ پۇل جۇندەپ بالىسىنى ئەكەتكىلى كەپتۇ. ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ. يىگىتنىڭ تە بولۇشلىرىغا قاراڭ! ئۇنىڭغا زەھەرنى موماي چەكتۈردىمۇ؟ «ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ؟» دەپ سەت ۋارقىراشلىرىچىمۇ تېـ ـخى؟ موماي سېنى تۇغۇپ مۇشتۇمدەك ۋاقتىڭدىن تارتىپ هازىرـ ـغىچە بېقىۋېتىپتۇ. سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن يېمەي - ئىچمەي يىغقانلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ، ساڭا چىدىماي ئالدىڭغا كەپتۇ. مومايغا سېنىڭ ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ قارىغاندا «بالىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساپ بېرەر» دېيىشلەر بىلەن ئىش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش، ئۇلارنى زەھەرگە يولاتماسلىق ئۈچۈن ھەمدە ئۇلارنى كېلىچەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تىنقىنى تىنىقىغا ئۇلاش ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، يەنىمۇ كۆپرەك تەدبىر تېپىشقا توغرا كەلگەن ئوخشايدۇ.

× × ×

مەن كېتىۋېتىپ ئەشۇ موماي ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى زادىلا خىيالىمدىن چىقىرالمىدىم. بىچارە موماي يالغۇزلۇقتىن قورقۇپ ھەمدە ئوغلىغا ئىچ ئاغرىپ كەپتۇ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن يىگىت نېمە ئىش قىلار؟ مومايىنىڭ خۇشال كۈنلىرى قانچىلىك بولار؟ زەھەر يىگىتنى ئۇنداق ئاسان قويۇپ بېرەرمۇ...؟

# شور بۇلاقتا يەكشەنبە

يەكشەنبە — ھەممە ئادەم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ ئارام ئالىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان كۈن. بۇ كۈندە كىشىلەر توي - تۆكۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشىدۇ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلىشىدۇ، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قىقىسى، بۇ كۈن شادلىققا، كۆلكىگە تولغان، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارغا تولغان كۈن. بۇ كۈن دۈشەنبىنىڭ خۇشال-خۇرام باشلىنىشى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان كۈن. لېكىن، سىز شور بۇلاقتىكى ئەشۇ «ئاقساراي» نىڭ قورۇسىدا يەكشەنبە كۈننى ئۆتكۈزۈپ باققانمۇ؟ مەن بۇ يىل ئالتۇن كۈز باشلىنىش ھارپىسىدا بۇ يەرگە كېلىپ، كۆز يېشى، ئۆكۈنۈشلەر، ھەسرەت-نادامەتلەرگە تولغان بىر يەكشەنبىنى ئۆتكۈزدۈم.

بۈگۈن تۇمانلىق ھاۋا بولدى. ئادەتتە ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈپ بۇ يەرگە كەپ بولدۇم. دەرۋازىدىن كىرىپ قارىسام، قورۇ ئادەم بىلەن توشۇپتۇ، كېلىنۋاتقانلارنىڭ خېلىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوۋاي - موماي لارمۇ، قىزلا-رمۇ، يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە نۆۋەت بىلەن كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى يىغلاپ يېنىپ چىقتى. ئۇلار يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرىنى ياشىراقلىرى قولتۇقىدىن يۆلەپ چىقىۋاتىدۇ. بىر - بىرىگە دەرت تۆكۈشلەر، تەسەللىي بېرىشلەر، بالىلىرىنى، ئىنى - سىڭىللىرىنى، ئەرلىرىنى، ئاياللىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراشلار قورۇدا بىر خىل جىددىي، بىئارام كەيپىياتنى پەيدا قىلىپتۇ. مەن ساقچىلار-

نىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، نۆۋەت كۈتۈۋاتقانلارنىڭ: «بۇ يەردىمۇ ئارقا ئىشىك بارىكەن، ماۋۇ ئاۋاق دەرۋازىدىن تېخى ھېلىلا كىرىۋاتاتتى، بىردەمدىلا نۆۋەت كەپتۇ» دېيىشلىرىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ كۆرۈشۈش ئۆيىگە كىردىم. مانا، كۆرۈشكۈچىلەرنى ئايرىپ تۇرغان ئەينەك تام، ئورۇق تەنلەر، سارغايغان چىرايلار. ھەر ئىككى تەرەپتە بىردىن تېلېفون كۈنۈپكىسى لاغىلداپ تىترىمەكتە، ئاتا ـ ئانىلار كۆز يېشىنى يوشۇرالمايتتى. بۇنى كۆرگەن قارشى تەرەپ ئازابلانماي تۇرالامتى؟ مەن پەقەت قارشى تەرەپنىڭ لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنىلا كۆردۈم ئەمما يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئەلەملىك، بىچارىلىك تۇس ئالغان سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردۇم.

— جېنىم بالام، ئۆزەڭنى ئاسرىغىن، دوختۇرلارنىڭ گېپىنى ئاڭلا. ئەشۇ ئاق ئالۋاستى سېنى ۋە بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويدى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، غەيرەتلىك بولغىن ...

— بالام، مېنى كەچۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئاچچىقىمغا چىدىماي سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتىمەن. سىرتلاردا يۈرۈپ زەھەر چەككىنىڭنى مەن نەدىن بىلەي...؟

— سەن خاتىرجەم داۋالانغىن، ھېچنېمىدىن غەم قىلما، كېيىنكى ئۈچ ئايلىق پۇلۇڭنىمۇ تۇغقانلاردىن قەرز ئېلىپ تاپشۇرۇۋەتتىم، سەن زەھەردىن قول ئۈزۈپ چىقساڭلار مەن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى جېنىم بالام ...

— قىزىم، بالاڭدىن ئەنسىرىمە، مەن ئۇنىڭغا ياخشى قاراي-مەن. دادىسى دېگەن نائىنساپ ئۇنى تاشلاپ نەلەرگىدۇر يوقالدى، ئاڭلىسام يەنە ئىچىپ ـ چېكىپ يۈرگىدەك. ئەمدى ئۇنى ھەرگىزمۇ ئېسىڭگە ئالما. مەن سېنى ۋە نەۋرەمنى باقالايمەن. ئىلگى-

رى ئالغان قەرزلىرىڭنى بەك ئويلاپ كەتمە، ساقىيىپ چىقساڭ ئىككىمىز بىر ئامال قىلىپ قايتۇرۇپ بولىمىز ...

— مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، دوختۇرلار بىلەن ئوبدان ماسلىشىڭ، سالامەتلىكىڭىز بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىپ قايتىپ چىقسىڭىز بالا بىلەن ئىككىمىز خۇشال بولىمىز. بالىدىن ئەنسىرىمەڭ، قاراڭ ئوبدانلا سەمرىپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ «دادا» دەپ تىلى چىقتى. ھەر كۈنى رەسىمىڭىزنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن، بەزىدە رەسىمىڭىزنى سۆيۈپ ھۆل قىلىۋېتىدۇ. سىزنى دەسلەپ ئەكىرگەندە سىز ماڭا تويدا ئېلىپ بەرگەن ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىمنى ۋە ئالتۇن زەنجىرنى سېتىپ داۋالاش پۇلى تاپشۇرغانىدىم، نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاپام ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى سېتىپ، كەم قالغان يېرىگە ئاكامدىن قەرز ئېلىپ ھېلىلا كېيىنكى ئۈچ ئايلىق پۇلىڭىزنىمۇ تۆلەپ قويدۇم. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، سىز ئادەم بولۇپ چىقسىڭىزلا بولدى...

— دادا، ماڭا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، ھەر كۈنى كەچتە ھەممە بالىلارنىڭ دادىسى مەكتەپكە بالىلىرىنى ئالغىلى بارىدۇ، باشقا بالىلار مېنى سېنىڭ داداڭ يوقكەن دەپ تىللىدى ...

..................................................

دىققەت قىلسام، قارشى تەرەپلەر ئاساسي جەھەتتىن كۆپ گەپ قىلالمىدى بولغاي، ئۇلارنىڭ توختىماي تارامىلىغان كۆز ياشلىرىلا ماڭا ئېنىق كۆرۈندى. مەن چىداپ تۇرالماي ھويلىغا يېنىپ چىقتىم. ئارىلاپ يۈرۈپ، ئىچىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ بولغان ئەمما بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تام تۈۋىدە ئولتۇرغانلار بىلەن پاراڭلاشتىم. زەھەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سەرگۈ-

زەشتىلىرى بىر - بىردىن ئېچىنىشلىقكەن.

كىشىلەر زەھەرنىڭ ئۆزلىرىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى يەتكىچە سۆزلەيدىكەن؛ ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى، ئىناق ئائىلىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى زەھەرنىڭ كاساپىتى بىلەن تامامەن بۇزۇلۇپتۇ؛ قانچىلىغان ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا چىدىماي، كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي كونا كېسەللىرى قوزغىلىپ كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ؛ قانچىلىغان سەبىي بالىلار يېتىم قېلىپتۇ؛ بەزىلەر پەرزەنتلەر زەھەرگە بېرىلىپ كەلتۈرگەن خورلۇقلارغا چىدىماي ئۇلار بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ، ئاخىر چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغاندا ساقچىلارنىڭ ئۇچۇر بېرىشى بىلەن ئىزدەپ تېپىپ قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپتۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ئەۋلاد دېگەن ئەۋلاد - دە، كىممۇ ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن جاننى قاراپ تۇرۇپ تاشلىۋېتەلىسۇن؟ زەھەرنىڭ تويۇقسىز يامراپ قىسقاغىنە ئون يىلدا ئويلاپمۇ باقمىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى، چېتىشلىقى ئىنتايىن كەڭ بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى، ئەمدىلەتىن كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتقان ياكى كۆرۈشكە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھىغا ئۇرۇلغان دەھشەتلىك تىغ ئەمەسمۇ! ؟

— زەھەر چەككەن ئادەم بىر بولسا بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشسە بولىدىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئائىلىدە بىرەيلەن زەھەر ئازابىدا قىينالسا پۈتۈن بىر جەمەت كىشى تىرىك تۇرۇپ دوزاقنىڭ كۈننى كۆرىدىكەن. پۈتۈن ئارمانلىرىڭىز كۆككە سورۇلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئىتنىڭ كۈنى ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

— زەھەر ساتقۇچىلارنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم دوزاقتا بېرەر، ئۆزەڭگە قىلارسەن ئىپلاسلار!

مانا بۇ ئەشۇ تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سادda
ئەمما چىن يۈرەك ساداسى. يامان يېرى ئىش بىزنىڭ ئىرادىمىز-
گە باقمايدۇ. يەر شارى ھېلىغىچە نى - نى بالا - قازالارنى،
ئىپلاسلىقلارنى، تەڭشەكسىز كەچۈرمىشلەرنى، مەينەتچىلىكلەر-
نى كۆتۈرۈپ كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆتۈرىۋېرىدۇ. قۇياش
غەرب تەرەپكە ئۆتسە ھامان كېچە بولىۋېرىدۇ. سىز ھېلىقى زەھەر
سودىگەرلىرىگە خۇدادىن دوزاق تىلىگىنىڭىز بىلەن ئۇلار: «نې-
سىدىن تەلىيىم يوق» دەپ ھەممە جەننەتنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ،
پەيزىنى سۈرۈپ بولدى. دوزاق بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە كارى دەي-
سىز...

شور بۇلاقتىكى يەكشەنبە ئەنە شۇنداق ئۆتتى. مەن دەرۋازى-
دىن چىقىۋېتىپ «ئاقساراي» غا قارىدىم. ئۇنىڭ بۇ تەرەپكە
قارىغان دېرىزىلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. ھەر بىر قەۋەتتىكى ھەر
بىر دېرىزىلەر بوش قالماپتۇ، ياتاقتىكى يىگىتلەر، قىزلار ...
ھەممەيلەن دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتقا كۆز تىكىپتۇ. ئۇلار نەگە
قارايدىكىنە؟ ھويلىغا قاراپ تاماشا كۆرۈۋاتامدۇ ياكى كىملەرنىدۇ
تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتامدۇ؟ مەن بىلىپ بولالمىدىم. ھارغىن
پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، ھېلىقى دېرىزىلەردىن، قورۇدا پات-
پاراق بولۇپ يۈرۈشكەنلەردىن يىراقلاپ كەتتىم. مېنى يەنە جىق
ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ. خەير - خوش، قان - ياشقا تولغان شور
بۇلاق.

## بەش ئوغۇلنىڭ ئانىسى

مەن ئۇنى ياشلار باغچىسىنىڭ كەينىدىكى غېرىبانە بوتكىسىدىن تاپتىم. بۇ بوتكا ئۇنىڭ دۇككىنى ھەم ئۆيىكەن. بۇنى قانداقمۇ ئۆي دېگىلى بولسۇن؟ بولۇپمۇ ياشانغان ئانا ئۈچۈن بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ مۇشۇنچە ياشقا كىرگىچە تۇتقان ئۆيىنىڭ تايىنى بولمىسا، سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟ ياق، ئانىنىڭ راۋۇرۇس ئۆيى بولغان، ئۆزىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن قارا كۆز پەرزەنتلىرىمۇ بولغان. ئوغۇل بالا دېگەن بىر ئائىلە ئۈچۈن تۈۋرۈك. ئانىنىڭ بىر ئەمەس، بەش ئوغلى بولغان. ئاتا - ئانا ئىككىيلەن بۇ بەش ئوغۇلدىن پەخىرلىنەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۇلارغا باغلايتتى. ئۆزلىرىنىڭ بەش بالىنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن تارتقان ھېسابسىز جاپالىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، بىخارامان ياشاۋاتاتتى. خاتىرجەم تۇرمۇش، خۇشال كۈلكە، پەخىرلىنىش دېگەنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىنجان نەچچە ئون يىل جاپا تارتىپ، گاھ ئاچ، گاھ توق، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ پۇل تېپىپ ئاتا - ئانىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەن ھەتتا ئىككى ئىنىسىغىمۇ كىرا ماشىنىسى ئېلىپ بەرگەنىدى. پاجىئە دەل مۇشۇ چوڭ ئوغۇلدىن باشلاندى. كاناي ياللۇغىغا ئاق تاماكا (خروئېن) پايدا قىلارمىش! ئۇنىڭغا بۇ دورىنى كىمنىڭ بۇيرىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. «كېسىلىمگە دورا يەۋاتىمەن» دەپ قويۇپلا ئانىنىڭ، ئايالىنىڭ، بالىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنى «يەۋەردى». مۇشۇ كۈنلەردە بىز خەقنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن

سۆزلەشكەن، ئۇچراشقان زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ زەھەرگە بېرىلىش جەريانىنى بىرەر كېسەلگە باغلايدىكەن. زەھەر چېكىشنىڭ ئۆزى بىر ساقايماس كېسەل تۇرسا، ئۇنىڭغا كىم شىپالىق قولىنى سۇناتتى؟ شۇنداق قىلىپ ئىمىنجاننىڭ زەھەر چېكىش ھاياتى باشلاندى. ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ گاللىرى قىچىشتى بولغاي «دورا» يېيىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. چېكىش، يېتىپ ئۇخلاش، تۈگىمەس بەزمىلەر ... بىلەن كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى. زەھەر چەككەن، بولۇپمۇ زەھەر چېكىش بىلەن ئەيشى - ئىشرەتنى بىللە ئېلىپ ماڭىدىغانلار ئادەتتە پەرزەنت، مېھرى - ۋاپا دېگەنلەرنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئىمىنجانلارمۇ بالىسى ئىلھامجانغا ئادەم بولۇش توغرۇلۇق ئىلھام بېرەلمىدى. بەلكى بىچارە بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ «ياشاش» لىرىدىن «ئىلھام» ئېلىپ، مەينەت كوچىلارغا كىرىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپ قويىنىغا كىرىپ قەلبىنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتماقچى ئىدى. ناچار ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇ مەكتەپتىن قالدى. مەكتەپتىن قالدى دېگەن سۆز بىر سەبى بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەلگۈسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تۇققۇز ياشقا كىرگەن ئىلھامجان كوچا باللىرى توپىغا قوشۇلۇپ زەھەر چېكىشنى باشلىدى. ھەرقانداق ئىش چېكىدىن ئاشسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئىمىنجانلار ئائىلىسى بەختلىك، پۇلدار ئائىلىدىن زەھەر ئائىلىسىگە ئايلاندى. زەھەر دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بولسۇن ئادەمنىڭ يەيدىغان رىسقىنى بوغىدۇ، ھاياتلىق يىلتىزىغا پالتا چاپىدۇ. زەھەر چېكىپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلار ئۆزىنىڭ ئەمەل سىرتىمىقىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلى-

قىنى ھېچقاچان ئۇيلاپ يېتەلمەيدۇ. ئىمىنجانلارمۇ شۇنداق بولدى. 1998 - يىلىنىڭ قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە ئىمىنجان ئاۋۋال كەتتى. نىجىس زەھەر ئۇنى تىنىقتىن توختاتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئايالىمۇ كۆز يۇمدى. زەھەر بازىرىدىكى ئىككى «ئىستېمالچى» زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ دوزىقىدا كۆيۈپ تۈگىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى، زامان، ماكان، ئەۋلاد ئالدىدىكى پەرزلىرىنى تېخى ئادا قىلالمىغان بۇ ياش ئاتا - ئانا تاپقان - تەرگەنلىرىنى ئازراقمۇ قالدۇرماي ئىس- تۈتەككە ئايلاندۇرۇپ، پەرزەنتلىرىگە ۋە ياشىنىپ قالغان ئاتا- ئانىسىغا تۈگىمەس خورلۇق، دەرد - ئەلەملەرنى قالدۇرۇپ ئۇن- تۈنسىز كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى، جان تالىشىش جەريانى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. ئەسىرىمىز ھېلىمۇ ئەلەم بىلەن تولۇپ كەتتى، شۇڭا بۇ جەرياننى قىسقارتايلى. كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان بۇ پاجىئەلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىچارە بوۋايچۇ؟ مانا ئەمدى، پەرزەنتلىرىنىڭ زەھەر چېكىپ «ئۆلۈۋېلىش» لىرى، باشقا ئوغۇللىرىنىڭ ھەتتا نەۋرىسىنىڭمۇ زەھەر چېكىپ مەينەتچىلىك ئىچىدە يۈرۈشلىرى ··· بوۋايغا ئېغىر كەلدى. ئۇزاق مەزگىل كۆپ ئازابلىنىش ۋە ئاچچىق يۇتۇش سەۋەبىدىن، ئارزۇ - ئىستەك، ئېغىر يۈك ۋە پىغانلارنىڭ ھەممىنى ھېلىمبانۇ ئانىغا قالدۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بىر چاغلاردا، بوۋاي بەش ئوغۇلنىڭ جاپاسىنى يەتكىچە تارتىپ چارچاپ كېتىۋاتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەش ئوغۇلنى ساق - سالامەت چوڭ قىلىشقا بېغىشلىغان ھېلىمبانۇ ئانىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ: «خوتۇن، بەرداشلىق بەرگىن، ئوغۇل بالا تۇغۇپتۇ دېسە پۈتۈن جاھان تەۋرەپ كېتەرمىش، ھېسابتا سەن جاھاننى بەش

قېتىم تەۋرەتتىڭ. ئوغۇل بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىغا يۆلەك، ئوغۇل بالىسى يوق كىشىلەرنىڭ ئېغىر كۈنلەردە يۆلەكسىز قېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسەن؟ بىرەرسىمىزنىڭ ئەجلى توشۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلساق، بەش ئوغۇلنىڭ تۆتى جىنازىمىزنى كۆتۈرىدۇ، بىرسى جىنازا ئالدىدا يىغلاپ ماڭىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەيتتى. ئەپسۇس، بوۋاي ئەرزائىل بىلەن جان تالىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىمبانۇ ئانىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، بىرەر ئوغلىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى. ھەتتا بوۋاينىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويغىلى ئېلىپ ماڭغانلار ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەمەس بەلكى مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت ئىدى. ئەشۇ «تاغدەك يۆلەكلەر» قېنى؟ بوۋاينى ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ماختاندۇرغان يىگىتلەر قېنى؟ بوۋاينىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، جاپاكەش ئانىغا بەرگەن تەسەللىيلىرى نەگە كەتتى؟ بوۋاينىڭ ئۆلۈمىدىن ئېچىنغان، قايغۇرغان ئانا يىغلاۋېرىپ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ يېقىلغاندا ئۇنى يۆلەشكە، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە بىرەر ئوغۇل چىقمىدىغۇ؟ ئۇلار زەھەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى قوغلىشىپ كەتتى. ئەشۇ ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە چوڭ ئوغۇل ئۆلدى، قالغانلىرىنى چالا ئۆلۈك دېسەك بولىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ روھى، ئىنسابى ئۆلۈپ بولدى.

ئەمدى، مۇنۇ يالغۇز قالغان ئانىغا — بەش ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا قاراڭ! ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا ـ قازالارغا، دەرد ـ ئەلەم ۋە سەتچىلىكلەرگە چىداپ تۇرالماي، كۆزىگە زەھەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ شەھەردىن كېچىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى قاراشەھەر ئويمانلىقىغا كېتىشنىمۇ ئويلىدى. ئەمما، ئانىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇنى توختىتىپ

قويدى. ئۆيلۈك - ئۇچاقلىق بولۇپ، چوڭ بىر ئائىلىنى قۇرۇپ، بەش ئوغۇلغا ئانا بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى يالغۇز كەتسۇن- مۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بىچارە ئانا زەھەر ئازابىدا قىينىلىۋاتقان، يۇرت - يۇرتلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئوغۇللىرىنى ئويلىغىنىدا، كىچىككىنە تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىز قالغان نەۋرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇلارنى يەنە داۋاملىق قۇتقۇزۇش، ئېچىنىشلىق رېئاللىق- قا يۈزلىنىپ، يىمىرىلگەن، «قارا داغلار» ئارىسىدا قالغان ئائى- لىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئۇ پەرزەنتلى- رىنى زەھەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى يېڭى ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن، ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممى- نى سېتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىككىنچى ئوغلىنى مىڭ تەستە ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ ئەكەلدى. ئەمما ئۈچىنچى ئوغلىنى يەنىلا تاپالمىدى. بۇ يىل 4 - ئايدا ئەڭ كىچىك ئوغلى بىلەن نەۋرىسىنى مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى. ئۆيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پارچە گىلەمنى سېتىپ، قولۇم - قوشنىلىرىدىن ئاز - تولا قەرز ئېلىپ، 6 - ئايدا ئۇلارنى قايتۇرۇپ چىقتى. ھازىر ھېلىمبانۇ ئانىنىڭ بەش ئوغلى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، نەلەردە تۇرۇۋاتقانلى- قىنى بىلىپ بولالمىدىم. مېنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى شۇ- كى، پەرزەنتلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە داۋاملىق ياشاشقا بەل باغلىغان مېھرىبان ئانا ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىۋې- تىپ، سىرتتىن بىر ئېغىزلىق بوتكىنى ئىجارىگە ئالدى، يېرد- مىنى دۇكان قىلىپ ئانچە - مۇنچە مال سالدى، يېرىمىغا بىر كارىۋات قويۇپ يېتىپ - قوپىدىغان جاي قىلدى. بەش ئوغۇلنى

ئوغۇپ، مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلغان، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق-
راق ئۆمرى بالا ئىشقىدا كۆيۈپ ئۆتكەن ئانىنىڭ ئەڭ ئاخىرى
ئېرىشكىنى مۇشۇ مىسكىن كەپە بولدى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن،
سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ سىز زەھەرگە، زەھەر ئەتكەسچىلىرى-
گە يەنە نېمە دەيسىز؟ بۇ پاجىئەلەر سىزنىڭ مەسخۇشلۇقتىن
چۆچۈپ ئويغىنىپ بېشىڭىزنى ئىتتىك بىر سىلكىۋېتىشىڭىزگە
تۈرتكە بولارمۇ ياكى ئەۋلادلىرىڭىزنى — «ئوقۇيمەن»، «دوس-
تۇمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن»، «ئوقەت قىلىمەن»، «ئىشلەيمەن»
، «چايغا بارىمەن» دەپ كېتىپ بارغان ئوغۇل - قىزلىرىڭىزنى
ئېسىڭىزگە سالارمۇ؟

× × ×

ئاڭلىسام، يېقىندا بىچارە ئانىنىڭ ئەشۇ مىسكىن كەپىسىگە
ئوغرى چۈشۈپ، دۇكاندىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى
ھەتتا ئۇنىڭغا تاتلىق كۈنلەرنى ئەسلىتىدىغان ئەلبوملارنىمۇ ئې-
لىپ كېتىپتۇ. كۈنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئانا يەنە باشقى-
لاردىن قەرز ئېلىپ، دۇكىنىغا ئاز - تولا مال سېلىپ تىرىكچى-
لىك قىلىۋېتىپتۇ. ئانىنىڭ شۇ قەدەر چىدامىلىقلىقىغا ھەيران-
مەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بېرىپ ئۆچەي - ئۆچەي
دەپ قالغان ھايات شامىنى ياندۇرۇۋاتقان بۇ ئانىنى يەنە قانداق
تەقدىر كۈتۈپ تۇرغاندۇ - ھە!

## كۆز تەككەن ئۈچ «مەلىكە»

ئۇلار 90 - يىللارنىڭ بېشىدا كەينى - كەينىدىن ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. خېلى كۆڭۈلدىكىدەك خىز-

مەت ئورنىغىمۇ ئىگە بولدى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق، پاكىز چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان بۇ ئۈچ ئاچا - سىڭىلدىن پەخىرلەنـ ـگەن ×× ئاكا ئۇلارنى ئەركىلىتىپ: «قىزلىرىم، ئاناڭلار بىلەن ئىككىمىز سىلەردىن رازى، بىز سىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمىز، قەدىرلەيمىز، سىلەر ئائىلىمىزنىڭ مەلىكىسى. ئۇلۇغ خۇدا سىلەرنى كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدـ ـدىن ساقلىسۇن. ئائىلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى سىلەردە» دەيتتى. بۇ ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز تەڭلا چوڭ بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بوۋاي ئەمدى ئۇھ دەپ ئارام ئالىدىغان چاغ كەپتۇ، دەپ ئويلاپ پېنسىيىگە چىقىۋالدى. ئىشـ ـلەپ ئۆگىنىپ قالغاچقىمىكىن، موماينىڭ تۇسۇشلىرىغا جاۋاـ ـبەن: «باللار چوڭ بولدى، ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىدىـ ـغان گەپ، تەڭ - تۇشلىرىدىن چېنىپ قالسا بولمايدۇ، پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى بولغاندىكىن ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ تۇراي» دەپ قويۇپ، ئەتىسى - ئاخشىمىسى قاساپچىلىق قىلدى. مومايـ ـمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيكە - زاسۇي سېتىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قوللىرى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يەتكىدەك بولدى. باشقىلار تەرىپىدىن «مەھەللىنىڭ گۈللىرى» دەپ تەرىپـ ـلىنىدىغان ئۈچ ئاچا - سىڭىل ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكىدەك بولۇپ يېتىلدى. خۇدا ئۇلارنى كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلاشنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ قانداق، ئۈچ مەلىكىگە كۆز تەگدى. كىچىك قىزىنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاتاـ ئانا گاڭگىراپلا قالدى. خروئىن دېگەن نېمە، ئۇنىڭ زەھىرى قانچىلىك، دېگەنلەرنى ئۇلار بىلمەيتتى. ساددا بوۋاي دەسلەپتە

قىزىغا نەسىھەت قىلىپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزىنىڭ چىراي - تۇرقىدىكى ناچار ئۆزگىرىشلەر بوۋاينى ئەندىشىگە سالدى. ئۇ بىر مەزگىل قىزىنىڭ ئىزىدىن قالماي قاتراپ ئۇنى كۆزەتتى، ئىزدىدى، سورۇشتۇردى. بىچارە قىزنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش كويىدا قانچىلىغان كېچىلەرنى خىلۋەت كوچىلاردا، كىشىلەر ئىشىكىدە، تۆت كوچا ئېغىزلىرىدا ئۆتكۈزدى. بىراق ئۇ كېچىككەندى. كېيىنچە، قىزنى يېقىلغان يېرىدىن يۇدۇپ ئەكىلىپ داۋالىتىشقا كىرىشتى. ئۆزىگە يېتەرلىك «شارائىت»، ئەرزان زەھەر ئىزدىگەن قىز بوۋاينىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن قەتئىينەزەر، گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتتى. قىزىنىڭ «بىتەلەي» بولۇپ قالغانلىقىدىن ئازابلىنىپ يۈرگەن ئاتا - ئانا تېخىمۇ چوڭ ئەلەمنى كۆتۈۋالدى. چوڭ ئوغلى كېسەل سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگەن بىلەن تەڭ ئۆلگىلى بولامدۇ؟ ئۇلارغا ياش تۆكمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. تىرىكلەرنى ئىزدەش — ھالاكەت ئېغىزىدىن قايتۇرۇپ كېلىش تېخىمۇ مۇھىم. بوۋاي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قاچقۇن قىزىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچىدىكى ساقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قىز ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى ھەمدە زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىدا داۋالاندى، تۈرمىلەردە ياتتى. ئاتا - ئانا بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان روھىي بەدەل ۋە ئىقتىسادىي بەدەل تۆلىدى. قىزمۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلدى. ئۇ بىر مەزگىل تىنچ يۈرگەندىن كېيىن مەھەللىدىكى دوستلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى بىللە «ئويناپ» ئۆتكەن ھەمراھلىرى بىلەن يەنە تېپىشىۋالدى. زەھەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا، ئىللىق ئائىلىگە قالدۇرمىدى.

خوش، ئۇ ئەمدى شۇ زەھەر ئىلكىدە جان تالاشقاچ تۇرسۇن. شۇنداق ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاي باشقىلارنىڭ: «يەنە ئىككى مەلىكىڭىز بار، ئۇلارغىمۇ قاراپ قويارسىز، ئۇلارمۇ چېكىدىغاندەك قىلىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. «يال-غان! دەيتتى بوۋاي كۆڭلىدە، — ھەممىسى يالغان، ئۇلار باغرى يۇمشاق قىزلىرىم تۇرسا، زەھەر ئازابىدا قىينىلىۋاتقان سىڭلى-سىنى كۆرۈپ ياش تۆككەن تۇرسا، ئۇلار ئۇ يولغا قانداق ماڭ-سۇن؟ ياق، مېنىڭ ئىككى مەلىكەم ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇلار بولسىمۇ بىزگە ھەمراھ بولىدۇ، بىزگە ئىچى ئاغرىيدۇ... » ئەپسۇس، رېئاللىق شۇنداق ئىدى. زەھەر ئۇلارنىمۇ ئۆز ئىل-كىگە تامامەن ئېلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئائىلىدىكى ئەڭ كىچىك ئوغۇلنىڭ زەھەر چېكىپ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى كەل-دى. بوۋاي بىلەن موماينىڭ يۈرەكلىرى زەرداپ بولدى، كۆزلى-رى ياشقا تولدى. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ سارغايغان چىرايىنى، خۇنىك كۆزلىرىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، بۇ پاجىئەلىك قىس-مەتنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى. بەزىلەر، «قىزلىرىڭىزغا كۆز تەگدى» دېسە، يەنە بەزىلەر، «جەمئىيەت ئۇلارنى بۇزۇۋەتتى» دېدى. يەنە بەزىلەر، «بىزنىڭ بۇ ئېزىز ماكانغا كۆز تەگدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ، بىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ خۇدا ئالدىدا ئۆتكۈزگەن كەچۈرگىسىز گۇناھلىرىمىز بار ئوخشايدۇ، يەنە ئەتە-ئۆگۈن كۆرگۈلىكىمىز باردەك قىلىدۇ» دېيىشتى. ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ. دەرد كەلگەندە ئادەم سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق، ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى. «ھەر زامان پاناھىمدا ساقلايمەن» دېگەن خۇدا يەنە بەندىسىگە «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزەڭدىن» دېگەن-

نىمۇ قوشۇپ قويۇپتىكەن. بۈگۈن ھەممىمىزنى ئازابلايدىغىنى دەل مۇشۇ ھەقىقەت. بىز ئۇنى رېئاللىقلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇ- رۇپ كۆرسەكلا بولىدۇ.

بېچارە بوۋاي «كۆز تەگكەن» مەلىكىلىرى ھەققىدە توختى- لىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ نادامەت چەكتۇق. مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدۇق. زەھەر سىرتمى- قىدىكى ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدى- كەن. بىز غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ئون يىلدىن بۇيان ئىككىمىزنىڭ يىغىلىپ قويۇپ تاپقان پۇللىرىمىز ئۇلارنىڭ زەھەر چىقىمىغا، داۋالىنىشىغا يەتمىدى. ھېلىھەم ئۇلار كۆز ئالدىمىزدىلا ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ سېتىپ زەھەر چېكىۋاتىدۇ. كۆرمىڭ قېتىم زەھەرسىزلەندۈردۇق، داۋالاتتۇق، قايتىپ چىقىپ تەك- رار- تەكرار چېكىۋەردى. ئەمدى ئويلىسام، زەھەرنىڭ يىلتىزى جەمئىيەتتە ئىكەن، زەھەر ساتقۇچىلارنىڭ تەلىپى ھامان ئوڭ- كەن. بۇنىڭغا ماسلىشىپ، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قىسقىغىنە ئۆمرىدە مەردانە ياشاش ئىرادىسى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ھاياتقا بولغان ئېتىقادى سۇسلىشىپتۇ، ئۆزىگە كەلگەن زىيانكەشلىكنى رەت قىلىشنى بىلمەيدىكەن. مەن تۆت بالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن، زەھەرنى ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا مەجبۇرىي كەپلەپ قويمىغان- لىقىنى، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يوقتۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندىم. مانا قارىمامسىز، ھەر قانچە تىرىشساممۇ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرالمىدىم.

ئۇلار ئۇچۇن تۆلىگەن ئىقتىسادىي بەدەللەرنىڭ ھېسابى يوق. ھەرەمگە نەچچە ئون قېتىم بېرىپ كېلىشكە يەتكۇدەك خىراجەت ئىس - تۇتەككە ئايلىنىپ تۇگىدى. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇلار ھالاكەتكە قاراپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يېقىنلاشماقتا. بىرسى تۇرمىدە، بىر قىزىم ×× ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا ئېڭراپ ياتىدۇ. ئىككى قىزىم تۇرمىدىن چىقىپ يەنىلا شۇ «يول» نى تاپتى بولغاي. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە زەھەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ...»

× × ×

قەدىرلىك دوستلىرىم، بۇنىڭغا نېمە دېگۇلۇك؟ بۇنداق قىسمەتتىكى ئادەملىرىمىز قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. بىز ئۇلارغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىمىز؟

## «بەڭگى» بوۋاق

ئۇرۇمچىنىڭ «بۇلاق بېشى» ئەتراپىدا بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە شۇنداق بىر رېكورت يارىتىلغان، ئۇششاق تىجارەت قىلىپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپقان قۇربان توي قىلىپ ئىللىقىنە بىر ئائىلە قۇرۇۋالغانىدى. «ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان» ئادىتىمىزغا ئۇمۇ ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىچارە كۇلكىسىنى باشلىدى. زەھەر چېكىۋاتقان ئاغىينىلەردىن، ھاياتنىڭ «پەيزى» نى سۇرۇۋاتقان نوچىلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۇچۇن، بۇ ياش قۇربان ئايالىنىڭ قايتا - قايتا توسۇشلىرىغا «ئىشىڭنى قىل، تاماكا دېگەننى پۇلى بار ئادەم چېكىدۇ، مېنى قەلەندەر كۆرۈۋا-

تامسەن؟» دەپ قويۇپ، ئەشۇ نجىسنى بىر چېكىم - ئىككى چېكىمدىن چېكىپ ئۆزىنى «خوش» قىلىپ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتىدى. ئايالىنىڭ ئازغۇن ئەرگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشلىرى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي، زەھەر يولىغا ئايالىنىمۇ مەجبۇرىي باشلاپ كىردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۆيگىمۇ ئوخشىماي قالغان تۆت تامنىڭ ئىچىدە سادىق «ئىستېمالچى» بولۇپ كۈنلىرىنى بىر پارچە نانغا زار قۇلدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەر - خوتۇن ئويلىمىغان يەردىن بالىلىق بولۇپ قالدى. تەلەيسىز بوۋاق ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يەتكىچە قىينىلىپ، ئاخىر زەھەر تۇمانلىرى قاپلىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا رىسقى بار. لېكىن، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئېچىنىشلىق تەقدىردىن ئۇ قانداقمۇ خەۋەر تاپالىسۇن؟ ئادەمگە ئوخشىماي قالغان ئاتا - ئانا دەسلەپتە باشقىلاردىن زەھەر ئېلىپ سېتىپ تاپقان پۇلىنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى بالىغا سۈت ئېلىپ بېرىشكە سەرپ قىلىپ، قالغىنىغا ئۆزلىرىنىڭ خۇمارىنى پەس قىلىپ يۈردى. كېيىنچە بۇنداق ئىمكانىيەت ناھايىتى ئاز بولدى. بالا بىرەر ۋاخ سۈتمۇ ئىچەلمىدى. بالىنىڭ يىغىسى، زەھەرنىڭ خۇمارى ئۇلارنى تازا قىينىدى. بىر كۈنى قۇربان ئايالى بىلەن زەھەر چېكىۋېتىپ، بالىنىڭ تۇيۇقسىز يىغىدىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە بىچارە بالا ئاچ قورساق يىغلايتتى. لېكىن ئارىلىقتا ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا زەھەر چېكىشى بىلەن ئۇمۇ زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىپ، زەھەر ئىسىنى سۈمۈرسىلا يىغىدىن توختاپ ئۇخلاپ قالىدىغان بۇ پاجىئە قۇربان ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا «ئوڭايلىق» تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ خۇمارى تەڭلا تۇتقان كۈنلىرى «ئۇخلاپ قالغان» بالىنى ئۆيدە يالغۇز

قويۇپ، ئۆزلىرىگە «داۋا» ئىزدەپ كوچىغا چىقىپ كېتىشۈپىرىدىغان بولدى. زەھەر تېپىپ كىرىپ چېكىپ ئۇنىڭ ئىسىدا بالىنىمۇ قاندۇرۇپ، بالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغاندا ياكى ئۆزلىرىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ بالىنى تاماشەن ئۇنتىغاندا بۇ «ئۇسۇل» دىن پايدىلىنىپ كېتىشەردى. بوۋاق سۈتكە — ئانا سۈتىگە تەشنا ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئانا سۈتىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاش ھوقۇقىنى بۇ ئاتا - ئانا دەپسەندە قىلدى. ئۇنىڭ رىسقىنى تارتىۋېلىپ ئىس - تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بارمۇ - يوق؟ ھايۋان جېنىدا بالىلىرىنى بۇنداق قىينىمايدۇ.

ساقچىلار ھەر قېتىم بۇ ئەر - ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركىزىگە ئېلىپ بارغاندا، ئۇلار بۇ «بەگگى» بوۋاقنى بىللە ئاپىرىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ «سولاق» تىن قۇتۇلدى. تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا يەتتە ئايلىق بولغان بالىنى چوقۇم بىر ئادەم بېقىش كېرەكتە. بىراق، ئۇلارنىڭ بىرسى بۇنى باھانە قىلىپ چىقىۋالسىلا يەنە داۋاملىق چەكتى ۋە بالىغىمۇ زەھەر ئىسىنى پۈلەۋەردى. شۇڭا ساقچىلار بالىنى دوختۇرخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى. پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بالا دوختۇرخانىدا ئۇچ ئاي «تاماكا تاشلىدى» …

× × ×

زەھەر شىنجاڭغا كىرگىلى ئون يىلدەك بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كاساپىتىدە نى - نى ئادەملەر ۋەيران بولۇپ، نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەر بۇزۇلدى، ئەۋلادلار يېتىم قالدى. بۇ ھەممىمىزنى ئازابلايدۇ. بىراق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ

ئۆزلىرىدىن تۆرەلگەن بوۋاقنى زەھەرگە خۇمار قىلىشى پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان پاجىئە. بۇ رېكورتنى بىزلەر يارىتىۋاتىمىز، بۇ سەتچىلىكنى بىز مۇشۇ زېمىندا كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىمىز. بىزنىڭ خۇدا ئالدىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمىز خېلى كۆپ ئىدى. ئەمدى بۇ سەتچىلىكنى ئۇ قانداقمۇ كەچۈرەلەيسۇن! ؟

## ئەرلىرىمىزنىڭ غورۇرى نەگە كەتتى؟

زەھەرنىڭ زىيىنى ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىمدە، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇ چاغلاردا، بىز ھەمىشە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىقىپ دوستلار بىلەن بىللە دۆڭكۆۋرۈككىچە پىيادە كېلىپ كېتەتتۇق، سەيلە قىلاتتۇق ياكى «روس كۇلۇپ» قا كىنو كۆرگىلى كېلەتتۇق. بىر - بىرسىدىن قاملاشقان مەغرۇر يىگىتلەر بىزگە قەدەمدە بىر ئۇچ- رايتتى. ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ «يەرلىك» بولغانلىقىدىن پاي- دىلىنىپ دوستلىرىمىزنى ئۇرۇۋالسىمۇ، ھاراق - تاماكا دېگەن- دەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشكە زورلىسىمۇ ئۇلارغا كۆڭلىمىزدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايتتۇق. چۈنكى ئۇلار بىزگە ھەر ھالدا مەدە- نىي، سىرلىق بولۇپ تۇيۇلغاچقا ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتۇق. تويلار- غا، تانسىلارغا بارساق ئەشۇ «يەرلىك» يىگىتلەرنىڭ پەزىراتتەك قىزلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ مەغرۇر مېڭىشلىرى ۋە چىرايلىق تانسا ئويناشلىرى بىزنى مەھلىيا قىلاتتى. پۈتۈن كوچىلار، سو- رۇنلار شۇلار بىلەن تولغاندەك، شۇلار ئۈچۈن ھازىرلانغاندەك

كۆرۈنەتتى. شەخسەن مەن ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزلىرى، ھەر بىر ئىش ھەرىكىتى ۋە يۈرۈش تۇرۇشلىرىغا قاراپ مىللىتىمىزنىڭ قىزغىن، چىرايلىق ئىز باسارلىرىدىن ئۆزەمچە پەخىرلىنەتتىم. ئەپسۇس، بۈگۈن بىز ھەرقانداق جايدا بۇنداق كۆرۈنۈشنى ئۇچرىتالمايمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى شەھىرىدە ئەنە شۇ چاغلاردا «مانامەن» دەپ ياشاۋاتقان تونۇش چىرايلار بۈگۈنكى كۈندە يوق دېيەرلىك. ئۇلار نەگە كەتتى؟ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاق ئالۋاستىغا يەم بولۇپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپتۇ، تىرىكلىرى تۈرمىلەردىن ئورۇن تۇتۇپتۇ.

زەھەرنىڭ سېھىر كۈچى ئەشۇ بىر ئەۋلادنى كېرەكتىن چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم ئەرلىرىمىزنىڭ غۇرۇرىنى تۈگىتىشۋەتكەندەك قىلىدۇ. بىز ئۆزىمىز ئېنىق بىلگەن مىساللارغا (بىز بىلمەيدىغان پاجىئەلەر كۆپ) قاراپ باقايلى:

×× ئائىلىدە 70 - يىللاردا بىر مېھرىبان ئانىدىن كەينى-كەينىدىن ئۈچ قىز تۇغۇلىدۇ. ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان ئەر بىچارە ئانىنى «ئوغۇل تۇغمىدىڭ» دەپ ھاقارەتلەشكە باشلايدۇ، ئۇنى كۆپ قېتىم قاتتىق ئۇرىدۇ ھەتتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئانا كۈتۈلمىگەندە ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ ئەرنى قالتىس خوش قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكى ئىناقلىق، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىدۇ. دادا بولغۇچى بۇ ئىككى ئوغۇلنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىدۇ. ئوغۇللار چوڭ بولۇپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان كۈندىن باشلاپ، بالا-قازانىڭ باشلىنىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن دەيسىز. ئەتىۋارلىق

ئوغۇللار 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭغا داغ تەگكۈزۈشكە باشلىغان زەھەرنىڭ دامىغا چۈشىدۇ. ئۇلار دادىسىدىن ئەركىلەپ تۇرۇپ ئالغان بىر تۇتام ـ بىر تۇتام پۇللارغا زەھەر سېتىۋېلىپ چېكىپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆككە سورىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن دادا ئىككى بالىسىنى مەينەتچىلىك ئىچىدە ئېگراپ ياتقان يەرلىرىدىن تېپىپ ئەكىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ زار ـ زار يىغلايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يولدىن يېنىشىنى ئۆتۈنىدۇ. بىراق، بۇ يول «بارسا كەلمەس يول» ئىدى. ئوغۇللارنىڭ روھى بۇلغانغان، ئۆلگەن، قەددى بۈكۈلگەن تۇرسا، كۆزلىرىگە زەھەردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىسە، دادىنىڭ ياش تۆكۈشلىرى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەلەمتى؟ بىچارە دادا ئائىلىگە كەلگەن سەتچىلىكلەرگە چىدىماي يىغلاۋاتقان ئانىغا دەسلەپتە قىز بولۇپ تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى مەيۈسلەندۈرگەن، بۈگۈن ئۇنىڭ ئازابلىق كۈنلىرىدە ھەمراھ بولۇۋاتقان قىزلىرىنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ نېمە قىلارنى بىلمەيلا قالىدۇ. پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولۇپ تەلتۆكۈس تۈگىشىدۇ. ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ھەتتا ئۇرۇپ ـ تىللاشلىرىغا چىدىماي خۇداغا كېچە-كۈندۈز يىغلىغان ئانىدىن تۇغۇلغان، دادىسىنى ئەل ـ جامائەت ئالدىدا «غورۇرلۇق» قىلغان بۇ ئىككى ئوغۇل يا ئۆلەلمەي، يا كۈلەلمەي، بىر ئائىلە كىشىنىڭ گۈزەل ھاياتىنىڭ كۈشەندىسىگە ئايلىنىدۇ ...

× × ×

شىنجاڭ قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق × كالونىنىڭ شوپۇرى × كالون بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر، كەسپ-

كە پىششىق، تېنى ساغلام، تەقى - تۇرقى جايىدا، غورۇرلۇق
يىگىت ئىدى. ھەرقانداق ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالا-
يتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىققانلىقىدىن
پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ،
تەلەپچان، ئىقتىسادچىل بولۇپ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەندىن كې-
يىن چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، ئادەمنىڭ مەسلىكى
كەلگۈدەك ئىللىق ئائىلە قۇرۇۋالغانىدى. قىز ئۆزىنىڭ كەسپ-
دىشى بولۇپ، ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
شېرىن ئايلىرىنى تولىمۇ مەنىلىك، تاتلىق ئۆتكۈزۈپ، گۈزەل
ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ خاتىرجەم تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتاتتى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، يىگىت مە-
لۇم بىر «سورۇن» دا ئۆزىنىڭ ئايالىدىن ئانچە قېلىشمايدىغان
ئەمما پۇلدار بىر «پەرىزات» بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ قىز
مەلۇم بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، خېلى «جەمئىيەت
كۆرگەن»، كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ماھىر قىز ئىدى.
دەسلەپتە يىگىت ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئانچە ئېتىبار
قىلىپمۇ كەتمىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەن ھامان ئىللىق
ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرىدى. بىراق قىزنىڭ سېھرى كۈچى
ھەممە ئىشنى ئۆزگەرتىۋەتتى، يىگىتنىڭ تۇرمۇش تەرتىپى بۇ-
زۇلدى. چوڭ - چوڭ رېستورانلاردىكى ئايرىم خانىلار، كاتتا
مېھمانخانىلارنىڭ بېزەكلىك، رومانتىك تۈس ئالغان ياتاقلىرى،
شېرىن سۆز، تاتلىق كۈلكە ۋە قىزنىڭ سومكىسىدىن ئۈزۈلمەي
چىقىۋاتقان پۇل ... يىگىتنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنى ئۆيىگە كېتەل-
مەس قىلىۋەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئىشەنگەچكە ئۇنىڭ يېرىم كېچى-
لەردە كېلىشلىرى ۋە تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ

بەزى كېچىلەردە ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئېغىر ئالمىدى. قىزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ - ئەقىدىسىلا بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن، بۇ كۆڭۈلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى. ھېلىقى «پەرىزات» نىڭ ھۆنەرلىرى يىگىتكە بىر - بىرلەپ يوقۇپ، ئاخىر يىگىت ئۇتتەك «مۇھەببەت» تىن مەست بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا زەھەر تورىغا چۈشتى ھەمدە ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ زەھەرنىڭ «كارامىتى» نى بىلگەندە ھەممە ئىش كېچىككەنىدى. شۇنداق قىلىپ يىگىت ھېلىقى ئالۋاستىغا چەمبەرچەس باغلاندى. چۈنكى يېتەرلىك «دورا» پەقەت ئۇنىڭدىنلا چىقاتتى. كۈتۈلمىگەندە مەنبە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنى داۋاملىق زەھەرلەپ تۇرغان، ئۇنى ئاز-دۇرغان، ئۇنى كۆيدۈرگەن، ئۇنى ھالاكەت يولىغا باشلىغان «بىچارە» مەلۇم بىر ئۆيدە زەھەر سودىسى قىلىۋاتقاندا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ زەھەر خۇما-رى ئۇنى ئازابلايتتى. پاختىنىڭ ئىچىدە ئوتنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. يىگىتنىڭ بىچارە قىياپىتى ئاخىر ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ ئايالى ئەندۇرۇس بىر يىگىتنىڭ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلاندى. بىراق ئۇ كۆز ئالدىدا زەھەر خۇمارى تۇتۇپ سەتلىشىپ كەتكەن بۇ ئەرنىڭ ئۆزى تاللاپ سۆيگەن، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك جورا دەپ تەگكەن ئەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى، ئۇنى بالدۇرقىدەكلا ھۆرمەتلىدى، ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىرىنى ئويلىدى. خېلى كۆپ ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەپ ساقچىلارنىڭ قولىدىن بىر قېتىم قۇتۇل-دۇرۇپمۇ چىقتى. زەھەرنىڭ خۇمارى جائىل خۇمار بولغاچقا، ئايالىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى، ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىشلى-

-رى زەھەر خۇمارىنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئەمدى ئائىلىدىكى مال - مۈلۈكلەر سېتىلىشقا باشلىدى. ئالتۇن زەنجىر، ئۈزۈك، ھالقا دېگەنلەرمۇ تۈگەپ كەتتى. يىگىتنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئۇساللىشىپ، ئايالىنى ئۇرۇپ تىللاپ، ئوتتۇرىدىكى ھايا دېگەن-لەرنى تامامەن تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن زەھەر چېكىشنى ئۇ-نىڭغا مەجبۇرىي ئۆگەتتى. ئۆزى ئىشتىن بوشىتىلغاننى ئاز دەپ، ئايالىنىڭ شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى گۆرۈگە قويۇپ زەھەر چېكىپ، ئاخىر ئۇنىڭمۇ ئىشتىن بوشىتىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. سەتچى-لىك بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. زەھەر ئالىدىغان پۇل يوق، ئۇنى چېكىدىغان ئادەم ئەمدى ئىككى بولدى. يىگىت ئۇچۇن ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىنىڭ زەھەر خۇمارىنى بېسىش بولغاچقا، ئۇ باشقا ئامال قىلىشقا كۆزى يەتمىگەندە باشقا ئەرلەرنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ بىچارە ئايالىنى ئۇلارغا بېرىش بەدىلىگە پۇل تېپىپ زەھەر ئېلىپ چېكىشنى تاللىدى. بىر ئەر ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇنىڭدىن پەس ئىش يوق. زەھەر نۆۋىتى كەلسە مانا مەن دېگەننىڭ غورۇرى-نى پايخان قىلىۋېتەرمۇ؟ ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس بۇ بىچارىگە خۇدانىڭ غەزىپى كەلدىمۇ قانداق، نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ئۆز مەھەللىسىدىكى ھاجەتخانىدا زەھەرنى بىلىكىگە ئوكۇل قىلىۋېتىپ قېتىپ قالدى. ئۇ تىنىقى مەڭگۈلۈك توختاپ، زەھەر خۇمارىنىڭ قىيىنىشىدىن بىراقلا قۇتۇلدى. يامان يېرى، ئۇنىڭ ئايالى، بىر سىڭلىسى ۋە نەۋرە ئىنىسى بۇ «ئۇس-تاز» باشلاپ قويغان يولدا مېڭىۋېتىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «بەڭگى» بولغاندىن كېيىن، ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ ھازىرغىچە سولاقخانىدا ئېگراپ ياتماقتا ...

× × ×

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ×× ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇ-
سىدا بىر جۈپ دەرتمەن ئاتا - ئانا بار. ئۇلارنىڭ ئۆ ئايدىن -
بۇ ئايغا يەتمەيدىغان پېنسىيە پۇلى بىلەن غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈ-
رۈۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولدى. بالا چوڭ قىلىمىز دەپ تارتقان
جەۋرى - جاپالىرى ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئاتا - ئانىنىڭ
جاپالىق ئەجرى بىلەن چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان بۇ يىگىتلەر
ئۇلارغا تۇگىمەس بالا - قازا بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇلار
مېھرىبان ئانىنىڭ هالال سۈتىنى ئېمىپ، ئاتا - ئانىنىڭ مېھرى-
مۇھەببىتىگە قېنىپ چوڭ بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئەترا-
پىدا زەھەر چېكىۋاتقان زەھەرخەندىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن زە-
ھەرگە بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىپ ئاخىر ئۇنىڭدىن
ئاجرىيالماس هالغا چۈشتى. ئانىنىڭ يىغلاشلىرى، ئاتىنىڭ يېلى-
نىپ - يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلىشلىرى ئۇلارغا كار قىلمىدى.
زەھەر چەككەن ئادەم پادىشاھتەك بولۇپ قالىدىغان گەپكەن.
ئۇلار سىزنى تىللىسىمۇ، قاخشاتسىمۇ، سىزگە ئەڭ سەت گەپلەر
بىلەن ئاھانەت قىلسىمۇ بەرداشلىق بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر
ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بەرمىسىڭىز ياكى قاتتىقراق تىگىپ
قويسىڭىز، سىز ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشى بولۇشىڭىزدىن
قەتئىينەزەر سىزگە ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىدۇ، پىچاق كۆتۈرىدۇ
ياكى بولمىسا ئۆيدىن قاڭقىپلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنى ئىزدەپ
تاپالماي ئازابلىنىسىز. دېمەك، هېلىقى يىگىتلەرمۇ بۇ جەھەتتە
ئۆزىنى كۆرسەتتى. بۇلتۇر يازدا تېخى 18 ياشقا ئەمدىلا قەدەم
قويغان بىرىنى ئۆزىگە ساختا خروئېننى ھەددىدىن زىيادە ئوكۇل
قىلىپ قېتىپ قالغان يېرىدىن تېپىپ، ئاتا - ئانىنىڭ يىغىسى
ئىچىدە مەھەللىدىكى ئەل، جامائەت نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكى-

گە قويۇۋېتىشتى. بىچارە ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئىنىسىنى «يامان يول» دىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا، قولۇم ـ قوشنىلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى چىرايلىق بىر قىزغا «چېتىپ» قويۇشتى. ئىللىق ئائىلە، مېھرى ئىسسىق قىزنىڭ كۆيۈنۈشلىرى ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىدى. تېخى يېقىندىلا ئوماق بىر بالىسى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ 15 كۈنلۈك بولغاندا، ھەممە دەرتنى يەنە شۇ ئاتا ـ ئانىغا، ئايالىغا ۋە گۇناھسىز بوۋاققا قالدۇرۇپ، زەھەر تۇمانلىرى ئىچىدە جان ئۈزدى. مانا بۇ ئەشۇ ئائىلىدە، ئاخىرقى ئۆمرىنى قان يىغلاپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ ئا- ئىلىسىدە زەھەر بىلەن ئۆلگەنلەرگە نەزىر ئېشى ئېتىش ئۈچۈن ياسالغان ئوچاقلارنىڭ خېلى ئۇزاققىچە يىمىرىلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

× × ×

ئۈرۈمچىدە «چېگرا رايون مېھمانخانىسى» دېيىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ جايدا روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر- دىن كەلگەن سودىگەرلەر سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەرلىرىمىز بۇ يەرگە توپلىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خوجايىنلار بىلەن چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان سودىغا ياردەملىشىپ، تەرجىمان، تونۇش- تۇرغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ ئارىلىقتىن ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپىدۇ. يامان بولغىنى شۇكى، بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق تىرىكچى- لىك قىلىپ يۈرگەن ئەرلىرىمىز، چەت ئەللىكلەرگە تونۇشتۇر- دىغان مال ئەۋرىشكىسى قاتارىدا ئۆزىنىڭ قىزىدەك، سىڭلىسى- دەك چىرايلىق قىزلارنى كېرەكتىن چىقىرىۋاتىدۇ. × ×

ئەۋرىشكىچى ئەر، ئۇيغۇر، 40 ياشلار ئەتراپىدا. ئۇ «چىگرا رايون مېھمانخانىسى» نىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ كېلىۋاتقىلى خېلى ئۇزاق بولدى. ئۇچ يىللىق زەھەر چېكىش تارىخىغا ئىگە. ئۇ ئۆزىلا چېكىپ ئۆلۈپ تۈگىسە بولاتتى. بىراق، زەھەردىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئەۋرىشكىچى، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەرىزاتنەك ئىككى قىزىمىز (ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ) نى پۇلغا ئۆگىتىپ، ئالداپ قولغا كەلتۈرۈۋالدى. باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن بۇ قىزلارمۇ ئۇنىڭ زەھەر چېكىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالدى. قىزلارغا زەھەرنى چەكتۈرگەندىن كېيىن بۇ يەردە پۇل ناھايىتى ھالقىلىق نەرسىگە ئايلاندى. زەھەر خۇمارى تۇتقان بىر جۇپ پەرىزات ئۇنىڭغا باغلاندى، ئۇلارنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بۇ ئىپلاس ئەرگە ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. ئەر ئۇلارغا بىر چېكىملىك زەھەر بېرىش بەدىلىگە، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇلارنى ئاياق - ئاستى قىلدى. زەھەرنىڭ باھاسى ئالتۇن باھاسىدىن ئېشىپ كەتكەن تۇرسا، قىزلارنى ۋە ئۆزىنى خۇماردىن چىققۇدەك زەھەر بىلەن تەمىنلىيەلەمتى؟ بۇ ئەر ئەمدى قىزلارنىڭ يۇمران تېنىنى «دەسمايە» قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۆزى تونۇيدىغان ئىككى نەپەر چەت ئەللىكنى تېپىپ، قىزلارنى ئۇلارغا سولاپ بېرىپ، پۇلنى ئۆزى ئالىدىغانغا كېلىشتى. قىزلار ھەر قېتىم زەھەر خۇمارىدا قىينالغاندا ھېلىقى چەت ئەللىكلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭ «ھەققى» نى ئۆزلىرى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس ئىدى. قىزلارنى، پۇلنى، زەھەرنى تامامەن ئەشۇ ئەۋرىشكىچى ئەر كونترول قىلىۋالدى. بۇنداق پەسكەشلىك خېلى ئۇزاق داۋاملاشقاندىن كېيىن قىزلارنىڭ تېنىدە كېسەللىك

ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىچارە قىزلار ×× ئامبۇلاتورىيىسىگە كېلىپ تەكشۈرتكەندە، ئۇلارنىڭ ئېغىر جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەمدە پۇل كېرەككۇ؟ قىزلارغا يىغلاشتىن، ھەسرەت چېكىشتىن باشقا يول يوقمۇ؟ ئۇلار كېسەل كۆرپىسىگە ئايلىنىپ، ھېلىقى ئەۋرىشكىچىنى ئىزدىگەندە ئۇنى ھېچقانداق جايدىن تاپالمىدى ...

بىزنىڭ بەزى ئەرلىرىمىز، يۇقىرىقىدەك ئىپلاسلىقنى ئوقەت قىلىشنىڭ يولى قىلىۋالدى. بىز ئەتراپىمىزدا بۇنداق «ئەۋرىشكىچى» لەرنىڭ خېلى كۆپلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالامدۇ؟

× × ×

بۇلاق بېشى كوچىسىدىكى بىر ماگىزىندا ئاممىۋى تېلېفون ئۇرۇۋاتاتتىم. تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كېتەي دەپ تەمشىلىشىمگە خوجايىن ئابلەت ئاكا مېنى چاقىرىپ، كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن بىر ۋاراق ئېلان قەغىزىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئېلانغا مۇنۇلار يېزىلىپتۇ: «ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم شىركەتكە 20 نەپەر ئۇيغۇر كۇتكۈچى قىز قوبۇل قىلىنىدۇ. ياتاق، تاماقنى شىركەت ھەل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 2000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىنكى ئېھتىياجىغا قاراپ يەنە ئۆستۈرۈلىدۇ. تىزىمغا ئالدۇرغۇچىلارنىڭ بويى 1.65 مېتىردىن تۆۋەن بولماسلىقى، يېشى 25 ياشتىن تۆۋەن 18 ياشتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئالاقىلەشكۈچى ×× جان» مەن ئىشخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلاندىكى تېلېفون نومۇر بويىچە ئالاقىلەشكۈچى ×× جانغا تېلېفون ئۇردۇم:

— ھەمكارلاشقانلىقىڭىزغا رەھمەت. مەن ئىچكىرىدىكى ھې-

لىقى شىركەتنىڭ شىنجاڭدا تونۇشلۇق ۋەكىلى.

— ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن مۇلازىمەتچى قىزلارنىڭ تەمىناتى ياخشى بولامدۇ؟

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، قىزلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنسىلا ئۇلار پۇلدىن ۋە باشقا شارائىتتىن غەم قىلمىسا بولىدۇ.

— سىلەرنىڭ شىركەتتە يەنە باشقا ئۇيغۇر قىزلارمۇ بارمۇ؟

— 30 دىن ئارتۇق قىز بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ يېشى سەل چوڭىيىپ قالدى، شۇڭا ئۇلارنى دۆڭبېي تەرەپلەرگە يۆتكىۋېتىمىز، ئورنىغا يېڭىلار ئالىمىشىدۇ.

— ئۇلار سىزگە قانچىلىك پۇل بېرىدۇ؟

شىركەت ماڭا هەر ئايدا 3000 يۈەن بېرىدۇ. كوماندىروپكا خىراجىتى ئۇنىڭ سىرتىدا.

— سىلەرنىڭ شىركەت ئىچكىرىدىكى شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئىچىدىن مۇلازىمەتچى ئىزدىمەي شىنجاڭدىن قىز يۆتكەيدىكىنا؟

— قىزىقكەنسىز. مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان شىركەت خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشنى بىلىشى كېرەك. ئۇ يەردىكى كاتتا سودىگەرلەر، خوجايىنلار هەمدە چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىچكىرىدىكى قىزلارنى تولا كۆرگەن. ئۇلار بىزنىڭ قىزلارغا ئالاهىدە قىزىقىدۇ. بىز شىنجاڭلىق قىزلار ئارقىلىق خېرىدارلارنى، ساياهەتچىلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلساق شىركەت روناق تاپامدۇ؟

— خوش ئەمىسە، شىركىتىڭىز روناق تاپسۇن!

مەن تېلېفوننى شاققىدە قويۇۋەتتىم. هېلىقى ئالاقچى مېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم بېدىكى دەپ بىلىپ قالدى بولغاي

ئۆزىچە پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ دەرد تۆكۈشىگە قارىغاندا، ئۇلار ھەر دۈشەنبە كۈنى سىنىپ - سىنىپلارنى ئارىلاپ ئۈيغۇر قىزلىرىنى يوقلىما قىلىدى-كەن. ئىگىلىنىشچە، يۇقىرىقىدەك بېدىكلەر بۇ مەكتەپتە ئوقۇ-ۋاتقان قىزلىرىدەك، سىڭىللىرىدەك قىزلارنى بىر ئامالالارنى قول-لىنىپ قولغا كىرگۈزىدىكەن. ئەرلىك غورۇرىنى، ئىنساپ، قېرىنداشلارچە مېھرى - مۇھەببەت دېگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەشۇ قىزلارنى «ئۇيۇشتۇرۇپ» ، ھەر جۈمە كۈنى دېڭىز ياقىسىغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانلار بىلەن يولغا سالى-دىكەن. پۇتۇشۇپ قويغان خوجايىنلار ئۇلارنى ئوبدان «ئوينى-تىپ» ، يانچۇقلىرىغا 1000 - 2000 يۈەن سېلىپ قويۇپ، دۈشەنبە ياكى سەيشەنبە كۈنلىرىدىكى دەرسكە ئۈلگۈرتۈپ ئايروپى-لان بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويىدىكەن ... شۇنداق قىزلار-نىڭ بىرسى ئوقۇتقۇچىغا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەشۇ 〈ئاكىلار〉 بىزنى ئەۋەتكەن» دەپلا بولدى قىلغان. توۋا دەيمەن، ئەشۇ «ئاكىلار» قانداق ئادەملەردۇ؟

بۇنداق «بېدىك» لەر بىزدە خېلى كۆپ. ئىگىلىشىچە، ئۇلار بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىلى خېلى يىللار بولدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قىزلارنىڭ ئىشسىز، يۆلەكسىز يۈرگەن-لىكىدىن پايدىلىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، ئېلان چىقىرىپ، ھەر خىل ياغلىما سۆزلەر ۋە چىرايلىق ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ قىزلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل چېنىقتۇرغاندىن كېيىن ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپ مۇلازىمەتكە سالىدۇ. ئۇلار شىركەت ئۇ-

چۈن قىزلارنىڭ چىرايىدىن، زىلۋا بويلىرىدىن، نازۇك تەنلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. قىزلار ئۇ جايلاردا ئۇزاق مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ، زەھەر چېكىدۇ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل جائىل خاراكتېرلىك جىنسىي كېسەللەرنى، ئەيدىز ۋىرۇسلىرىنى يۇقتۇرۇپ كېرەكتىن چىقىدۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلىگەنلىرى بەزىبىر يىگىتلىرىمىزنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئەگەر ئەرلىرىمىزنىڭ — ئەشۇ «ئالاقىلەشكۈچى» ئەرلىرىمىزنىڭ ئۆز پۇشتىغا خاس ئەرلىك غورۇرى يوقالمىغان بولسا سەنئەتچى، ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، مۇلازىمەتچى قوبۇل قىلىمىز دەپ قىزلىرىمىزنى ئالداپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ توشىماس ئىدى.

سەنئەت ۋە باشقا كەسىپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى قىزلارنى ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆيلىرىگە كەتكۈزمەي، دېڭىز ياقىلىرىغا ئاپىرىپ يالىڭاچ ئۇسسۇلغا سېلىپ پۇل تاپماس ئىدى ...

ئەشۇنداق بېدىكلىرىمىز تەرىپىدىن ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر چوڭ شەھەرگە ئالداپ ئېلىپ بېرىلغانلار توپىدىن خورلۇققا چىدىماي قېچىپ كەلگەن بىر قىزنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردە «مۇلازىمەت» قىلىپ يۈرگەن قىزلار خېلى كۆپكەن. ئۇلار دەسلەپتە ھېلىقىدەك «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»لارغا ئىشىنىپ بېدىكلىرىمىزگە ئەگىشىپ بارىدىكەن، ھەر خىل مۇلازىمەتلەرگە مەجبۇر بولىدىكەن، ئاخىر ھەممە نېمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تەقدىرگە تەن بېرىپ، كىملەرگىدۇر قېيداپ، تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ پەيزىنى سۈرىدىكەن. بەزىلىرى جىنايەت يولىغا ماڭىدىكەن، تۈرمىلەرگە سولىنىدىكەن ھەتتا شۇ يۇرت-

لاردا ئۆلۈپ يوقايدىكەن ...

× × ×

مەن قىزلىرىمىزنىڭ ھەر خىل نورمال يول، نورمال كە-
سىپلەر بىلەن ھەرقانداق جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارشى ئە-
مەسمەن، بۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى. بىراق ھېلىقىدەك ئەرلىك غو-
رۇرىنى يوقاتقان ئىپلاس «بېدىكلەر» نىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىش
كېرەك. ئۇلار بۇ يورۇق دۇنيادا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس!
ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار، ھەر ھالدا پەرزەنتلىرىڭلارغا ئىگە
بولۇڭلار ... زەھەرنىڭ ئادەمنى ھالاك قىلىشى ناھايىتى ئېنىق.

## ئاياللىرىمىز لاتاپەتلىك ئىدىغۇ؟

زەھەر قانچىلىغان ئەرلەرنى، ياش يىگىتلەرنى كاردىن چە-
قارغاندىن كېيىن ئاياللارغا ئۆۋال بولدى. ئۇلار ياش، نامرات
پېتىلا تۇل قالدى. روھىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچراپ، كۆپ
ئازاب چەكتى. بەزى ئاياللار زەھەر چېكىپ تۇتۇلغان ئەرلىرىنى
قايتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، كىشىلەرنىڭ
ھەر خىل «شەرت» لىرىنى ئورۇندىدى. بۇ جەرياندا ئۇلار تىلغا
ئالغۇسىز بەدەللەرنى تۆلىدى؛ بەزى ئاياللار زەھەر ئازابىدا ئېڭرا-
ۋاتقان ئەرلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى داۋالىتىش،
زەھەرسىزلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىمىغان «يوللار» دا
ماڭدى، ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛
بەزى ئاياللار ئەرلىرىنىڭ زەھەر چەككىنىنى سەزگەن ھامان
يىرگىنىپ كېتىپ ياكى بالىسىنى قوغداپ قىلىشنى ئويلاپ،
«چىرايلىقچە» ئاجرىشىپ كەتتى ھەتتا بەزى ئەرلەر ئايالى بىلەن

بىر ئۆيدە تۇرۇپ ئۇلارغىمۇ زەھەر چېكىشنى زورلاپ ئۆگىتىپ قويۇپ ياكى زەھەر سېتىۋالىدىغان پۇلنى ئۆز ئايالىنىڭ «كوچىغا چىقىشى» ئارقىلىق تېپىپ خۇمارىنى قاندۇرۇپ، ئاندىن ئايالىنى ۋە بالىسىنى تاشلاپ، ئاخىر كېتىدىغان يېرىگە كەتتى. دېمەك، ئاياللار ھەر خىل كوچىلاردا، ھەر خىل خىياللاردا، ھەر خىل قىياپەتتە، ھەر خىل مەقسەتلەردە قالدى ...

بىزنىڭ ئاياللىرىمىز لاتاپەتلىك ئىدىغۇ؟ ھايالىق ئىدىغۇ؟ بىر ئارتىس، بىر كادىر، بىر زىيالى، بىر ئىشچى، بىر تىجارەت-چى ئايال، بىر ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قىز نېمە ئۈچۈن نەچچە كۈندىن كېيىن، نەچچە ئايلاردىن كېيىنلا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ؟ بۇ ھەقتە كۆپ توختالغۇم يوق. زەھەرنىڭ ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ نامرات ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى مانا شۇ دەرىجىدە. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ ئالۋاستىنىڭ قوينىغا يەنە داۋاملىق تارتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز مىللەتنىڭ ئانىلىرىدىن ئەن-سىرىمەمدۇق؟ تۇرمۇش ئۈچۈن، يېتىم قالغان بالىلارنى بېقىش ئۈچۈن، پانالانغۇدەك بىرەر «كاتەك» كە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك. زەھەرنىڭ خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن زەھەر سېتىۋې-لىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغا تېخىمۇ پۇل كېرەك. بۇ «قىيىن-چىلىقلار» ئەشۇ ئاياللارنى، ئەشۇ ئانىلارنى لاتاپەت، ئەخلاق، ھايا، مېھرىبانلىق دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ ھەر خىل يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

مەن ئاياللارنىڭ زەھەرگە چېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ لاتاپىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى يېزىۋاتقىنىمدا، غۇلجىدىكى بىر ئۇي-غۇر ئايالنىڭ يىرگىنىشلىك جىنايى قىلمىشى ئېسىمگە كەلدى:

ئۇ بىر ئانا ئىدى، نەچچە بالىنى تۇغۇپ، جاپا تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان ياشانغان ئانا ئىدى. زەھەر ئۇنىڭ ئەقلىنى، روھىي دۇنياسىنى تامامەن بۇلغىۋەتتى. ئۇنىڭ زەھەرگە قانداقلارچە ئارىلاشقانلىقىنى بىلەلمىدىم. يامان يېرى، ئۇ تەرەپ - تەرەپتىكى زەھەر خوجايىنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، زەھەرنى توپ سېتىۋېلىپ ئۇنى ئائىلىسىدە يەنە قايتىدىن كىچىك - كىچىك بولاقلارغا قاچىلاپ (ھەر بولاق 20 گىرام)، غۇلجىدىكى زەھەرنىڭ كونترولۇقىدا قالغان بىچارە يىگىتلەرگە، قىز - چوكانلارغا سېتىپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۆيى بىر ھېسابتا زەھەر چىقىدىغان «مەنبە» بولۇپ قالدى. قانچىلىغان ياش جانلار ئۆلە تىرىلىشىگە قارىماي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان پايدا بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەمدى ئۇ تىجارەت دائىرىسىنى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى، كېلىنىنى زەھەر چېكىشكە ئۆگەتتى. ئۇلارنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇرۇمچى، ئاقسۇ، سانجى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن يېتىم بالىلارنى تېپىپ، ئۇلارغا «باشپانا بولىمەن» دەپ ئائىلىسىگە ئاپىرىۋالدى ھەمدە ئۇلارغا زەھەر چەكتۈرۈپ خۇمار قىلىپ قويدى. بالىلار ھەر قېتىم قىينالغاندا: «خۇمارىڭ تۇتۇپ قىينىلىپ كەتكەن بولساڭ پۇل تاپ، ئەكىرگەن پۇلۇڭغا قاراپ ئازابىڭنى يېنىكلىتىمەن» دېدى. بالىلار تاڭ سەھەردە كوچىغا چىقىرىلىپ، كەچ كىرگىچە كوچىلاردا يانچۇقچىلىق قىلدى. كەچتە ئۇلار تاپقان پۇللىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئالۋاستى ئايال بىر چىلەككە سۇ توشقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا خىروئىن ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۆكۈپ ئېرىتىپ «دورا سۇيۇقلۇقى» تەييارلىدى ھەمدە زەھەر خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن بىچارىلەرنىڭ تاپقان

پۇلىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇلارنىڭ بىلىكىگە ئۆزى نۆۋەت بىلەن ئوكۇل قىلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىچارە بالىلارنىڭ بىلەكلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىدى. بەزىلىرى ئورتاق ئىشلىتىلگەن ئىسپىرتتىكى مىكروپ، ۋىرۇسلار بىلەن يۇقۇملىنىپ ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار بولدى، بەزىلىرى ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىراق بۇ پۇلغا تويمىغان ئالۋاستى ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللاپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا، پۇل تېپىپ كىرىشكە داۋاملىق زورلىدى. ئۇنىڭ قانخورلۇقى بىلەن نۇرغۇن ياش ئەۋلادلارنىڭ سالامەتلىكى، ھاياتى زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپلاس تىجارىتىنى نېمە ئۈچۈندۇر خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرالىدى. ئەگەر بىكىتۇەن ساقچىلىرى ئۇنى تۇتۇپ تۇرمىگە تاشلىمىغان بولسا، ئۇ يەنە نېمىلەرنى قىلاتتىكىن تاڭ...

يەنە مۇنۇ جىنايەتكە قاراڭ:

×× خان ئۈرۈمچىدە ئۇششاق تىجارەت قىلىپ يۈرگەن ئايال ئىدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا تىرمىشىپ يۈرۈپ قىلغان تىجارىتى گەرچە ئۇنى چوڭ بايلار قاتارىغا كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا تۇرمۇشىنى يامان ئەمەس ئۆتكۈزۈشكە يەتكۈدەك پۇل تاپالايتتى. بەزىلەرنىڭ «گۇاڭجۇچىلىق» قىلىپ بىر كېچىدىلا بېيىپ كېتىشلىرى ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئۇ قولىدا بار پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى سېتىپ ئازراق پۇل قىلىپلا گۇاڭجۇغا قاراپ ماڭغان پويىزغا چىقتى. قايناق شەھەردىكى رەڭدار تۇرمۇش ۋە تونۇش - بىلىشلەرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان «سودا» لىرى ئۇنى «پۇل تېپىش» يولىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزى ئاڭلىغان لېكىن كۆرۈپ باقمىغان «مال» — زەھەرگە بىر قەدەم-

بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇپ قالدى. دەسلەپتە باشقىلارنىڭ بەرگىنىنى چەكتى، كېيىنچە باشقىلارنىڭكىنى سېتىپ بېرىپ پايدىسىغا چەكتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زەھەردىن پايدىلىنىپ خېلى پۇل تاپتى. ئۆزىنىڭ زەھەرگە، زەھەر ئالىدىغان پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ ئەمدى ئۆز ئالدىغا ئايرىم يول تۇتۇش قارارىغا كەلدى. شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا تېنەپ يۈرگەن، يولدىن ئازغان نارسىدە قىز - ئوغۇللارنى تېپىپ ئۇلارنى گۇاڭجۇغا ئېلىپ باردى ھەمدە ئالدى بىلەن ئۇلارنى يانچۇقچىلىققا ئۆگەتتى. باللارنىڭ ھەر كۈنى تاپقان پۇللىرىنى تولۇق تاپشۇرمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن بۇ ئايال «خوجايىن» ئۇلارغا زەھەر چېكىشنى ئۆگەتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە مۇتلەق سادىق بولۇش ھالىتىگە كەلتۈردى. مانا ئەمدى بىر يۈرۈش مۇنتىزىم قائىدە - تۈزۈم بېكىتىلدى. باللار ئەتىگەندىلا «ئوقەت» كە چىقىدىغان بولدى. ئۇلار يانچۇقىنى توملاپ قايتىپ كەلگىچە، «خوجايىن» ئۆزى مەخسۇس تەييارلىغان ئىدىش (ئادەتتە ئائىلىدە بېلىق باقىدىغان ئىدىش) قا قايناق سۇ توشقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا زەھەردىن بىر - ئىككى بولاق سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى. زەھەر خۇمارى تۇتقان باللار بۇ «ئائىلە» گە ئالدىراپ كەلگەندە، ئۇ باللارنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ياكى بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىغان - ئورۇندىمىغانلىقىغا قاراپ، ئىدىشتىكى زەھەر سۈيۈقلۇقىنى ئۇلارنىڭ بىلىكىگە ئوكۇل قىلدى. ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلار مەخسۇس دەپتەرگە «نېسى ئالدىم» دەپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئاندىن بىر قېتىملىق ئازابتىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭ قولىدا

قانچىلىغان باللار ئۆلۈپ كەتتى، يەنە قانچىلىغان باللار كېسەل بولدى، ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ياكى نەلەرگىدۇ قېچىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ بايلىق توپلاش ئۇسۇلى ناھايىتى زور ئۇنۇم بەردى. ئۇ خېلى - خېلى ئادەملەرنى سېتىۋالغۇدەك پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن «يول ئېچىپ» ئىلگىرىلەپ گۇاڭجۇ-دىن شىنجاڭغا زەھەر يۆتكەپ سېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇنداق كارامەتلىرى باركى، قانچە قېتىملاپ تۇتۇلسىمۇ ئۇنىڭ «قوغدى-غۇچى» لىرى ئۇزاققا قالماي قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ھەتتا ئۇرۇم-چىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بەرگۈچى ئەزىمەتلەر ئېنىق يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئۇنى قومۇل چېگرىسىدىن تۇتۇپ كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر قومۇل تەرەپتىن ساقچىلار چىقىپ: «ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى قايتىدىن ئەر-كىنلىككە چىقىرىپ قويدى. ئۇ ھازىر بىر مىنۇتمۇ جىم تۇرماي زەھەر يۆتكەپ ساتىدۇ، ئۆزى ھەم چېكىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا «پەرۋانە» بولۇپ يۈرگەنلەر نۇرغۇن. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زەھەر ئەتكەسچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانچىلىغان نارسىدىلەر-نى ۋەيران قىلغانلىقىنى، قانچىلىغان قىزلارنى يامان يولغا باشلاپ نابۇت قىلغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. قىزىق يېرى ئۇ يەنىلا بىخارامان، ئەركىن - ئازادە، «ئوغۇل بالىدەك» ياشاپ كەلمەكتە...

× × ×

بۇنداق مىساللار بىزگە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، بىزگە ئۇچ-رىمىغانلىرى، تورغا چۈشمىگەنلىرى خېلى بار. بۇنداق ئاياللار زەھەر سېتىش، ئېپپەت - نومۇسىنى سېتىش، باشقىلارنى زە-ھەرلەش، ھەر خىل يامان ئىشلار ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، ئەۋلادلارنى ئازدۇرۇش قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان «تىرىك-

چىلىك يولى» نى تاللىۋالغان. بۇلاردىن لاتاپەت، ئىنساپ كۆتكىلى بولامدۇ؟ سىز ئۇلارغا بىرەر ئېغىز نەسىھەت قىلسىڭىز، «بىز ئىلگىرى باشقىلارغا تولا ئىنساپ قىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغان !» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ.

## بۇ ساڭا ئەڭ ياخشى پۇرسەت

بىر يىللاردا شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەتىۋارلىنىپ بېقىلدىكى، 12 ياشقا كىرگەن چاغلىرىغىچە دادىسى ئۇلارنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈردى. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنى ھەمدە ئۇرۇمچى شەھەرلىك 17 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىزنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز يازماقچى بولغان ئىنىسى × ئۆزىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغاچقا، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى. مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ پۇتبول كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن ×× باج ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىندى. خىزمەت ئورنىدا ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىشلەپ، ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. ئۆينىڭ تاملىرى ئۇ ئېرىشكەن لەۋھەلەر بىلەن تولۇشتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كەسىپداشلىرى بىلەن بىللە 30مىڭ يۈەن باج ئوغرىلىغان (ئۇ چاغدىكى 30 مىڭ يۈەننىڭ راۋرۇس كۈچى بار ئىدى) بىر نەپەر «خوجايىن» نى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. باج ئوغرىسى ئارىغا ئادەم سېلىپ سالا قىلىشلار

ئارقىلىق ئوغرىلىغان باج سوممىسىنى 20 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلەت-
مەكچى بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ «ئەپەندى تېز تاماقخانىسى» غا
كېلىپ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇردى. يىگىت ۋە ئۇنىڭ كەسىپ-
داشلىرى ئوغرىلىغان باج سوممىسىنى ئېلىپ قايتىشقا تەمشەل-
گەندە خوجايىن ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار
بىللە تاماق يېيىشتى، ئازراقتىن ھاراق ئىچىشتى - دە، قايتىپ
كېتىشتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۇس-
تىخانلىرى ئاغرىپ، تولا ئەسنەپ قالدى. زوكامدىن گۇمانلانغان
يىگىت زۇكام دورىسى ئىچكەچ خىزمىتىنى ئىشلەۋەردى. بىراق
ئۇ زۇكام ئەمەس ئىدى. يىگىت قەستكە ئۇچراپ، ئۇنىڭ پاك
تېنىگە زەھەر «ماڭدۇرۇۋېتىلگەن» ئىدى. ئۇ قاتتىق ئۆكۈندى.
ھېلىقى خوجايىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن گۇمانلانغان بولسى-
مۇ، بۇنىڭدا ئېنىق پاكىت يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دەردىنى ئىچىگە
يۇتۇپ، ئۆزى نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلىپ شەخسىي دوختۇرخانى-
لارغا بېرىپ يوشۇرۇن داۋالاندى. لېكىن، ھېچقانداق ئۈنۈمى
بولمىدى. زەھەر ئۇنىڭ تېنىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.
بىر شەنبە كۈنى كەچتە ئۇنىڭ دوستىنىڭ توينىڭ مەسلىھەت
چېيى بولدى. شۇ سورۇندا ئۇنىڭغا بىرەيلەن مەسلىھەت بېرىپ:
«مۇنۇ دورىنى ئىچسەڭ ئوڭشىلىپ كېتىسەن» دەپ زەھەرنى
ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم چەككۈزۈپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ
زەھەرنى ئۆزى ئىزدەپ چېكىدىغان دەرىجىگە يەتتى. زەھەرنىڭ
زىيىنىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ زەھەر خۇمارى
تۇتقاندا چېكىش ئارقىلىق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىلا قالدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ بۇ سىرنى تۇنجى
قېتىم ئاشكارىلىدى. ئانا ھېچكىمگە تىنماي كۆز ياشلىرىنى يو-

شۇرۇپ يۈرۈۋەردى. بىچارە يىگىت ئۆزىنىڭ ئىدارىسىدە چېكىنۋې-
تىپ ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ دادىسى ۋە
قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ زەھەردىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىغا باغلانغاذ-
لىقىنى بىلدى. ئەمدى ھەممە ئىش كېچىككەنىدى. بۇ زەربىدىن
قاتتىق چۆچىگەن ئاتا - ئانىسى نۇرغۇن دوختۇرلارنى ئۆيىگە
تەكلىپ قىلىپ ئوغلىنى داۋالاتتى، بىراق ئۈنۈمى بولمىدى. بالا
بىر ئامالدارنى قىلىپ چېكىنۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ پاتقاقتا بارغانسېرى
چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ دادىسى يۈننەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى كەسىپداش
ئاغىنىلىرىگە خەت يېزىپ نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى سوراپ، خېلى
زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى. ئەمدى
ئۇ بەزى دوستلىرىنىڭ: «زەھەر چەككۈچىنى ئەسلىدىكى مۇھىتتە-
تىن، ئارىلاشقان ئادەملىرىدىن قەتئىي ئايرىۋېتىش، ئۇنى قاتتىق
ئىرادىگە كەلتۈرۈش» دېگەن پىكرىگە ئاساسەن، يىگىتنى قاتتىق
قوللۇق بىلەن قۇتقۇزۇش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىغا كويزا،
پۇتىغا ئىشكال سېلىپ ئۆيگە سولاپ قويدى. لېكىن، يىگىت
زەھەر خۇمارى تۇتقاندا كويزا - كىشەنلەرنى بۇزۇپ قېچىپ كەت-
تى. دادىسى سۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، بۇلاق بېشى ئارقا كوچىدا
ئولتۇرۇشلۇق، ئىلگىرى شىڭ شىسەيگە زەنجىر ياساپ بەرگەن
تۆمۈرچىنى تېپىپ ئۇنىڭغا 12 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا راۋرۇس زەنجىر
ياسىتىپ، شۇ زەنجىر بىلەن ئۇنى ئايرىم ئۆيگە باغلاپ بېقىشقا
باشلىدى. ئارىلىقتا ئۇ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ، ئەينەك
پارچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى.
بىراق دادىسى ئۇنىڭغا قەتئىي پىسەن قىلمىدى. ئۇنداق چاغلاردا:
«بۇنداق ئۆلسەڭ هارام كېتىسەن بالام، دېرىزىگە چىقىپ بىنادىن

پەسكە سەكرەپ ئۆل ياكى بولمىسا، بوينۇڭغا تاش ئېسىپ قوياي
تىنچلىق ئۆستىڭگە ياكى چوڭقۇر كۆللەرگە سەكرەپ ئۆل، نېمە
ئۈچۈن ئۆلگىنىڭنى ھېچكىم بىلمەيلا قالىدۇ. ياخشى ئىت ئۆلۈك-
نى كۆرسەتمەيتۇ دېگەن گەپ بارغۇ» دەپلا قويىدى. يىگىت ئۇنىڭغا
ماقۇل دېمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلگىسى يوق ئىدى. بىر مەزگىل
ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، ئىشتىيى ئېچى-
لىپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان دادىسى
ئۇنى ئانا يۇرتى قۇمۇلغا ئاپىرىپ مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە
قىلدۇردى. قۇمۇل تاغلىرىغا باشلاپ چىقىپ، تارىختا خوجانىياز-
ھاجى، تۆمۈر خەلىپە قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى سانسىزلىغان
باتۇرلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ ئىرادىلىك، قەي-
سەر، باتۇرلۇقى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بىر
كۈنى كېچىدە يىگىت قۇمۇلدىكى باغلاپ قويغان ئۆيدىن قېچىپ
كەتتى. غەزەپلەنگەن دادىسى ئۇنى مىلىك تەسلىكتە قوغلاپ تۇتۇپ،
ئۇرۇمچىدە ساقچىلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى تۈرمىگە سولىتى-
ۋەتتى. يىگىت بىر يىل تۈرمىدە يېتىپ تۆۋە قىلىپ قايتىپ
چىققاندىن كېيىن بىرەر ئورۇندا ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ
ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىدىن بوشىتىۋېتىلگەنىدى. قانداق قى-
لىش كېرەك؟ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ،
ئۇنى تارىم نېفىتلىكىگە ئېلىپ بېرىپ توختاملىق ئىشچى قىلىپ
ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ، گىياھسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بۇر-
غىلاش ئىشچىسى بولۇپ بىر يېرىم يىل جاپالىق ئىشلەپ خېلىلا
ئادەم بولۇپ قالغان پەيتتە، تارىم نېفىتلىكىدىكى ئىشچىلار تۈزۈ-
مى ئىسلاھ قىلىندى. نېفىت قۇدۇقلىرى شەخسلەرگە ھۆددىگە
بېرىلدى ياكى ئىشچىلارنىڭ سانى قىسقارتىلدى. بۇنىڭ بىلەن،

ئېغىر ئەمگەك، ئادەمسىز، زەھەرسىز چۆللۈكلەر يىگىتكە 2 ـ قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقاندا، نۇرغۇن ئىشچىلار قاتارىدا ئىشـ ـتىن قىسقارتىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭلار ئۇنىڭغا يەنە ئىش ئورنى ئىزدەپ زادىلا تاپالمىدى. يىگىتنىڭ كۆڭلىرى يەنە ئىشسىزلىقتا ئۆتتۇشكە باشلىدى. كونا مەھەللە، كونا دوستلار ئۇنى يەنە بۇزۇپ قويدى. زەھەر چېكىشتىن ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى …

نەچچە ئاي ئىلگىرى ئۇ تۇتۇلدى. قاتتىق ئازابلانغان دادا ئۇنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ بارمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دادىـ ـنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى قەتئىي كۆرمەسلىككە بەل باغلىدى. لېكىن، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. يىگىت تۈرمىدە تۇرۇۋېمۇ جىم تۇرماي زەھەرنىڭ ئازابىدا يېقىلغان، ئۇنى داۋالىتىش كېرەك ئىدى. شۇڭا ساقچىـ ـلارنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى تۈرمىگە باردى. كېسەل ئازابىدا ئېگراپ ياتقان بالىسىنى كۆرۈپ ياش تۆكتى ۋە ئۇنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى تاپشۇرۇپ قويۇپلا قايتماقچى بولغاندا بالىنىڭ: «جېنىم دادا، مېنى كەچۈرگىن، ماڭا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن، مېنى ئېلىپ كەت!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بالىغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، كۆزلىرىدىـ ـكى ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بالىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: «مۇشۇ يەردە يات، بۇ ساڭا ئەڭ ياخشى پۇرسەت» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى …

مەن زەھەر چەككەن ئوغۇلنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە قانچە قېتىملاپ چىراي سارغايتقان، بالىنى ئىزدەپ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ بوسۇغىلىـ

رىدا كىچە - كېچىلەپ تونەپ چىققان، ئائىلە ئىقتىسادى ۋەيران بولغان، قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپمۇ بالىسىنى زەھەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرالماي يىغلاۋاتقان بۇ دادىنى ئىزدەپ تاپتىم.

— مەن خىزمەتكە قاتناشقىلى 40 يىلدىن ئاشتى. يېشىممۇ 60 قا ئۇلاشتى. ئۆمرۈمدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى، ئوغرىلارغا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قاتارلىق بىر يۈرۈش ھەرىكەتلەرنى، بوران - چاپقۇنلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، ھازىرقىدەك ئېغىر ئازابنى تارتمىغانىدىم. بۇ بىزگە ئېغىر كەلدى، — ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — زەھەر بالىلىرىمىزنى يەپ كەتتى، كېرەكتىن چىقاردى. بۈگۈنكى زاماندا لىن زېشۈيدەك زەھەر چەكلەيدىغان مىللىي قەھرىمانلار چىقمامدىغاندۇ؟ تۇتۇلغان زەھەر ئەتكەسچىلىرى نېمە ئۈچۈن يەنە قۇتۇلۇپ چىقىۋالىدىغاندۇ؟ تۇتۇلماي يۈرۈپ داۋاملىق زەھەر ساتىدىغانلارنىڭ شۇ قەدەر خىسلەتلىك تۇمارى بارمىدۇ...؟

ئۇنى ئېخىمۇ كۆپ ئازابلاپ قويماسلىق ئۈچۈن مەنمۇ دېمەكچى بولغان، سورىماقچى بولغانلىرىمنى يۇتۇۋەتتىم - دە، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز تەسەللىي بېرىپ خوشلاشتىم.

## «مۇساپىر» قاتىللار

بىز جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلىرىغا بېرىپ قالغىنىمىزدا، ھەر بىر شەھەرنىڭ مەلۇم بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئۆزىمىزنىڭ مۇساپىر قېرىنداشلىرىنى

ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاۋاپچىلىق قىلىدۇ، بەزىلىرى شىنجاڭنىڭ بەزىبىر ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ساتقان-دەك، يەنە بەزىلىرى ئىچكىرىدىكى كىيىم - كېچەك، رەخت دېگەندەك ماللارنى شىنجاڭغا ماڭدۇرغاندەك ئىش قىلىپ بىر ئاماللارنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ مۇ-ساپىرلار شىنجاڭ بىلەن چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ سودا قىلىپ «يىپەك يولى» نى قايتىدىن ئېچە-ۋاتقان سودىگەرلەر ئەمەس. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت قايتىپ كەلمەي-دۇ ۋە قايتىپمۇ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار راستىنلا مۇساپىرمۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە مەن خېلى ئۇبدان تەكشۈردۈم. گەپنىڭ پوس كاللىسىنى دېسەم، ئۇلارغا ئۇ جايلاردا قىلىدىغان ئىش يوق، ئوقەت يوق. نورمال ئىشلار شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەردىن ئاشمايدۇ. لېكىن، ئۇلارغا بىرلا ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ زەھەر بىلەن ھەپىلىشىش. بۇنداق «ھەپىلىشىش» نىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ؛ بەزىلىرى شىنجاڭدىن بىچارە باللارنى يىغىپ ئاپىرىپ ئۇلارغا ئاۋۋال زەھەر چەكتۈرۈپ خۇمار قىلىپ قويۇپ ئاندىن ئۇلارنى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا زورلايدۇ؛ بەزىلىرى شۇ جايدىكى يەرلىك خوجايىنلارنىڭ خىزمە-تىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس شىنجاڭلىق «ئىستېمالچى» لارنى تونۇشتۇرىدۇ؛ بەزىلىرى يەرلىك زەھەر كاتىباشلىرىدىن زەھەرنى توپ سېتىۋېلىپ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە چېكىدۇ ياكى سات-دۇ؛ بەزىلىرى توپ سېتىۋالغان زەھەرنى شىنجاڭغا يۆتكەپ سات-دۇ. يەنە بەزى «مۇساپىرلار» بولۇپ، ئۇلار زەھەر ئەتكەسچىلە-كىنى خېلى ئۇبدان ئۆگەنگەن، ئۇزاق مۇددەت ھەپىلىشىپ نۇر-غۇن پۇل تاپقان ھەتتا يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى دائىرىلىرىدىكى

ئەمەلدارلارنى زەھەر ئارقىلىق ئىرىشكەن پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۇ- لارنى يارىماس، ھاماقەت ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۆزىنى قوغداپ، راۋان يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا زور مىقداردا زەھەر يۆتكەپ سېتىپ، خېلى كەڭ دائىرىدىكى زەھەر ئىستېمال بازىرىنى ھەمدە ئەتكەسچىلىك تورىنى شەكىللەندۈرۈۋالغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇنلىرى شۇ جايدىكى تۈرمىلەردە قىينىلىپ ئۆلدى، نۇرغۇن- لىرى زەھەر چېكىپ ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتلىرى تالا - تۈزدە قالدى. نۇرغۇنلىرى شۇ جايلاردا جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈركۈم- تۈركۈملەپ شىنجاڭ تۈرمىلىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلسە ئۆزىنىڭ «ھۈنەر» لىرىنى شىنجاڭدىكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىغا ئۆگىتىپ يەنە نۇرغۇن ئادەمنى كېرەكتىن چىقاردى...بەزى ئۆلكە، شەھەرلەر ئۆز جايلىرىدىكى جىنايەت مەنبەسىنى شۇ جايدىكى يۇقىرىقىدەك كىشىلىرىمىزگە باغلىدى ھەمدە شىنجاڭلىق گۇماندارلارنىڭ ھەم- مىسىنى تەلتۆكۈس تازىلاپ يىغىشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار قالدۇر- غان يامان تەسىر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىن بارغان كىشىلەرنىڭ مېھمانخانىلاردا يېتىپ - قوپۇشى رەت قىلىندى ھەتتا بەزى جاي- لاردا ھەرقانداق شىنجاڭلىقنىڭ مېھمانخانىلاردا قونۇشىغا چەك قويۇش ياكى ئۇلارنى بەلگىلەنگەن بىر ئورۇنغا يىغىش تەدبىرلىرد- نى قوللاندى. مەسىلەن، شىڭخەي شەھىرىدە زەھەرگە چېتىشلىق جىنايەت گۇماندارلىرى ئارىسىدا شىنجاڭلىقلارنىڭ سانى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ، نۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوبىيېكتىغا ئايلانغان. «تۇتۇلغان زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى ستاتىستىكا قىلىش ئەھۋالد- دىن قارىغاندا، 1996 - يىلى ۋە 1997 - يىلى تۇتۇلغان شىنجاڭ- لىق زەھەر ئەتكەسچىلىرى 677 نەپەر بولۇپ، تۇتۇلغان زەھەر

ئەتكەسچىلىرى ئومۇمىي سانى (2543 نەپەر) نىڭ 26.6% نى، شاڭخەي شەھىرىگە سىرتتىن كەلگەن ئەتكەسچىلەرنىڭ 55.4% نى ئىگىلەيدۇ.» «خۇاڭپۇ جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىسى 1997 - يىلى قولغا چۈشۈرگەن زەھەر ئەتكەسچىلىرى 357 نەپەر بولۇپ، شىنجاڭلىق زەھەر ئەتكەسچىلىرى 48.7% نى ئىگىلەيدۇ. پۇتو شۆبە ئىدارىسى قولغا چۈشۈرگەن زەھەر ئەتكەسچىلىرى ئىچىدە شىنجاڭلىقلار 80% نى ئىگىلەيدۇ.» «قولغا چۈشۈرۈلگەن شىنجاڭلىق زەھەر ئەتكەسچىلىرى ئىچىدە ئەرلەر 90.4% نى، ئاياللار 9.6% نى، 18 ياشتىن يۇقىرى 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 95.1% نى ئىگىلەيدۇ.» «ئۇلارنىڭ ئىچى-دە ئىلى ۋىلايىتىدىن كەلگەنلەر 45% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، قالغانلىرى ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار-دىن كەلگەن.» «قولغا چۈشكەن شىنجاڭلىق زەھەر ئەتكەسچىلى-رىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەمئىيەتتە ئىشسىز يۈرگەنلەر بو-لۇپ، 93.7% نى ئىگىلەيدۇ، ساۋاتسىزلار 62.6% نى ئىگى-لەيدۇ.» «شاڭخەي شەھىرىدىكى شىنجاڭلىق زەھەر ئەتكەسچىلى-رى بۇ يەرگە ياشانغان بوۋايلىرىنى، كىچىك بالىلىرىنى ئەگەش-تۈرۈپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ ھەتتا ھامىلدار ئاياللارمۇ بولۇپ، ئۇلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئەشۇ قۇچىقىدىكى بالى-لىرى ۋە ھامىلىنى باھانە قىلىپ قۇتۇلۇۋېلىشقا كۆنۈپ كەت-كەن ...»

يۇقىرىقىلار شاڭخەيلىكلەر گېزىت - ژۇرناللاردا ئوچۇق ئې-لان قىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ ئازغىنە مەزمۇنى، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردە بۇنداق ماتېرىياللار، بۇنداق جامائەت پىكرى خېلى بار. دېمەك، بىزنىڭ مۇساپىرلىرىمىزغا ئەشۇ جايلاردا

باشقا ھېچقانداق ئىش يوق. ئۇلارنىڭ كۆنى ئەنە شۇنداق رەسۋا-
چىلىقتا ئۆتىدۇ. ئۇلارنى ئۇچراتقاندا سەممىيلىك بىلەن: «بۇ
پاسكىنا نەرسىنى سېتىپ يۈرگىچە، شىنجاڭغا قايتىپ باشقا نەر-
سە ساتساڭلار بولمامدۇ؟» دېسىڭىز، ئۇلار خىجىل بولماي:
«گەنسۇلۇق، نىڭشالىق، يۈننەنلىك، چىڭخەيلىك ۋە گۇاڭجۇلۇق-
لار زەھەر يۆتكەپ شىنجاڭلىقلارغا ساتسا گەپ يوقكەن، بىز
ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىگە ساتساق، پۇل تاپساقيامانبوپتىمۇ؟»
دەيدۇ.

× × ×

مەن تەكشۈرگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئىچكىرى ئۆلكى-
لەردە يۇقىرىقىدەك «تىرىكچىلىك» قىلىدىغانلارنىڭ 50% ىنىڭ
جەسىتى شۇ جايلاردا قالىدىكەن. قېنى كىم ئۇلارنى بۇ پاتقاقتىن
چىقىرىۋالالايدۇ؟ ھازىرچە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش تەس. بىز ھەر
ھالدا ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتىغا، نامرات بولسىمۇ ئىللىق ئائىلىسىگە
قايتىپ كېلىپ، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تەڭ
يىغلاپ، تەڭ كۈلۈشىگە، زەھەردىن يىراقلىشىشىغا تىلەكداش-
مىز.

## زەھەرنىڭ گۇمران قىلىش كۈچى

زەھەرنىڭ تۈرلىرى، نامى توغرۇلۇق توختالمىساقمۇ بولار.
بىز خەق ئۇنى ئوبدان بىلىپ كەتتۇق. مۇھىمى زەھەرنىڭ ھايات-
لىقنى گۇمران قىلىش كۈچىنى بىلىپ قويغىنىمىز تۈزۈك.
ھېلىمۇ بىز ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمەي-
لا كەلدۇق.

زەھەرنى تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇچۇن زور مىقداردا يەر ئىگىلەش ۋە ئېكولوگىيىنى ۋەيران قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشلاردىن باشقا، دۇنيادا يەنە زەھەرنى يۆتكەش، سېتىش، چېكىش ھەمدە «بەڭگى» لەرنى زەھەرسىزلەندۇرۇش، داۋالاش، زەھەرنى چەكلەش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن غايەت زور ئىقتىسادىي بايلىق سەرپ قىلىنماقتا. ئامېرىكىنى مىسال قىلساق، خروئېن چەككەن بىر بەڭگىنى داۋالىتىش ئۇچۇن بىر ھەپتىدىلا 2000 ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ؛ زەھەر چەككۈچىلەر ھەر يىلى زەھەر سېتىۋېلىپ چېكىشكە 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىدۇ؛ زەھەر چېكىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر ئۇچۇن ھەر يىلى ئىككى مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىدۇ. جۇڭگودا، كىشىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى بىر قەدەر تۆۋەن بولسىمۇ، زەھەر سەۋەبىدىن ھەر يىلى ئىسراپ بولۇۋاتقان مەبلەغ 20 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ نەقەدەر زور ئىسراپچىلىق - ھە!

بۈگۈنكى دۇنيادا زەھەر يۇرەك قان تومۇرلىرى كېسەللىكى ۋە راك كېسەللىكىدىن قالسىلا، ئىنسانلارنىڭ ئۇچىنچى ئورۇندىكى ۋەھشى قاتىلى بولۇپ قالدى. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، 4- نومۇرلۇق خروئېننى چەككەن ئادەم بەش يىلغا قالماي ئۆلۈپ كېتىدىكەن. فرانسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان «ماسەي» ماركىلىق قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى خروئېننى چەككەنلەر ئاران ئۈچ يىللا ياشىيالايدىكەن. ھازىر زەھەر چېكىۋاتقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 36 ياش ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، دېمەك ئۇلار ئاران 40 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ دېگەن گەپ.

زەھەرنىڭ ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان زىيى- نىغا قاراپ باقايلى: كوكايىن تۈرىدىكى زەھەر ئادەم تېنىگە كىرگەندىن كېيىن ئادەمنىڭ يۈرەك قان تومۇرلىرىنى يىگىلىتى- ۋېتىدۇ، يۈرەك سوقۇشنى تېزلىتىۋېتىدۇ، نەپەسلىنىشنى قى- يىنلاشتۇرىدۇ. ئۇزاق مۇددەت چەككەندىن كېيىن نەپەسنى سى- قىپ ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ؛ نەشە تۈرىدىكى زەھەر- نى ئۇزاق مۇددەت چەككەندە ئادەمنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتى- دۇ، نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاندى- كى قەنت ماددىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئادەم ھەددىدىن زىيادە ھورۇن، گومۇش، جانسىز بولۇپ قالىدۇ؛ ئەپيۇن ۋە خروئېن تۈرىدىكى زەھەرلەرنى چەككەن ئادەم ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلالماي- دۇ، يۈرەك زەخىملىنىدۇ، قان بۇزۇلىدۇ، نېرۋا سىستېمىسى قالايمىقانلىشىپ، ئىنكاس ئاستىلىشىدۇ، نۇر سېزىمچانلىقى ئا- جىزلىشىدۇ، ئۆپكە ۋە جىگەر زەخىملىنىدۇ، بۆرەكنىڭ ئىقتىدا- رى ئاجىزلايدۇ، جىنسىي ئىقتىدار يوقايدۇ ھەمدە مېڭە پەردىسى ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، سۆڭەك، بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق كې- سەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ. زەھەر چېكىش جىگەر كېسىلى ۋە ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى، 1995- يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو سەھىيە مىنىستىرى مەملىكەتتىكى ئەيدىز كېسىلى ئەھۋالىنى ئېلان قىلغاندا، ئەيدىز ۋىروسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 100 مىڭ ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلىگەن. ھازىرقى ئەمەلىي سان ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. يامان يېرى، بۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى زەھەر چېكىش، بولۇپمۇ پاسكىنا ئىشپىرتنى ئورتاق ئىشلىتىپ زەھەرنى بەدەنگە ئوكۇل قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئەيدىز ۋىروسىنى يۇقتۇرۇ-

ۋالغان. ئەيدىز كېسىلى بىلەن زەھەر چېكىش بىرلىكتە ئارىلاش رول ئوينايدىغان بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا كېلىدىغان خەۋپىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، زەھەر چېكىش ئىنسانلارغا تەننىڭ ئۆلۈشىنىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى روھنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەھەر چەككەن ئادەمنىڭ روھى ئۆلىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، كەيپىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، تەپەككۇر ئىقتىدارى يوقايدۇ، ئۇلاردا غورۇر، ئەخلاقى-پەزىلەت، ئېتىقاد، غايە دېگەنلەردىن ئەسەر قالمايدۇ؛ ھايۋاندىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئالامەتلەرنى ئاساسەن يوقىتىدۇ، ئۆزىگە ۋە ھەرقانداق شەيئىگە مەسئۇل بولۇشتىن قالىدۇ؛ زەھەر چەككۈچىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ ...

ئۈنىڭدىن باشقا، نۆۋەتتە زەھەر چېكىۋاتقانلار بولۇپمۇ شىنجاڭدا زەھەر چېكىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ياش - ئۆسمۈرلەر 80% تىن ئارتۇقراقنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، زەھەر ئەۋلادلارنى ۋەيران قىلىپ كېلەچەكنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

ئامېرىكىلىق بىر مۇتەخەسسىس بىر ماقالىسىدە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر سىز زەھەر چەكسىڭىز، ساقچىلار سىزنى مەڭگۈ تۇتالماسلىقىمۇ مۇمكىن، بىراق سىزنىڭ تېنىڭىز ۋە روھىڭىز زەھەر تەسىرىدىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زەھەر، ئاخىر سىزنى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن جېنىڭىزنى ئالىدۇ» دېگەنىكەن. بىزدە بۇنداق زەھەر چېكىپ تۇتۇلمىغانلار تۇتۇلغانلاردىن كۆپ. بۇنداق ئالۋاستىلار ئادەملىرىمىزدىن كۆپىيىپمۇ كېتەرمۇ؟ ھەر ھالدا پەخەس بولغان تۈزۈك!

زەھەرنىڭ گۇمران قىلىش كۈچىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەي-

دۇ. زەھەرگە يېقىن بارمىغاندىلا، زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە شىد-
دەت بىلەن ئوت ئاچقاندىلا ھاياتتىن ئۈمىد كۈتەلەيمىز. ئېچىنىش-
لىق رېئاللىق ئالدىدا، زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى
ئومۇمىي خەلق قاتناشقان خەلق ئۇرۇشى قوزغىماي، قولقۇشتۇ-
رۇپ «شۈكرى» قىلىشقا ئاساسىمىز يوق. زەھەر ئىنسانلارنىڭ
ھاياتىغا خەۋەپ يەتكۈزۈۋاتسا، ئەۋلادلارنى نابۇت قىلىۋاتسا، يۈز
مىليونلىغان ئادەم زەھەر چېكىپ ئۆلۈۋاتسا، زەھەر چېكىش يەنە
سانسىزلىغان ساقايماس كېسەللەر بولۇپمۇ ئەيدىز كېسىلىنىڭ
تېز سۈرئەتتە يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتسا، ئىنسانلار-
نىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ھېسابسىز ئىقتىسادىي، ئىجتىما-
ئىي بايلىق كۆيۈپ كېتىۋاتسا، قانچىلىغان دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمى-
يەتلىرى، سىياسىي تۈزۈملىرى زەھەر سەۋەبىدىن داۋالغۇۋاتسا،
يەنە قانچىلىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئىختىساس ئىگىلىرى
زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە سېتىلىپ قۇل بولۇۋاتسا...
قېنى كىم زەھەرنىڭ گۇمران قىلىش كۈچىدىن گۇمانلىنىدى-
كىن؟

زەھەر چېكىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللەرنى ساناپ
تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنى بىھۇشلۇققا، ساقسىزلىققا،
نامراتلىققا، جىنايەتكە، ئاخىر ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. شىنجاڭدا
بۇلارنىڭ ئېپادىلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ. زەھەر
ئەرلىرىمىزنىڭ غورۇرىنى ھالاك قىلدى؛ شىر يۈرەك ئەزىمەتلى-
رىمىزنىڭ جاسارىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، قەددى - قامىتىنى پۈ-
كۈپ، ئۇلارنى مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى؛ ئۇلارنىڭ كۆزلى-
رىدىن چاقناپ تۇرىدىغان، ھەركىم كۆرسە ئەيمىنىدىغان نۇرلار
خۇنىكلەشتى. زەھەر ئاياللىرىمىزنىڭ لاتاپىتىنى، ھاياسىنى،

مېھرىبانلىقىنى، گۈزەل رۇخسارىنى تۈگەتتى؛ ئۇلارنىڭ مىللەت-
نىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئىلگىرى خەلقىمىز
ھاياتىنىڭ ئالدىشىغا ئۇچرىغاندا، ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە قىيىن ئۆت-
كەللەر ئۇلارنى قىينىغاندا، تاپا - تەنە، غەيۋەت - شىكايەتلەردىن
زېرىككەندە ۋە بېشىغا نى - نى ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ، ھەر
قانچە نامرات بولسىمۇ مىسكىن كەپىلىرىدە، دەريا بويلىرىدا،
بوستانلىقلاردا، تاغ قاپتاللىرىدا ھەتتا جاڭگاللىقلاردا ئولتۇرۇپ،
ھەسرەت - نادامەتلىرىنى مۇڭلۇق ناخشا - مۇزىكىلار بىلەن ھەي-
دەپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگە-
نىكەن. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر زېرىككەن كۈنلىرىنىڭ دەردىنى
زەھەردىن ئېلىپ، زەھەر چېكىش ئارقىلىق «ئۆلۈۋېلىش» يولىغا
بىلىپ - بىلمەي كىرىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇلارنى بىز نېمە دېسەك
بولار؟ شىنجاڭدا زەھەر چېكىش سەۋەبىدىن بولىدىغان كېسەللەر
ئىچىدىكى ساقايماس كېسەل — ئەيدىز كېسىلى مەملىكەت بويىچە
ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ قالدى. 1995 - يىلى، تۇنجى ئەيدىز
ۋىرۇسى بىلەن يوقۇملانغۇچى بايقالغاندىن بۇيان، يوقۇملانغۇچىلار
ھەر يىلى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تەرەققىي قى-
لىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئەڭ تېز بولدى. نۆۋەتتە،
يوقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ. 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا
16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 52 ناھىيە (شەھەر، رايون)
دا ئەيدىز كېسىلى بىلەن يوقۇملانغۇچىلار بايقالغان. تولۇق بول-
مىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ (ئۆ-
زىنى تەكشۈرتمىگەنلەر ساناقسىز)، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يوقۇم-
لانغانلىقى بايقالغانلار 2459 نەپەرگە يەتكەن، ئەيدىز كېسىلىگە

گىرىپتار بولغانلار 20 نەپەردىن ئاشقان، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلەر 6 نەپەر بولغان. «يوقۇملىنىشنىڭ ۋاقىت بىلەن ھەس-سىلىنىش نەزەرىيىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى تېز سۈرئەتتە ئېشىش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن يوقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ھەر 6 ئايدا بىر ھەسسە كۆپىيىدىكەن. شۇڭا مۇتەخەسسىسلەر 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، شىن-جاڭدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يوقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 20 مىڭغا يېتىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلماقتا. يەنە بىر تەكشۈرۈشتە «شىنجاڭدا ھەر كۈنى 3 ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يوقۇملىنىۋا-تىدۇ» (شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1999- يىل 4 - فېۋرال خەۋىرى) دەپ جەزىملەشتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كىم ئىكەنلى-كى ئۆزىمىزگە ناھايىتى ئايان. يوقۇملانغۇچىلارنىڭ 50% ى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بايقالغاندىن باشقا، ئىلى ۋىلايىتىدىكى يوقۇي-لانغۇچىلارنىڭ سانى ۋە يوقۇملىنىش سۈرئىتى ئادەمنى چۆچۈتى-دۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، ئىلى ۋىلايىتى بولۇپمۇ غۇلجا شەھىرى «بىغەم» لەر، زەھەر چېكىدىغان، ساتىدىغان، ئەيدىز ۋىرۇسى ئاسان تارقىلىدىغان، ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلار كۆپ چىقىدىغان «مەيدان» بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يوقۇملىنىش يوللىرى كۆپ بولسىمۇ، بىزدە زەھەرنى تومۇردىن ئوكۇل قىلىش يولى (شپرىسنى ئور-تاق ئىشلىتىش) ئارقىلىق يوقۇملانغانلار، يوقۇملانغۇچىلار ئومۇ-مىي سانىنىڭ 97.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 92% نى، ئاياللار 8% نى ئىگىلەيدۇ.

ئەيدىز ھەققىدە ئازراق قىستۇرما قىستۇرۇپ قويۇشتىكى مەقسەت، زەھەرنىڭ گۇمران قىلىش كۈچىنى ھەممە ئادەمگە

بىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. نادانلىق ھەققىدە گەپ ئېچىلسا، بەزىلە-
رىمىز غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولىمىز. دەرۋەقە، دۇنيادا نادان
مىللەت دەيدىغان مىللەت يوق. نادانلىققا يۈزلىنىش ھەر بىر
مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى ئىش. ئەپسۇس، زادى نېمە ئۈچۈن بىزدە
زەھەرگە بېرىلىدىغانلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن زەھەر
چەككۈچىلەر بىلەن زەھەر ساتقۇچىلار ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى
«يۆلەنگۈچى» لەرنى ئايرىش تەسكە چۈشىدۇ؟ بۇ بىزنىڭ نادانلى-
قىمىزمۇ ياكى ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىق بولۇپ زامانىنىڭ ئالدىغا
ئۆتۈپ كەتكىنىمىزمۇ؟ ئەگەر بىزدە ئەيدىز ۋىروسى بىلەن يۇقۇم-
لانغۇچىلارنىڭ سانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا 20 مىڭغا يېتى-
دىغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەر توغرا بولسا، زەھەر چېكىدىغان-
لارنىڭ سانىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش تەس
ئەمەس. چۈنكى زەھەر بىلەن ئەيدىز بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەت-
لىك بولۇپ قالدى. قىسقىسى، زەھەرنى رەت قىلمىساق، ئۇ
بىزنى ئاخىر گۇمران قىلىدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا، مۇقەددەس بوغدا ئېتەك-
لىرىدە، سىرلىق تارىم دەريا ۋادىسىدا، گۈزەل ئىلى دەريا بويلى-
رىدا ... زەھەر ئازابىدا يېقىلغان، روھى ئۆلگەن، ئەيدىز ۋىروسى
بىلەن يۇقۇملىنىپ ھالاك بولغان ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى كۆرگەن-
نىمىزدە، كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ، كېيىنكىلەرگىمۇ قالماقچى
بولغان بۇ تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشلىرىدىن ئازابلىنىمىز. تۆت، بەش
ئادەم يىغىلغان سورۇندا چاقماق تېزلىكىدە ھاياجانلىنىمىز، ئال-
لا- كىملەرنى قاغايمىز، رەنجىشلىرىمىزنى، كۆرگۈلۈكلىرى-
مىزنى بۇ يەرگە ئاپىرىپ تاقاپلا قويىمىز. بۇنداق ئىپادىلىنىش
ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غايىپ بولىدۇ، دۇئادىن كېيىن

ھەممىسى ئۇنتۇلدۇ ياكى بولمىسا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئادىمى-
گەرچىلىكلەرنىڭ باغاقلىرى ئېسىمىزگە كېلىدۇ - دە، ھەشەمەت-
لىك رېستورانلىرىمىزغا كىتىپ قالىمىز، ئۇ بىزگە يەنە بىچارە
كۈلكە، مەستخۇشلۇق ئاتا قىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يېشىلگىنى-
مىزدە، ھەممىمىز ئۆز ئوقىتىمىز بىلەن ئالدىراش بولىۋېرىمىز.
ھەممە ئىش ھېلىقى ھاياجاندىن بىراقلا ئىلگىرىكى ئىزىغا چۈشى-
دۇ ... بۇنىڭلىق بىلەن ئازغۇنلارنى ئازايتقىلى، ئازابلارنى يەڭ-
گىللەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بىزدە كۈچلۈك، كەڭ دائىرى-
لىك جامائەت پىكرى ھازىرلىنىشى كېرەك. جامائەت كىم؟ بىز-
نىڭ جامائەتلىرىمىز قانۇن، زەھەر، ئەيدىز، رەت قىلىش، ئۆزى-
نى قوغداش ... دېگەنلەردىن خەۋەردارمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
سەمىمىي پىكرى، يۈرەك سادالىرى ئارقىلىق جاھاننى لەرزىگە
سالالىغۇدەك، زەھەر سېتىۋاتقان، گۇناھكارلىققا ۋە ساختىپەز-
لىك، ئالدامچىلىققا، ئازدۇرۇشلارغا، شەخسىيەتچىلىكلەرگە
ھەمدە خۇمىسلىققا باش بولۇۋاتقان يامانلارنىڭ يولىنى توسىيا-
لىغۇدەك؛ ئۆزىنى تۇتالماي ياكى ئۆزىنى قوغدىيالماي زەھەرگە
خېرىدار بولۇپ نادانلارچە زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلارنى ئويغى-
تالىغۇدەك جامائەت پىكرى پەيدا قىلالارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە
جاۋاب بەرمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بىزگە تونۇشلۇق بولغان
بىر ئەرباب: «باشقىلارنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىنى ئادەم دەپ
ھېسابلىما» دەپتىكەن. ھەممىمىز ئۆز يۈرىكىمىزگە قولىمىزنى
قويۇپ باقساق بولىدۇ. تالا - تۈزدە «ئات» چاپتۇرۇپ ئويناپ
يۈرگەن پەرزەنتلىرىنى «شوخ»، «تېتىك» دەپ ماختاپ يۈرۈپ،
ئاخىر ئۇلارنى ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتۇرۇپ كېلەلمىگەنلەر، توپ-
توپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ زەھەر ئۈۋۈلىرىدا كېچە - كۈندۈز بەزمە

قىلىشۋاتقانلار، زەھەر بار جايغا «ئىزدەپ - تېپىپ» بېرىپ چېكىۋاتقانلار، بىر - بىرىنى قوغداپ، بىر - بىرىنى يوشۇرۇپ قېچىپ يۈرۈپ چېكىشۋاتقانلار ھەتتا ئۇلارغا زوقلىنىپ يېقىنلىشىشۋاتقانلار، ياش ھاياتىغا مەنا تاپالىغۇدەك بىرەر ئىشقا كىرىشىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلار، تەرەققىياتلار تۈپەيلىدىن «تارىخ» تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالغىنى ئۈچۈن ياكى بىسەرەمجان بولۇپ ئۆز ئۆيىدىمۇ غېرىپ - مۇساپىرنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تاشلاپ «خۇمار» ئىزدەۋاتقانلار... قۇتۇلدۇرۇشقا، مېھرى- مۇھەببەتكە، توغرا يولغا يېتەكلىنىشكە مۇھتاج. بىزدە: «بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق» دېگەن تەمسىل بار. بۇ يەردىكى «باش» دەل ھەر قايسىمىزغا ئوخشاش تەربىيلەنگەن، ئەۋزەل شارائىت، ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن يېتىلگەن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ھاللانغان، زىيالى بولغان، كادىر بولغان، ئوقۇتقۇچى بولغان قانۇنچى، سىياسەتچى بولغان ھەمدە تىك تۇرۇپ: «پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مەڭگۈ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنلەردۇر. شۇڭا، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن زەھەر، ئەيدىز، نامراتلىق، نادانلىق قاتارلىق ئاپەتلەر ئالدىدا بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئەۋلادلارغا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، ئەخلاق ۋە غايە تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش، ئۇلارغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئەل، ۋەتەننىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئۈمىدۋار، ساغلام ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش كېرەك؛ زەھەر، ئەيدىز دېگەنلەرنىڭ بۈگۈنكى زاماندا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشلاپ تەشۋىق قىلىش ھەتتا

ئۆلارنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئەۋ-
لادلاردا، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى قوغداش، زەھەر ۋە باشقا
زىيانلىق نەرسىلەرنى، زىيانلىق ئىشلارنى، يامان غەرەزلىك ھە-
رىكەتلەرنى قەتئىي رەت قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.
خەير، ئاۋۇ ۋىلايەت، ئاۋۇ شەھەر، ئاۋۇ يېزا، ئاۋۇ مەھەل-
لە، ئاۋۇ تار كوچا، ئاۋۇ دوقمۇش، ئاۋۇ ئائىلە ... لەردە
خوتۇن، بالىلىرىنى سېتىپ يۈرۈپ، قېرىنداشلىرىنى بوغۇپ
يۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىغا مۈشت ھەتتا تىغ تەڭلەپ، يىغلاپ يۈرۈپ
زەھەر چېكىشۋاتقانلار ھەمدە نى دادىلارنى، نى ئانىلارنى، نى - نى
دوستلارنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىپ يۈرۈپ، ئۆز غەلبىسىدىن
كۈلۈپ يۈرۈپ زەھەر سېتىشۋاتقانلار ھەر مىنۇت خىيالىمىزدا بول-
سۇن.
بىز ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئىلگىرىكى قاتمال ئىدىيە-
دىن قۇتۇلۇپ، بارلىق ئۈمىدنى ھەممە ئادەم قوشۇق سالىدىغان
«تۆمۈر تاۋاق» قا باغلاشتىن، كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىپ، ئىلىم-
پەن ئارقىلىق ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز قەدرى -
قىممىتىمىزنى يارىتىشقا ئۆتتۇق. كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ تەر-
بىيىلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك
قېنىنى سەرپ قىلىپ، زور مىقداردا ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەپ
ئۇلارنى بىلىم يۇرتلىرىغا يېتىلەپ ئېلىپ كىرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
دىپلومىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن، «ئايلىق» بېرىدىغان بىرەر
ئورۇنغا ئىگە بولۇش - بولالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى
تەربىيىسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. تەربىيىسىز
قىلىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى، مائارىپنىڭ شۇ قەدەر مۇ-
ھىملىقىنى بۈگۈن تونۇپ يېتىپ، كۆپ بەدەل تۆلىگەنلىكەنمىز،

ئەتە ئۆزىمىزگە، ئەۋلادلارغا ئېخىمۇ ئوبدان ئىگە بولۇش توغرۇ-
لۇق ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. مائارىپ، تەربىيىلىنىش
بىز ئۈچۈن شۇنداق مۇھىم دەپ قارىساق، زەھەرنىڭ ھۇجۇمى،
ئەيدىز ۋە باشقا غەلىتە كېسەللەرنىڭ ئاسارىتىدىن ساقلىنىش ۋە
ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. نادانلىقتا قالدۇرۇلغاندا
ھالاكەت ئاستا - ئاستا بولىدۇ دېسەك، قېنىمىز زەھەر بىلەن
ئۈچرىشىپلا قالسا، ھالاكەت گىرداۋى كۆز ئالدىمىزدىلا پەيدا
بولىدۇ.

خەير، پەخەس بولايلى. زەھەر تۇمانى ۋە ئەيدىز ۋىرۇسى
ھەممەيلەننىڭ يېنىدا ئۈچۈپ يۈرىدۇ.

زەھەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا يەتكۈزۈۋاتقان خەۋپى ھەمدە
ئۇنىڭ بىزدىن ئەۋلادلارنى تالىشىشى، مېنى يەنە تۆۋەندىكى مىس-
رالارنى يېزىشقا دەۋەت قىلدى:

ئەزەلدىن تەشۋىشسىز، پاك ئىدى بۇ يەر،
ھاياتنى سۆيەتتى خەلقىم شۇ قەدەر.
نېمىنى كۆزلىدىڭ ئەتكەسچى، قاتىل؟
سەن كىرگەن كوچىلار پۈرايدۇ زەھەر.

مېھماندەك كەلسەڭ گەر زېرىككەن چاغدا،
كۈتەتتۇق ئېزىزلاپ كاككۇكلۇق باغدا.
ھاللىنىپ قالاتتىڭ، جاھان مېنىڭ دەپ،
مال - چارۋاڭ، داچاڭمۇ بولاتتى تاغدا.

يەر دېسەڭ، كان دېسەڭ ئاچاتتىڭ بىغەم،
كۆپ ئۆتمەي سېنىڭ راست بولاتتى، ئەركەم.
ئەمگەكتىن ھالقىتىپ ئالاتتىڭ ھوسۇل،
زەپەرلەر قۇچاتتىڭ ئۆزەڭ ھەر قەدەم.

سېنى باي قىلاتتى قارىسى، ئېقى،
ھەممىنى ئالاتتىڭ، بۇ يەر بەك سېخى.
شەرەپلىك بولاتتىڭ سالا - سۇلھىدە،
ئۆسۈپمۇ قالاتتى ئەملىڭ تېخى.

قىلغىلى جاھاندا كۆپقۇ تىجارەت،
نېمەڭنى ساتمايتتىڭ بەرسەڭ ئىجازەت؟
رەنجىمە بىرادەر قارغاشلىرىمدىن،
خىروئىن ساتقىنىڭ ئېغىر جىنايەت.

ھەر كىرسەڭ ئېغىزدىن ئەركىن بىمالال،
دەپتىمىز: «سودىگەر، توشۇيدىغۇ مال»
ھەي ئىسىت، زەھەركەن قوينۇڭدىكىسى،
ئازدۇردۇڭ بەندىنى — قىلدىڭ كۆپ ئۇۋال.

## كۆز تەگكەن ماكان

شۇ زەھەر قىينىدى ئەۋلاد جىنىنى،
بۇلغىدى تېنىنى، ئەقلى، قېنىنى.
بەزىلەر ئۈمىدسىز قالدى، بەزىلەر —
يوقاتتى بىر پارە قاتتىق نېنىنى.

ئەنە ھەر قامەتلىك، سۆيۈملۈك ئوغلان،
ئازابتا قىينىلىپ تالاشماقتا جان.
ئايرىلىپ مىڭ ئارمان، مېھرى - ۋاپادىن،
كەتتى خوش دېمەيلا ھالاكەت تامان.

مەرىپەت قوينىدا يۈرگەن بالىلار،
تاشلىدى كىتابنى، بولدى خارۇ - زار.
قول سالدى ئۆلارغا نامەرت - خۇمىسلار،
زەھەرگە ئۆگەتتى، قىلدى گۇناھكار.

پاك، گۈلدەك قىزلارنىڭ سولدى چىرايى،
ھايادىن ئايرىدى زەھەر خۇمارى.
ئەسلىنى ئىزدەيدۇ تۇمانلار ئارا،
شۇم نىيەت قولىدا قالدى تۇمارى.

## كۆز تەگكەن ماكان

دېڭىزلار بويىدا قالدى ئۆندىمەي،
سەرگەردان ئوغۇل - قىز يېنىپ كېلەلمەي.
تەقدىرگە باش ئېگىپ بولدى دەپسەندە،
كۆلۈشنى، ئۆلۈشنى ئەسلا بىلەلمەي.

پەرزەنتلەر ئىشقىدا يۈرەكلەر زەرداپ،
بىچارە ئانىلار يىغلىدى چارچاپ.
ئاتىلار غورۇرى بولدى مىڭ پايخان،
تاشلاندى ئارمانلار بۇندا پاچاقلاپ.

شۇ زەھەر ئەيلىدى كۆڭۈللەرنى كىر،
كۆپەيدى كوچىدا يېتىم، مۇساپىر.
بۇزۇلدى جەننەتتەك ئىللىق ئائىلە،
بوغۇلدى بوۋاقلار بۆشۈكتە قىر - قىر.

دادىسى ئېڭىرسا زەھەرنى شوراپ،
ئانىسى خۇمارغا تۇتۇلسا دوراپ.
پاناھسىز بالىلار يۈرەلمەدۇ ساق،
چەيلىسە يۈرەكنى غەم - قايغۇ ئوراپ؟

تۆلەنگەن بەدەلدىن زېمىن تەۋرىنەر،
قوشۇلدى قېرىنداش، نەۋرە - چەۋرىلەر.
ھاياسىز ئەر - خوتۇن، ھاياسىز تۆت تام،
ھاياسىز كوچىدا پۇتتى قەبرىلەر.

تومۇرلار يېرىلدى، قانلار كېرەكسىز،
زەھەردىن يامرىدى تىزگىنسىز ئەيدىز.
بىلمەسلىك ئىپ كەتتى جانلارنى ئەجەپ،
ئىست دەپ قېلىشتۇق «بوزەكلەر» گە بىز.

كۆپەيدى ئۆزىنى ئوتقا سالغانلار،
سېسىدى، ھەتتاكى مېدال ئالغانلار.
زەھەرگە يەم بولۇپ كەتتى بىئەجەل،
خەلقىغە مۇڭلىنىپ سازلار چالغانلار.

سېسىدى، ۋەتەن دەپ ۋەدە بەرگەنلەر،
نى ئوتلۇق قەسەمگە قول كۆتۈرگەنلەر.
ھارام پۇل ئالدىدا يۇمدى كۆزىنى،
جايىغا ئاتالماي خېلى «مەرگەن» لەر.
........................

## كۆز تەگكەن ماكان

كۆرگەنسەن، ھەممىسى سىنىك سوۋغىتىلىك،
يۈرۈشتى كارامەت ئىپلاس ئوقتىلىك.
نە سىر بار ئۆزەڭدە بىلەلمىدىم مەن،
ھەر جايدا كىپلەركەن ئوڭدىن ئامىتىلىك.

كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئالۋاستى، چايان،
ياش تۆكۈپ دەردلەرنى قىلسامەن بايان.
جىمى ئەل بىر ساڭا جاكارلىدى جەڭ،
بۇ گۈزەل دۇنيادا يېتىمسەن ھامان.

بۇ «يىپەك يولى» دا توشۇپ زەھەرنى،
بۇلغايمەن دېمىگىن ئابىدىلەرنى.
ئار - نومۇس ئىچىدىن ئويغىنار ئەۋلاد،
تۇغار ھەر تىنىقلار ئوت يۈرەك ئەرنى.

زەھەرسىز ماكاننى قۇرساق قايتىدىن،
كۆيەر شۇ ئەۋلادقا سالغان چاڭگىلىك.
بىلەرسەن ئاخىرى، بۇ ئەمەس سىنىك —
ئۆزەڭنى خوش قىلغان ئەسكى جاڭگىلىك.

## ئالىم «خىڭتېر»①

شىنجاڭلىقلار خروئېنىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەمگە قانچىلىك زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. هاراق ئىچىش، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، هاراقنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بولغان زىيىنىنى ۋە باشقا جەھەتتىكى زىيانلارنى بىلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ئۆزلۈكىدىن تاشلىدى ياكى بەزىبىر ئالاھىدە سورۇنلاردا نورمال ئىستېمال قىلىشنى ئۆگەندى. 80 - يىللاردىكىدەك ھەر كۈنى توپلىشىپ هاراق ئىچىش، ئىككى، ئۈچ كۈنگىچە ئەسلىگە كېلەلمەسلىك، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىدا ياكى مەكتەپ كوچىلىرىدا مەست بولۇپ يېتىپ قېلىش، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھە دېسە هاراققا بېرىلىپ، ئەتىسى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بىر سائەتلىك دەرسنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىيەلمەسلىك ... قاتارلىق ئىشلار جەمئىيەتنىڭ بېسىمى، جامائەتنىڭ ئەيىبلىشى ھەمدە كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ رەڭدارلىشى بىلەن بىر ئىللەت سۈپىتىدە يوقالدى. هاراق ئىچىش ھېچقانداق قانۇندا چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېپىشىپ خۇمار بولۇپ قالىدىغانلار كۆپ چىقمىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى ئويلاپلا ئۆزىنى تارتتى. بىراق خروئېن ئۇنىڭغا ئوخشىماي قالدى. خروئېنىنىڭ خۇمار قىلىشچانلىقى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، بىر، ئىككى قېتىم

① خىڭتېر — ئامېرىكا چاتما تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى باش قەھرىمان بولۇپ، كىشىلەر ئالىم روزىنىڭ دېلو ئىشلەشتىكى ماھارىتى ۋە جاسارىتىگە قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى شۇ باش قەھرىمان رازۋېدچىككە ئوخشىتىپ «ئالىم خىڭتېر» دەپ ئاتىغان.

چېكىپ باققانلارنى ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس قىلىۋەتتى. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇل تېپىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك يوچۇقلاردىن ھەمدە كىشىلەرنىڭ خىروئىننى بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىپ، ئەڭ دەسلەپتە ھەتتا سورۇن - سورۇنلاردا تەشۋىق قىلدى، روھىي ھالىتى تۇراقلىق بولمىغان بىچارىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ سىناق قىلدى. نەتىجىدە بىر مىسقالمۇ زەھەر بولمىغان، بىرمۇ زەھەر چەككۈچى بولمىغان بۇ زېمىننى بۇلغاشقا باشلىدى. خىروئىننىڭ شىنجاڭدا تۇنجى بايقىلىشىنى ئېسىمىزگە ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر باھادىرنىڭ سۈرلۈك سىماسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. شىنجاڭدىكى تۇنجى خىروئىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئارقىلىق بايقالغان.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا زەھەر شىنجاڭنىڭ «تۆشۈك دەرۋازا» لىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىردى ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غالىبىيەت يولى، دۆڭكۆۋرۈك، بۇلاق بېشى، جەنۇبىي قوۋۇق قاتارلىق جايلىرىغا يامرىدى. 1989 - يىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى چارلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئالىم روزى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋېتىپ بىر قىمارۋازنى تۇتۇۋالغاندا، قىمارۋاز «بۇلاق بېشى كوچىسى» دىكى بىر شەخسىي مېھمانخانىدا بىرەيلەننىڭ «ئاق» سودىسى (خىروئىننى دېمەكچى) قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرا قىلىدۇ. ئالىم دەرھال ساقچىلارنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر بولاق ئاق ئۇنسىمان نەرسىنى تاپىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە ئېلىپ بېرىپ تەكشۈر-

گەندىن كېيىن بۇ نەرسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق خىروئېن ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ دىق- قەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. دېمەك، خىروئېنىنىڭ ئىبارەت بۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ نامى كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن تۇنجى خىروئېننى بايقاش ئالىم روزىنى زەھەر دېلولىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ قويىدى. ئۇ زەھەرنىڭ دەسلەپتىلا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن «نوچىلار» نى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى كۆ- رۈپ، زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى تەشەب- بۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭدا زەھەر چەكلەش- نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى.

ئالىم روزىنىڭ مۇبارەك نامىنى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈشىمىز، ئۇنىڭ زەھەر چەكلەش يولىدا ھايات - ماماتقا قارىماي تىرىشچان- لىق كۆرسەتكىنىگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن- دۇر. زەھەر چەكلەش بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر ئۇلۇغ ئىش، ساۋابلىق ئىش بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئىپادىلەش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن زەھەر چەكلىگۈچىدە بىر خىل كۈچلۈك جاسارەت بولۇشى، زەھەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى بولۇشى، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان تۇپراققا، ئۆزىگە تەلمۈرگەن خەلققە ئەقىدىسى، ئېتىقادى بولۇشى ھەمدە مەسئۇل بولۇش تۇي- غۇسى بولۇشى كېرەك. زەھەر ئازابىدا تولغانغان تەنلەرنى، ئۆلۈ- ۋاتقان روھلار، تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىدىغان كىشىلا زەھەرگە قارشى كۆرەشكە ھەقىقىي ئاتلىنا- لايدۇ. ئالىم روزى شۇنداق قىلالىدى. كۆز ئالدىدا يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ زەھەر ئازابىدا ئېڭرىشى، مال - مۈلكىدىن

ئايرىلىشى ئۇنى ھەم ئازابلىدى، ھەم غەزەپلەندۈردى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، ئەۋلادلارنىڭ، ئانا ماكاننىڭ پاكلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، زەھەر ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ 3 ـ ئەترىتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس زەھەرگە قارشى قوشۇن قىلىش، ئالىم روزىنى ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. ئۇ ئەترەتتىكى ساقچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ شۇ يىلىلا پەۋقۇلئاددە چوڭ زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىدىن ئۈچىنى پاش قىلىپ، 8 .722 گىرام خروئىن ۋە 15 مىڭ 350 يۈەن هارام پۇل، ئالتە نەپەر جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ خىل نەتىجىلەر ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنى ئىلھاملاندۇردى.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئالىم ما فامىلىلىك بىر قاچقۇننىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەنلىكىدىن ھەمدە ئۇنىڭدا خېلى كۆپ زەھەر بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ دەرھال ساقچىلارنى باشلاپ پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ قاچقۇننى ئۇدا تۆت كۈن كۈزىتىدۇ. ئالىمنىڭ قولىدا قاچقۇننىڭ رەسمى بار ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ۋوگزالدىن سەلدەك ئېقىپ چىقىۋاتقان ئادەملەر دېڭىزىدىن قاچقۇننى تېزلا تونۇپ قولغا چۈشۈرىدۇ. لېكىن، ما فامىلىلىكنىڭ سومكىلىرىدا بىر نەچچە بولكا ۋە ئىككى خالتا تەييار چۆپتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قارچۇغىنىڭكىدەك بىر جۈپ كۆزى بىلەن ما فامىلىلىككە قارىدى. بۇ ئۆتكۈر كۆزدىن ھودۇققان ما فامىلىلىكنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. بۇنى كۆر-

گەن ئالىم سومكىنى قايتا ئاختۇرۇپ بىر بولكىنىڭ سەل غەلىتىـ
ىرەك تۇرغىنىنى بايقايدۇ. بولكىنى پارچىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئىچىدىن 316 گىرام خروئىن مانا مەن دەپلا چىقىدۇ.

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالىم ئۈرۈمچى
شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئولتۇرۇشلۇق ما ×× نىڭ
خروئىن سودىسى قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەمدە شۇ كۈنى چۈشتە 20
مىڭ يۈەنگە 200 گىرام خروئىن ساتماقچى بولۇپ پۇتۇشكەنلىكىـ
دىن خەۋەر تاپىدۇ. ئالىم تۆت ساقچىنى باشلاپ 20 مىڭ يۈەن
نەق پۇل ئېلىپ ساڭفاڭگۇغا بارىدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكى بىر
ساقچىنى تاكسى شوپۇرى قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ ما ×× بىلەن
كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ
205 گىرام خروئىننى قوينىدىن چىقىرىپ ئۇزىتىشى بىلەن تەڭ
ئۇنىڭ قولى باغلىنىپ بولىدۇ. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن يەنە بىر
ما فامىلىلىكنى تۇتۇپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن 545 گىرام خروئىننى
قولغا چۈشۈرىدۇ.

1994 - يىلى 7 - ئايدا، ئالىم ئۈچ نەپەر گەنسۇلۇقنىڭ
ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسى جەنۇبىي ۋوگزالىدىكى بازارنىڭ
102 - نومۇرلۇق ئۆيىدە خروئىن سېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانـ
دىن كېيىن ساقچىلارنى باشلاپ بېرىپ قورشاپ تەكشۈرگەن
بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. باشقا ھەرىكەت قوللىنىشـ
نىڭ شەرتى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا بەزىلەر بۇ
دېلودىن ۋاز كېچىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن، ئالىم بۇ
پىكىرلەرنى رەت قىلىپ: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، زەھەر ئەتكەسـ
چىلىرىنىڭ شىنجاڭدا زەھەر بازىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىنى
بىتچىت قىلىپ، ئەۋلادلىرىمىزنى ئىكمانقەدەر زەھەرنىڭ زىيىنىـ

دىن ساقلاش، ئەگەر بىز مۇشۇنداق گۇمانلىق دېلولاردىن ۋاز كېچىۋەرسەك، زەھەر ئەتكەسچىلىرى بۇنى بىر يوچۇق دەپ بىلىپ، تېخىمۇ ھېلىگەرلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زەھەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسقىلى بولمايدۇ. بۇ دېلونى داۋاملىق رازۋېدكا قىلىش كېرەك» دەيدۇ ھەمدە «پەم بىلەن ھەرىكەت قىلىش» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. يەتتە كۈن ئۈن - تۈنسىز كۆزەتكەندىن كېيىن بىر نەپەر ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ ھېلىقى 102 - نومۇرلۇق ئۆيگە داۋاملىق كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكى بايقىلىدۇ. ئالىم چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن بۇ سودىگەرنى تۇتۇپ ئۇنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىشنى قارار قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەمىشە 102 - نومۇرلۇق ئۆيدىكىلەردىن زەھەر سېتىۋېلىپ چېكىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. ئالىم كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ، قول ئاستىدىكى ساقچىلار بىلەن بىللە زەھەر سېتىۋالغۇچى قىياپىتىگە كىرىپ، ئەتكەسچىلەر 350 گىرام خروئېننى سېتىۋاتقاندا ئۇلارنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ.

1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالىم ما فامىلىلىك بىر لەنجۇلۇقنىڭ ئىككى كىلوگىرام خروئېننى ھەر گىرىمىنى 240 يۈەندىن شىنجاڭغا سېتىپ چىقىرىشقا تەييارلانغانلىقىدىن، بىرەيلەننىڭ 600 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇنچە كۆپ خروئېن شىنجاڭغا كىرسە، قانچىلىك ئادەم زەھەرلىنىپ كېتەر - ھە؟ بۇلارنى ئويلىغان ئالىم يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزى سەككىز نەپەر ساقچىنى باشلاپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭخې ناھىيىسىگە يولغا چىقىدۇ. ئۇ يات يۇرتتا بىر ئىش قىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى

ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۆزلىرى ئېلىپ ماڭغان 600 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى ئامان - ئېسەن ساقلاش ۋە چوقۇم غەلىبە قىلىش لازىملىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىنچىكە پىلان بويىچە ھەرىكەتلىنىپ، زەھەر ئۇۋىسىغا پەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شۇ جايدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ 2 - نومۇرلۇق كاتىپىشى ما بىياۋ ۋە ئىبراھىمنى تۇتۇپ 2372 گىرام خروئىننى قولغا چۈشۈرىدۇ.

1996 - يىلى 4 - ئايدا، ئالىم زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە تېخىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۆزى سەزگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ كاڭلې ناھىيىسىگە بېرىپ، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ زەھەر ئەتكەسچىسى «ما خوجايىن» نىڭ ئۆيىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى نەپەر ئەتكەسچىنى تۇتۇپ، 2011 گىرام خروئىننى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ. ئالىمنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ھەر قېتىم كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە توغرا قوماندانلىق قىلىپ، يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ، خەتىرى زور، پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلولارنى دادىل بىر تەرەپ قىلىشى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى رەھبەرلىرىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىدۇ.

ئالىمنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى كۈرەشچان ھاياتىدا، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بۇلارنى بىز بىرمۇبىر سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز. ئۇ بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار-

نى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى خەلققە مەن-سۇپ. خەلق بىزنى بېقىپ، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. نىمىلا ئىش قىلايلى، بىز هامان خەلققە قەرزدار. ئەۋلادلارنىڭ بېشىغا كۇن چۈشكەندە ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئازابلانماسلىقنىڭ ئۆزى بىر ئاجىزلىق. مەن ھەر كۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىچىنىشلىق مەنزى-رىلەر، زەھەرنىڭ قىينىشىغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەتراپىدا نىمە قىلىشنى بىلمەي يىغلاپ يۈرگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەسرىتى مېنى ئازابلىدى. ئۆزەمنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقى-نى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. زەھەرنى چەكلەش ئۇچۇن قۇرۇق سۆز، قۇرۇق سۆلەت، قۇرۇق شۇئارلار ۋە قۇرۇق مەلۇ-ماتلار، شەكىلۋازلىقلار كارغا كەلمەيدۇ. ئەتكەسچىلەر ھەر كۇ-نى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت زەھەر ساتىدۇ. چېكىدىغانلار چېكىۋېرىدۇ، كۆپىيىۋېرىدۇ. چۇنكى ھەر ئىككىسىگە پۇل كې-رەك. بىزدە ئادەم بار، قورال بار، ئەقىل، پەم - پاراسەت بار، زەھەر چەكلەش مەبلىغى خېلىلا كۆپ ئاجرىتىلىدۇ. شۇنداقكەن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىسا بولامدۇ؟ بىز خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن مەبلەغنى شاراقشىتىپ خەجلىگەندە بىزگە زور ئۇمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كې-رەك. شۇڭا مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدىم. يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش، تېخىمۇ ياخشى قىلىش تامامەن مۇم-كىن. بۇنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئادەمگە، مېھرى - مۇھەببەتكە باغلىق.»

ئالىمنىڭ زەھەر چەكلەشتە بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىدا، ئۇنى كۇتۇپ تۇرغىنى ھەرگىزمۇ پەقەت خۇشپۇراق گۇللەر ۋە شان - شەرەپ ئەمەس. قورقۇنچلۇق ھاڭلار ۋە خېيىمخەتەر ھامان

ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىدى، بەزىلەر ئۇنى قەستلىمەكچى بولدى. لېكىن، ئالىم بۇلارغا پەقەت كۈلۈپلا قويدى. 89 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ زەھەر چەكلەشتىكى تەدبىرلىرى، جاسارىتى، پەم ـ پاراسىتى ۋە زەھەرگە قارشى ئىرادىسىدىن چۆچىگەن بەزى «خوجايىن» لار «كىم ئالىمنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسە 50 مىڭ يۈەن بېرىمىز» دەپ جار سالدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئالىم تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، زەھەرگە قارشى كۈرەشتە رەھىمسىز، جەسۇر، قەتئىي بولۇپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جەمئىيەتتىكى ئاممىا ۋە كەسىپداشلىرى ئۇنى «شىنجاڭدىكى خىڭتېر» دەپ ئاتاشتى. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ بايلىق توپلاش يولىنى قىسقارتقاچقا «دۈشمەن» كۆپىيىشكە باشلىدى. دۆڭشاڭ مىللىتىدىن بولغان بەزى خوجايىنلار «ئالىم خىڭتېرنىڭ كاللىسىنى ئالغۇچىلارغا 500 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان چىقىرىشتى. بۇلارغا قارىتا ئالىم يەنىلا كۈلۈپلا قويدى ۋە «زەھەر چەكلىگۈچىلەر ئۆلۈمدىن قورقسا ئىشخانىدىن چىقماي ئولتۇرسا بولىدۇ» دېدى. «قارا يۈز»، «ئادەم تونۇمايدىغان قارا يۈز» لەرمۇ ئالىمغا بېرىلگەن ناملاردۇر. ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغاندىن سىرت، قول ئاستىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز ھەر كۈنى پۇل، زەھەر بىلەن ھەپىلىشىمىز، بىز زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ گۆركارى، شۇڭا ئۆزىمىزنى پاك تۇتۇشىمىز كېرەك» دەيدۇ. دېمىسىمۇ زەھەر چەكلەش داۋامىدا، پۇل تېپىش ئاسان، سىز زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇۋالسىڭىز ئۇلار دەرھالا 100 مىڭ، 200 مىڭ يۈەننى سىزگە سۇنىدۇ. كۆزىڭىزنى قىسىپلا قويسىڭىزلا، پۇل ئىشىك-

دېرىزىلىرىڭىزدىن ئۇچۇپ كىرىپ باي بولۇپ تىقىلىپ كېتىسىز.
1994 - يىلى 11 - ئايدا، ئالىم زەھەر ئەتكەسچىسى ما ××
خېنىمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان
چاغدا، ئۇنىڭ خوجايىن ئاكىسى ئارىغا ئادەم سېلىپ، ئالىمغا
400 مىڭ يۈەن بېرىدىغانلىقىنى، سىڭلىسىنى چىقىرىپ بېرىشنى
ئۆتۈنىدۇ ھەمدە يەنە ئالىمنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ
ئىشىكىنى چېكىپ باقماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇ ئالىمنىڭ «قارا
يۈز» لەرچە رەت قىلىشىغا ئۇچراپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇ ھەمىشە:
«ئەركىشى دېگەن پۇلنىڭ قۇلى بولماسلىقى كېرەك. مەن پۇلغا
بۇزۇلسام، قانچىلىغان ئەۋلاد زەھەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. بىز
خەق ھەمىشە پۇلغا ئالدىنىپ كۆپ نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ
قالغان ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ.

ئالىم زەھەر چەكلەش ئۇچۇن راستىنلا ئۆزىنى ئۇنتۇدى.
ھەرقاچان، ھەرقانداق جايدا زەھەر ياكى زەھەر ئەتكەسچىسىگە
دائىر يىپ ئۇچى سېزىلسە ئۇنىڭغا شىردەك ئېتىلدى. خىزمەتتىن-
كى جىددىيچىلىك ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قىيناپ-
مۇ قويدى. زەھەر چەكلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن
بۇيان، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىن چاتاق چىقىپ ئۇچ يىل ئىچىدە بەدەن
ئېغىرلىقى 16 كىلوگىرام چۈشۈپ كەتتى. 1996 - يىلى 8 -
ئايدا ئۇ يۈننەن ئۆلكىسىگە بېرىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ
ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ، ئۇ يەردىن ئۆزلىرى كۆزلىگەن زەھەر ئەت-
كەسچىلىرىنى تۇتۇپ كەلگىچىلىك بولغان ئۇزۇن مۇساپىدە چار-
چاپ كەتكەنلىكتىن ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ ھاياتى خەۋپ
ئىچىدە قالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئاغرىق ئازابىنى يېڭىپ، ساق -
سالامەت شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى

تىلغا ئېلىپ: «مەن بىر ئادەم يىقىلسام، مەن بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىدۇ، جەڭگىۋارلىقىغا، قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمەن. شۇڭا غەيرەت قىلىشىم كېرەك. بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرسام، ئىشلەۋېتىپ داۋالانسام ياخشى بولۇپ قالىمەن ئەمەسمۇ» دەيدۇ. 1997 - يىلى بىر يىل ئىچىدە ئالىمنىڭ قوماندانلىقىدىكى زەھەر چەكلىگۈچىلەر زەھەر دېلوسىدىن 32 نى پاش قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 22 دېلو پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلو ھېسابلىنىدۇ)، 125 نەپەر زەھەر ئەتكەس-چىسىنى قولغا چۈشۈردى. 1998 - يىلى 27 توننا زەھەر خام ئەشياسى ئەتكەسچىلىكى دېلوسى ۋە 211 كىلوگىرام ئېفدرىن ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى پاش قىلىپ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتتى.

مەن «ئالىم خىنگتېر» ھەققىدە يېزىۋاتقان مەزگىلدە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ خېلى كۆپ سۆزلەشتىم. گەرچە ئۇ ھازىر سايباغ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، زەھەر ھەققىدە گەپ ئېچىلغاندا قارىچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ چوڭ-قۇر ئويلىنىپ كېتىدىكەن، ئۆزىنىڭ يەتتە يىللىق زەھەر چەك-لەش ھاياتىنى ئەسلىگەندە چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولىدىكەن.

— ھازىر ئىلگىرىكىدەك سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن، تاققا - تۇققا سۆزلەپ قويسام تۈزىتىپ ئاڭلارسىز، —دېدى ئۇ سۆزىنى باشلاپ — ئىشخانا دېگەندە گېزىت ئوقۇپ، ماتېرىيال كۆرۈپ، قايناقسۇ ئىچىپ يالغۇز ئولتۇرىۋەرسە ئادەم گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەن. شۇنداقتىمۇ زەھەر ھەققىدە گەپ سوراپ قىلىۋېدىڭىز ئىلگىرىكى ئىشلار بىر - بىرلەپ كۆز

ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتسام، زەھەرگە قارشى كۆ-
رەش مېنى چېنىقتۇردى، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ روھىي هالى-
تى، ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆز يېشى، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ قارا
نىيىتى ۋە بۇ ھەقتىكى سانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى مېنى
قاتتىق ئويغا سالدى ۋە قوزغاتتى. ئىنسانىيەت تارىخىدا زەھەر
كەلتۈرگەن باجىئەلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. جۇڭگو خەلقى ئەي-
نى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكى، يارىماسلىقى ۋە تاجا-
ۋۇزچىلارغا پۇرسەت بېرىپ يول قويۇشى سەۋەبىدىن زەھەر ئازا-
بىدا 100 يىلدىن ئارتۇق ئىڭرىدى، روھى سۇلدى، ئەقلى بۇلغان-
دى، مىللەتنىڭ سۆپىتى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى؛ زەھەر كىشى-
لەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇنىڭ
زىيىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەسىر قىلىپ، نى - نى ئوغۇل -
قىزلارنى كېرەكتىن چىقاردى؛ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋەيران بول-
دى؛ كىشىلەرنىڭ ۋەتەن، مىللەت، غورۇر، كىشىلىك ئىززەت
- ھۆرمەت ھەققىدە ئويلىغۇدەك مادارى قالمىدى. چەت ئەل
كۈچلىرى ئاجىزلىغان دۆلەتنى، ئاجىزلىغان مىللەتنى سودىدىن
پايدىلىنىپ خالىغانچە تالان - تاراج قىلدى. بۇ بىر دۆلەت، بىر
مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ھاقارەت. شۇنداقتىمۇ، ئادەملەر
توپىدىن لىن زېشۈگە ئوخشاش ئىدراكلىق ئادەملەر مەردانە ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جامائەت پىكرى
ھاسىل قىلىپ، زەھەر ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە قارشى كۈرەش
قىلدى. لېكىن، ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا جۇڭگو خەلقى
ئاستا - ئاستا ئۆزىنى ئوڭشىدى. بىز بۇ ھاقارەتلىك تارىخنى ۋە
ساۋاقنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك ھەمدە بۇ نۇقتىنى ھەر

بىر كىشىگە بىلدۈرۈشمىز كېرەك. زەھەر ئەتكەسچىلىرى رە-
ھىمسىز، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سىزنىڭ
ئۆلۈپ - تىرىلىشىڭىزنى، مىللىتىڭىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىن
ئاجىزلىشىشى ھەتتا ۋەيران بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.
ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى زەھەر ئىستېمال بازىرى ناھايىتى
چەكلىك ئىدى. نەچچە يىل ئىلگىرى بىرەر كىلوگىرام خىروئىن
بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ئېشىپ قالاتتى. شۇ چاغلاردىلا
بىزنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىمىز ئۇنىڭ زىيىنىغا خېلى كۆپ ئۇچرى-
غان. بۈگۈن قارىساق، 10 كىلوگىرامدىن ئارتۇق دېلولار پاش
بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن، شىنجاڭغا سوزۇلغان قارا قوللارنىڭ بار-
غانسېرى ئۇزۇراۋاتقانلىقىنى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ
بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇڭا بىز-
نىڭ زەھەرگە قارىتا دىققەت - ئېتىبارىمىز تېخىمۇ بەكرەك قوز-
غىلىشى، كەلگۈسى تەقدىرىدىن، ئەۋلادلاردىن ئەنسىرەش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش يوللىرىنى ئىزدىشىمىز كېرەك.
زەھەر چەكلەشتە بۈگۈنكى كۈندە شاپىلاق كارغا كەلمەيدۇ. پولات-
تەك مۇشت بولۇشى كېرەك. مۇشت بىلەن ئۇرغاندىمۇ رەھىمسىز
بولۇش، ھەر بىر ئۇرۇشتا يىقىتىۋېتىش، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كې-
رەك. قانۇنلىرىمىزدا 50 گىرام زەھەر ئېلىپ يۈرگەن، ساتقان-
لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. ئەمما، بەزىدە 100
گىرامدىن ئارتۇق خىروئىننىڭ ئىگىلىرىمۇ ھايات قېلىۋاتىدۇ ھەت-
تا پۇل ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ زەھەر ئەتكەسچىلىرى
خاتىرجەم يۈرگەچكىلا چەككۈچىلەرنىڭ قولىدا خىروئىن بولىدۇ.
بۇ مەسىلىلەر جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلماقتا. بۇنىڭدا بىزدىن
ھېساب ئالىدىغىنى يەنىلا خەلق. بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلىش

كېرەك. مەن يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا يۆتكەلگىلى تېخى ئۇزاق بولمىدى، ئېچىنىشلىق رېئاللىق كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ھازىر شىنجاڭدا زەھەر چېكىۋاتقانلار ياكى زەھەرنىڭ كونتروللۇقىدا قالغانلارنىڭ شۇنداقلا زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، پاش قىلىنىۋاتقان پەۋقۇلئاددە چوڭ دېلولاردىن قارىغاندا بۇ سانلار ئانچە ئاز ئەمەس. زەربە بېرىش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلمىسا سانلار يەنە كۆپىيىۋېرىدۇ. بەزىدە زەھەر چەككۈچىلەر بىلەن چىرىكلىكنىڭ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقماسلىق كېرەك. بۇنداق ئىشلار تارىختا كۆپ بولغان. جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپتە زەھەر كىرگەندە چىرىك ئەمەلدارلار، چىرىك ساقچىلار پەيدا بولۇپ، پۇلنى ئېلىپ خەلقنى ئۇنتۇپ قالغان. ئاخىر زەھەر يامراپ «كېسەل كۆرپىسى» بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خەلقئارادىمۇ بۇنداق ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ. بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا زەھەرنىڭ كاساپىتى بىلەن بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى داۋالغۇپ قالغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. قىسقىسى، بىز زەھەر چەكلەشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان ۋاقتىمىزدا زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان ئەۋلادلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز، ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىشىمىز، ئۇلارغا ئىگە بولۇشىمىز، زەھەرنىڭ بىر پۈتۈن مىللەتنى ۋەيران قىلالايدىغانلىقىنى ھەتتا سىياسىينى، ئىقتىسادنى، مەدەنىيەتنى قالايمىقان قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا چۈشەندۈرۈشىمىز، يوشۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا بولىدىغان ئىش. ئوچۇق - ئاشكارىلىق بولغاندىلا تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى، خەلق ئالدىدا قىلىۋات-

قان ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشى. ئىش قىلىپ مەن ھەر قېتىم بىرەر ئورۇندا زەھەر كۆيدۈرۈلگەندە ئىچ - ئىچىمدىن ھاياجانلىنىپ كېتىمەن، خۇشال بولىمەن. چۈن-كى زەھەرنى كۆيدۈرمىسەك، ئۇ ئەۋلادلىرىمىزنىكۆيدۈرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلەش تارىخىنىڭ بېشىدا ئالىم بار. زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ قارا قولى شىنجاڭغا سوزۇلغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ زەھەرگە قارشى كۈرەش قاينىمىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى، بولۇپمۇ زەھەر ئازابىدىكى بىچارىلەرنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇش ئېڭى بىزگە جۇڭگونىڭ زەھەر چەكلەش تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانى لىن زېشۈينى ئەسلىتىدۇ. زەھەر چەكلەش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئاق، ئەنە شۇنداق جەسۇرانە روھ بولۇشى كېرەك. بۇ ئاق ۋە بۇ روھنى ئۇنىڭغا رېئاللىق ئاتا قىلغان، خەلقىنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ كۆز - يېشى، ئارزۇ - ئارمانلى-رى ئاتا قىلغان. زەھەرنىڭ ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىش كۈچىنى چۈشەنگەن، رېئاللىق ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىلا ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئىككىلەنمەي ئاتلىنالايدۇ، ئۆز ھەرىكىتى ئارقى-لىق ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكىتى خەلقنىڭ ئۇ-مىدى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. كەڭ كۆلەمدىكى جامائەت پىكرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالايدۇ.

بەزىلىرىمىزنىڭ بېشى بىر تىيىنگىمۇ يارىمايدۇ. ئالىم «خىڭتېر» ئاكا، 500 مىڭ يۈەنگە يارىغان بېشىڭىز مەڭگۈ ئامان بولسۇن...

# خاتىمە

مەرھۇم ئەخمەتجان مەتىمىن بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ مۇڭ-لۇق ناخشىلىرى ئارقىلىق مىليونلىغان دىللارنى لەرزىگە سالغان چولپان ئىدى؛ ئۇنىڭ گىتار چېلىش ماھارىتى قانچىلىغان ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى چوقۇندۇرغان. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن، ئۇنىڭ تىل-نىقلىرىدىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ناخشا چىقاتتى، سەنئەت چىقاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، سەنئەت سۆيەر خەلققە ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ناخشىلىرىنى، ناخشىغا يۇغۇرۇلغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۆز قەبرىسىگە مەڭگۈلۈك ئېلىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەرنى تاپتى. بەزىلەر: «ئۇنى دورا زەھەرلەپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ھاراق زەھەرلەپ-تۇ» دېدى؛ بەزىلەر: «ئۇنى كۆرەلمەسلەر قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋې-تىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «دوختۇرلارنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئۆ-لۈپتۇ» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاساسى يوق. بىزنىڭ ئۇ چولپانىمىزنى خىروئېندىن ئىبارەت ئالۋاستى ھالاك قىلدى! ئۇنىڭ زەھەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشى، شۇ چاغلاردىلا بىزگە زەھەردىن ئاگاھ بولۇش، ئەۋلادلارنى قۇتقۇ-زۇش سىگنالى بەرگەنىدى. لېكىن، بىز بۇ ئىشلارغا پىسەنت قىلماي ئۆز دېمىمىزنى چىلىۋەردۇق، قېنى كىم بۇ بوشاڭلىقنى

ئىقرار قىلماي تۇرالايدۇ؟ ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتتى. زەھەر
بىزنىڭ تالاي - تالاي ئەخمەتجانلىرىمىزنى يەپ كەتتى. بۈگۈنكى
كۈندە زەھەر مەسىلىسى يەنە خەلقىمىزنى قان يىغلىتىدىغان دەرى-
جىگە يەتتى. ئوغۇل - قىزلىرى بار ھەرقانداق ئاتا - ئانا كۈنلىرى-
نى دەككى- دۈككىدە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. زەھەر ھەتتا ئالىي مەكتەپ-
لىرىمىزگە، ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزگە كىرىپ، كەلگۈسىنىڭ
خوجايىنلىرى بولماقچى بولغانلارنى تالاشماقتا. زەھەرگە ئالاقىدار
دېلولارغا چېتىلىپ مەكتەپ قويىنىدىن ئايرىلىۋاتقان، زەھەر چې-
كىپ تۇتۇلۇپ تۈرمىلەردە ياتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى
بىزگە ناھايىتى ئېنىق. بۇ رېئاللىقلارغا بىز ھەرگىزمۇ كۆز
يۇمالمايمىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى غايەت زور ماد-
دىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، نۇرغۇنلىغان مەخسۇس
ئورگان تەسىس قىلىپ زەھەر چەكلەۋاتقان، خەلقنىڭ، ئەۋلادلار-
نىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورۇنلىرىنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، زەھەر ساتىدىغانلار ۋە زەھەر ئېلىپ
چىگرىدىن كىرىدىغانلارنىڭ، زەھەر چېكىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى
كۆپىيىشى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. دۆلەتنىڭ زەھەر چەكلەشكە
ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرى نېمە ئۈچۈن قىسمەن ئادەملىرىمىز-
نىڭ (ئەشۇ قىسمەن ئادەملەر ئەڭ كۆپ ساندىكى ئادەملەرنى
بۇلغىماقتا) خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ؟ زەھەرسىزلەندۈرۈش
ئورۇنلىرى ۋە بەزى تۈرمىلەرگە ئېلىپ بېرىلغانلار يەنە نېمە
ئۈچۈن شۇ جايلاردىمۇ زەھەر چېكىش، سېتىش ئىمكانىيىتىدىن
بەھرىمەن بولۇپ قالىدۇ؟ مەن تەكشۈرگەن ئەھۋاللاردىن قارىغان-

ـدا، قانچىلىغان زەھەر چەككۈچىلەر (زەھەر تاشلىغانلارمۇ شۇ-نىڭ ئىچىدە)، زەھەر چېكىپ تۇرمىلەرگە، ئەمگەك بىلەن ئۆز-گەرتىش ئورۇنلىرىغا، مەجبۇري زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورۇنلىـ-رىغا بىر نەچچە قېتىم بارغان، بىر نەچچە ئاي ھەتتا بىر نەچچە يىل يېتىپ قايتىپ چىققانلار ھەمدە زەھەر چەككەن پەرزەنتلىرى-نى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز چېپىپ يۈرگەن، «تەك-شۈرۈش» ئېلىپ بارغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى زەھەر چەك-لىگۈچى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ھېلىقى «قىسمەن» لەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىۋالغان «كۆز - قۇلاق»، «ئىشلىگۈچى» (ئۇلار زەھەر ساتىدۇ ياكى چېكىدۇ) لەر ئارقىلىق چىرىكلىشىپ قالغان-لىقىدىن ئېچىنىدىكەن ھەمدە ئۇلار توغرىسىدىكى نورغۇن ئەمە-لىي ئەھۋاللارنى ئوبدان بىلىدىكەن. بۇلارنىڭ راست ياكى يالغان-لىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلى. بۇنى رېئاللىق ئىسپاتلى-سۇن. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ھازىر بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى، بېشىمىزنى سىلكىۋېتىپ، سەزگۈرلۈك ۋە پۈ-تۈن كۈچ بىلەن زەھەر چەكلەش، ئادەم قۇتۇلدۇرۇش ھەمدە بۇ چاققىچە زەھەر چەكلەشتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەم-لەشتىن ئىبارەت. دەرد تۆكۈش بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شىنجاڭدا زەھەر تاشلىغۇچىلارنىڭ قايتا چېكىش نىسبىتى %95 كە يېتىدىكەن. قالغان %15 ئادەم نېمە بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بەزىلىرى ئۆلىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئاللىقانداق جايلارغا بېرىپ داۋاملىق زەھەر چېكىدۇ. شۇڭا بۇ نىسبەت يۇقىرى بولسا

بولىدۇكى ھەرگىزىم تۆۋەن ئەمەس.

زەھەر چەككۈچىلەر تۆلىگەن بەدەل ئادەمنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. چېكىشىپ — تۇتنۇلۇش — جەرىمانە تۆلىسە چىقىرىۋېتىلىش — يەنە چېكىش — يەنە تۇتنۇلۇش — جەرىمانە تۆلەپ يەنە چىقىش — يەنە چېكىش ... بۇنداق ئېچىنىشلىق ئايلىنىش بىلەن زەھەر چەكلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ؛ بىر ئائىلىدە تۆت، بەش ئادەم چېكىش، ئەر - ئايال چېكىش، ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەر بىللە چېكىش، بىر قورۇدا ئون - يىگىرمە بالا توپلىشىپ زەھەر چېكىش — بىزنىڭ بۇ ماكانىمىزدىكى زەھەر ۋەزىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ ھال بىزنى نەگە ئېلىپ بارار؟ بۇ يىلنىڭ بېشىدا گۇاڭدۇڭ ۋە خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە، مەجبۇرىي زەھەر سىزلەندۈرۈش ئورۇنلىرىدىكى ئاغىنىلەردىن «ھال - كۈنۈڭلار قانداقراق» دەپ سورىسام، خېجىل بولۇشماي: «زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ يۈلىشى بىلەن خېلى ئوبدان كېتىپ بارىمىز، ئۇلار بىزنى بېقىۋاتىدۇ» دېيىشتى. ناۋادا، بۇ خىل تېتىقسىزلىق بىزدە بولۇپ قالىدىغان بولسا ئېشىمىز چاتاق. ئۇنداق بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

«كۆز تەگكەن ماكان» نى يېزىۋېتىپ ھەمدە زەھەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنى ھەتتا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ قانچە قېتىملاپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. زەھەر ھەققىدە خەلققە دەيدىغان، چۈشەندۈرىدىغان گەپلەر، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپكەن. يېزىشقا توغرا كەلسە يەنە ئون كىتابقىمۇ پاتمىغۇدەك ئېچىنىشلىق

ۋەقەلەر باركەن. هازىرچە مۇشۇنچىلىك يازدىم. يامان يېرى شۇكى، ئالاقىدار ئورۇنلارغا تولا قاتراپ، بەزى كىشىلەرگە كۆپ يالۋۇرۇپ، سەممىسي ئۆتۈنۈپ باققان بولسامۇ، «مەخپىيەتلىك-نى ساقلاش نۇقتىسىدىن ئېچكى ـ تاشقى دوست ـ دۇشمەنلەرگە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقى» سەۋەبىدىن، شىنجاڭدا زەھەرنىڭ كونتروللىقىدا قالغانلارنىڭ ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سان بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمىدىم. شۇڭا ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن. سان دېگەن رېئاللىقتا بار، ھەممىمىزنىڭ كۆزى، مېڭىسى بولغاندىكىن ھېسابلاپ كۆرەر-مىز.

زەھەر مەسىلىسى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. ئۇ يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلسا، ئاخىر بېرىپ ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي مەسىلە-نى ھەتتا سىياسىي مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چەت ئەل-لەردىكى بەزى ئەمەلىي مىساللار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتى-دۇ؛ زەھەر مەسىلىسىگە ئىككىلىنىش، قاراپ بېقىش ۋە بوشاڭ-لىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىزگە كېرەك بولغىنى ئۇنى يوقىتىش. سەن ئۇنى يوقاتمىساڭ، ئۇ سېنى يوقىتىدۇ. پۇلى بار، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى بار ياۋروپالىقلارنىڭ: «زەھەر ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ» دېگەنلىرىنى بىزمۇ ئويلى-نىپ باقىدىغان چاغ كەلدى.

«كۆز تەگكەن ماكان» نى يېزىشتا بىرلا مەقسەت بار. ئۇ بولسىمۇ، خەلقنى زەھەردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەشتىن ئىبا-رەت. خەلققە ھاياتنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتە، ئۇلارغا

ھاياتىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئۈمىدۋار بولۇشنى ئۆگىتىشتە ئۆزد-نى ئىدراكلىق ئادەم، خەلقنىڭ يېتەكچىلىرى ساناپ يۈرگۈچە-لەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار. رېئاللىقنى يوشۇرۇش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ھەتتا رېئاللىقنى ئىنكار قىلىشلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈندە مودىدىن قالدى.

بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، زەھەرنى رەت قىلىش بىر خىل ھوقۇق. ئۇ خۇددى ياشاش ھوقۇقىغا ئوخشاشلا مۇھىم. ئەگەر سەن رەت قىلىشنى بىلمىسەڭ، ھايات مۇساپەڭ ئۈزۈلۈپ قالى-دۇ. ئەگەر سەن سەۋرى - تاقەتنى نەزەرگە ئېلىپ، زەھەرنى دەل ۋاقتىدا رەت قىلالمىساڭ، سەۋرى - تاقىتىڭ توشقاندا ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، كېچىككەن بولىسەن. ئۇ چاغدا ساڭا پەقەت ھەسرەت ۋە مالامەتلا قالىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1 . ۋاڭ شۇاڭلىن: «ئادەم ئاپىتى» (1 -، 2 - قىسىم) (خەنزۇچە) جۇڭگو مىللەتلەر فوتو سۈرەت نەشرىياتى (1998-يىل) .

2 . ۋاڭ خەن: «ئاق تېرور» (خەنزۇچە) جۇڭگو جەمئىيەت نەشرىياتى (1998 - يىل) .

3 . «جۇڭگو زەھەر چەكلەش تارىخى» (خەنزۇچە) (1998-يىل) .

4 . ۋاڭ ۋېنجى: «يامانلىق مەنبەسى — زەھەر» (خەنزۇ-

چە) شاڭخەي پەن - تېخنىكا نەشرىياتى (1996 - يىل).
5. گاۋ شۇفا: «زەھەر ئاپىتى بەك يامان» (خەنزۇچە) شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى (1998 - يىل).
6. چيۇ چۇاڭجياۋ: «زەھەر جىنايىتىنى جازالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش دەستۇرى» (خەنزۇچە) جۇڭگو قانۇنچىلىق نەشرىياتى (1998 - يىلى).
7. جىڭ ۋېي: «بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھاقارەتلىك تارىخىنى قانداقمۇ ئۇنتىيالايمىز» (خەنزۇچە) جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە نەشرىياتى (1997 - يىل).
8. ۋۇزۇنيۇ: «ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنى تىزگىنلەش» (خەنزۇچە) ئىلىم- پەن نەشرىياتى (1999-يىل).
9. شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مۇداپىئە پونكىتى تەمىنلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
جاۋ گېنشېڭ
سۈرەتلەرنى تارتقۇچىلار: دىلشات غوجەخمەت
يۇنۇس سادىق، ياڭ يي

بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار
ئەركىن روزى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 11
1999 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—05443—1/D • 611
باھاسى: 16.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

留一片净土给后人/艾尔肯·肉孜著。—乌鲁木齐;新疆人民出版社,1999.10

ISBN 7—228—05443—1

Ⅰ.留… Ⅱ.艾… Ⅲ.①生态环境—环境保护—研究—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言)②禁毒—研究—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①X171 ②D669.9

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第64223号

留一片净土给后人(维吾尔文)

艾尔肯·肉孜著

---

新疆人民出社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号邮政编码830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐福利印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 8.375印张 插页11

1999年11月第1版 1999年11月第1次印刷

印数:1—3000

---

ISBN7—228—05443—1/D.611 定价:16.00元